# قاراقاش تارىخ ماتېرىياللىرى

(1 - توپلام)

سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قاراقاش ناھىيە-
لىك كومىتېتى تارىخى ماتېرىياللىرى تەھرىر ھەيئىتى

# قاراقاش تارىخ ماتېرىياللىرى

(1 - توپلام)

سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى قارا قاش ناھىيە
لىك كومىتېتى تارىخىي ماتېرىياللىرى تەھرىر ھەيئىتى
تۈزدى

# تەھرىر ھەيئەتلىرىنىڭ ئىسىملىكى

باش مۇھەررىر: ئابدۇكېرىم تۇردى

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: تالىپ قاسىم
ئابابەكرى جۇمە
ئابدۇۋېلى ھېلىمقۇل

مەسئۇل مۇھەررىرلەر: مەلىكەم مۇھەممەد
جاپپار رەھىمى

مۇھەررىرلەر: مەتىمىن قۇربان
مەتنىياز تۇرسۇن
مەۋلانىياز خان ھاجى
مەخمۇت سېيىت
لىيۇ تيەنيۇ
مەتىمىن ھاشىم




从《文史资料》中
吸取继续前进的力量
华国锋
一九七五年四月

تەرجىمىسى:

تارىخي
ماتېرىيال-
لاردىن قۇ-
ۋۋەت ئېلىپ
داۋاملىق
ئالغا ئىلگى-
رىلەيلى!

ناھىيىلىك پارتكوم سېكرىتارى خۇاڭگوسۇي




تارىخنى تەتقىق قىلىش، ئىش سىياسىتى بىلەن
يېتەكلىنىپ، خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ
رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ناھىيەمىزنىڭ
ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى يۈكسەلدۈرەيلى!

ئابدۇللا يۇنۇس

١٩٩٥. ٤. ١٢

ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت مۇدىرى



قاراقاش ناھىيىسى -

ئەدىبلىرى داۋاملىق قىزىپ بۇيە

ئازىرقى تەرەققىياتىدىكى مەشھۇرلە

ھەر ئەسەرنى . مارداندۇر ئەسەرنى

قوروللىرىمىز ئۈچۈن ھۆرمەت

ئاقىلانە داڭلىق

سىزنى ھەممىسىدىن

1985-4-21

ناھيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى



ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەسىرلەردىن

بېرى قالدۇرۇپ كەتكەن ماتېرىياللىرىنى

توپلاپ، ئەۋلادلارغا [illegible]

قالدۇرايلى!

ئابدۇرېھىم تۇردى

1995.4.17

سىياسىي كېڭەش قاراقاش ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى

# بىر قىسىم تۆھپىكار پېشقەدەملەر



پازىل تۇرسۇن




مەتشېرىپ قاسىم




بارى تۇردى



جاۋزۇڭفاڭ




تارىخي ماتېرىياللار تەھرىر ھەيئەتلىرى مۇزاكىرە ئۈستىدە





ئاھىمىلىك يېتىم بالىلار پاراۋانلىق مەكتىپى





ئاھمیلمك 1- ئوت-
تۇرا مەكتەپنىڭ
ھازىرقى ۋە بۇ-
رۇنقى ئوقۇتۇش
بىنالىرى





قاراقاش جامە-
سىنىڭ ئىچكى-تاش-
قى كۆرۈنۈشى

# كىرىش سۆز

قارا قاش ناھىيىسى — قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شىمالىي تەرىپى پەس، جەنۇبىي تەرىپى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ — غولتاۋات، دۇۋا قاتارلىق تارماقلىرى ھاسىل قىلغان ئېگىزلىك. ئوتتۇرا قىسمى يەلپۈگۈچسىمان تۈزلەڭلىك بولۇپ بىپايان بوستانلىق، ئېگىزلىكلەر گويا قاناتىنى كېرىۋالغان رەڭدار تۇزدەك چەكسىز قۇملۇقلارغىچە يېيىلىپ تۇرىدۇ. شەرقتە قارا قاش دەرياسى ئارقىلىق خوتەن ناھىيىسىگە، غەربتە قۇملۇقلار ئارقىلىق گۇما ناھىيىسىگە چېگرىلىنىدۇ. شىمالدا تەكلىماكان قۇملۇقلىرى ئارقىلىق ئاۋات ناھىيىسىگە تۇتىشىدۇ.

قارا قاش ئۆز تارىخىدا بېشىدىن نۇرغۇن سەرگۈزەشتىلەرنى ئۇرۇش - غەلىيانلارنى، ئۇنتۇلماس ۋەقەلەرنى ئۆتكۈزگەن، نۇرغۇن تىبابەت ئالىملىرىنى، ئاسترونوملارنى، ئەدىبلەرنى، مەشھۇر خەتتاتلارنى، شائىر، سەنئەتكارلارنى — پۈتۈن مەملىكەت ۋە دۇنيادا داڭق چىقارغان مۇقامچى، دارۋاز، مەشقاۋۇللارنى يېتىشتۈرگەن. ئەنە شۇنداق مەشھۇر ۋەقەلەر، مەشھۇر شەخسلەرنى خەلق داستانلىرىغا ئايلاندۇرۇپ

ىكىن. كىتابخانىلارنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى سورايمىز شۇنـ
داقلا بۇ توپلامنى تۈزۈشتە بىزنى قىممەتلىك ماتېرىيـ
ياللار بىلەن تەمىنلىگەن ۋە ھەر جەھەتتىن قوللاپ
ماددىي جەھەتتىن ياردەم قىلغان ناھىيىلىك يېزا
ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش ئىشخانىسى، سۇ ئۆز-
گەرتىش ئىشخانىسى، سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى، ناھىيىلىك
كوپېراتىپ، ئېلېكتر شىركىتى، خەلق دوختۇرخانىسى،
دېھقانچىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش مەركىزى، يەر باشقۇ-
رۇش ئىدارىسى، چارۋىچىلىق ئىدارىسى، شەھەر قۇرۇ-
لۇش ئىدارىسى، يەككە - ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتى، خەلق
ئىشلار ئىدارىسى، مائارىپ ئىدارىسى، خەلق ھۆكۈ-
مىتى ئىشخانىسى، ئۆرچى يېزىسى، پۇچاقچى يېزىسى،
مەھەللەي يېزىسى، قوچى يېزىسى، قارا قاش بازىرى،
ياۋا يېزىسى، كۆيىا يېزىسى، قاراسايى يېزىسى قاتار-
لىق 22 ئورۇننىڭ رەھبەرلىرىگە ئالىي ئېھتىرام بىلەن
تەشەككۈر ئېيتىش بىلەن بىرگە، بۇ كىتابىمىزنىڭ كې-
يىنكى قىسىملىرىنىڭ تېخىمۇ ياخشى چىقىشى ئۈچۈن،
قارا قاش تارىخىغا ئائىت كۆمۈلۈپ ياتقان مول
تارىخى ۋەقەلەرنى، مەشھۇر تارىخى شەخسلەرنى، ئىزى
ئۆچكەن مەشھۇر جاي ۋە ئابىدىلەرنى جۈملىدىن ئازاد-
لىقتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى تارىخلارنى بىلىدىغانلار-
نىڭ بىزنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مول ماتېرىيال-
لار بىلەن تەمىن ئېتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

قارا قاش تارىخىنى قېزىپ، توپلاپ ئۇنى ئەۋ-
لادلار ئۈچۈن مىراس قالدۇرايلى!

**تەھرىر ھەيئىتى**

ئاۋام ئىچىدە كەڭ تارقاتقان. قارا قاش ئۆز خەلقى-نىڭ نەچچە مىڭ يىللىق جەڭگىۋار تارىخقا، ئۆز مەۋ-جۇد بىيىتىگە شاھىد لىق قىلىدىغان مازارتاغ قەدىمى-قەلئەسى، بەلقۇم خارابىسى، شاخىلىق فېئودا للىق قوراسى، 800 يىللىق تارىخقا ئىگە غايەت زور چىنار دەرىخى قاتارلىق تارىخ ئابىدىلىرىنى ئۆز قوينىدا ساقلاپ بىزنىڭ ئەۋلادلار ئۈچۈن تارىخ قالدۇرۇشى-مىزغا ئۈنسىز ئىشارەت بېرىپ كەلدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشتىكى ئاسا-سلىق رەھبەرلەر ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ تارىخ ماتېرى-ياللىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشىر قىلدۇرۇش خىز-مىتىنى ياخشى ئىشلەشنى كۆپ قېتىم تەكىتلىدى. تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمىتى ئاپتونوم رايونىمىزدا 15 يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى.

قېرىنداش ناھىيىلەر بۇ خىزمەتنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ خىلمۇ - خىل تارىخ ماتېرىياللىرىنى نەشىر قىلدۇرۇپ، تارقىتىش ئارقىلىق زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئەپسۇسكى بىز بۇ خىزمەتكە بەكمۇ كېچىكىپ قەدەم قويدۇق. شۇڭدا قىتىمۇ ناھىيە-نىڭ سىياسىي كېڭەشتىكى ئاساسلىق مەسئۇل رەھبەر-لەر ۋە ھەر ساھە زاتلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، بىۋاسىتە قول سېلىپ ئىشلىشى، مەدەت بېرىشى ئارقىلىق «قارا قاش تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ تۇنجى توپلىمىنى نەشىر قىلدۇردۇق. بۇ بىزنىڭ تۇنجى باسقان قەدىمى-مىز بولغانلىقتىن، نۇرغۇن سەۋەنلىكلەر بولۇشى مۇم-

## مۇندەرىجە


قارا قاش ناھىيەسىنىڭ ئۇمۇمى ئەھۋالى ...... 1

قارا قاش ناھىيەسىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ۋە
كېيىنكى مەمۇرىي رايون ئۆزگىرىشلىرى ... 8
.................. مەتتىمىن قۇربان

مازار تاغ قەدىمى قەلئەسى ...... جاپپار رەھىمى 17

كۆك غوجىلار ............ مەۋلانىنىيازخان ھاجى 22

ئېگىز ئېرىق غوجىلار ......................
......... جاپپار رەھىمى. ماخمۇت سىيىت 31

شاخلىق فېئوداللىق قوروسى توغرىسىدا ........
..................... جاپپار رەھىمى 53

ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىش-
لىرى ........ ئا. ئابدۇللا، ئە. مەخسۇت 56

ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھە-
سىدىكى مەشھۇر كىشىلەر ................ 60

ئازادلىقتىن بۇرۇنقى يېڭى مائارىپ ئىشلىرى ......
............. ئا. ئابدۇللا، ئە. مەخسۇت 102

ئازادلىقتىن كېيىنكى مائارىپ تەرەققىياتى توغ-
رىسىدا .............. ھىمىت قاسىم 110

قارا قاش ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ

# قارا قاش ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

قارا قاش — شىنجاڭنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان يېزا ئىگىلىك ناھىيىسى بولۇپ، پىلە - ئۈجمىچىلىكى 1700 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. ئۇ ئاپتونوم رايونى بويىچە نۇقتىلىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش ناھىيىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ تارىختا پاختىچىلىقتا ئاپتونوم رايونى بويىچە 5 - ئورۇندا، خوتەن ۋىلايىتى بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ناھىيىدىن يەنە مېۋە - چېۋە كۆپ چىققانلىقتىن مېۋە - چېۋە ماكانى دېگەن نامىمۇ بار.

پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 23 مىڭ 98·5 كۋادرات كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 112·5 — 45 كىلومېتىر. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 319·5 كىلومېتىر. ناھىيە بازىرىدىن قارا قاش دەرياسىغا قەدەر بولغان ئارىلىق 3 كىلومېتىر. خوتەن شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 22.3 كىلومېتىر. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1961 كىلومېتىر.

تەرەققىياتى توغرىسىدا ...... ھېمىت قاسىم 116
قارا قاش ناھىيىلىك ئۆسمۈرلەر پاراۋانلىق
مەركىزىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا
........................ ھېمىت قاسىم 123
سەھنىيە ئىشلىرى ............ مەھەممەت پولات 134
ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تەرەققى-
ياتى ......................... لىۋتېيەنيۇ 137
ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ......................... 152
ناھىيىمىز سۇ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى توغرى-
سىدا ................ ئابدۇكېرىم تۇردى 167
ناھىيىمىزنىڭ يول قۇرۇلۇشى توغرىسىدا ......
........................ ج. رەھىمى 179
قاراقاش ھېيتگاھ جامەسى ......................
.......... توختىمەھەممەت نۇرمەھەممەت 182
شاخلىق مەسچىتى ................ ج. رەھىمى 192
كونا بەھرام سۇيى ئۆستىڭىدىكى «گۈللۈك
كۆۋرۈك» توغرىسىدا ........ ج. رەھىمى 194
كاۋاك ۋە ئۇرچى يېزىلىرىنىڭ يەر ناملىرى
توغرىسىدا ............. مەتمىن قۇربان 306
چىنار ھەققىدە رىۋايەت ............ م. قۇربان 250
قارا قاش ناھىيىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىنكى
ھاكىملار ................................ 255

دېڭىز يۈزىدىن 1290 مېتردىن 1400 مېتر گىچە ئېگىز.
شىمالىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ مەركىزىگىچە
سوزۇلغان بولۇپ كۆچمە قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ. قاراقاش
دەرياسى يۇرۇڭقاش دەرياسىغا قوشۇلۇپ تارىم
دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. قاراقاش دەرياسى بويىدا
زور مىقداردا توغراق ۋە يۇلغۇنلار بار. قالغان
جايلىرى پايانسىز قۇم بارخانلىرىدىن ئىبارەت.
مەزكۇر بەلباغ يېڭى كونا ئۆزلەشتۈرۈلگەن رايون-
دىن ئىبارەت بولۇپ كاۋاك، ئۇرچى، ياۋا، قاراساي
قاتارلىق يېزىلارنى ۋە قوچى يېزىسىنىڭ بىر قىسمىنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پۈتۈن ناھىيىنىڭ تۇپرىقىنى توققۇز تۇپراق
تۈرىگە ئايرىش مۇمكىن.

1 - لايلاتما تۇپراق: بۇنىڭ كۆلىمى 607478
مو، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 62.4% نى تەشكىل
قىلىدۇ. ئاساسلىقى ئاقساراي، زاۋا، توخولا، كۇيا،
پۇچاقچى، تىۋەت، يېڭىيەر، ياۋا، قاراساي يېزىلىرى
ۋە قاراقاش بازىرى مۇشۇ قىسىمغا جايلاشقان.

2 - نەم تۇپراق: بۇنىڭ كۆلىمى 22 مىڭ 68 مو
بولۇپ تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 2.27% نى تەشكىل
قىلىدۇ. ئاساسلىقى جاھانباغ يېزىسى، قاراقاش بازى-

قارا قاش ناھىيىسىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئۇدۇن (خوتەن) دۆلىتىگە قارىغان. ئۇ قەدىمقى «يىپەك يولى» نىڭ جەنۇبى قارىمىقىدىكى بىر ئۆتەڭ ئىدى. چىڭ سۇلالىسى پىيەنلۇڭنىڭ 27 - يىلى (1762 - يىلى) قەشقەرگە مەسلىھەتچى ئامبال قويۇپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 8 شەھەرنى ئىدارە قىلغانىدا قارا قاش 8 شەھەرنىڭ بىرى بولغان. 1919 - يىلى قاراقاشتا ناھىيە تەسىس قىلىنىپ قەشقەر دوتەي مەھكىمىسىگە تەۋە بولغان. 1920 - يىلى خوتەن دوتەي مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن خوتەن دوتەي مەھكىمىسىگە تەۋە بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن خوتەن ۋالىي مەھكىمىسى باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلمەكتە.

قاراقاش ناھىيىسىدە ھازىر 15 يېزا بىر بازار بار بولۇپ، بۇ 361 مەمۇرى كەنت، 1642 مەھەللىگە ئايرىلغان. بىر بازار قاراقاش بازىرى، 15 يېزا-توخۇلا، جاھانباغ، ئاقساراي، سايباغ، زاۋا، كۇيا، ئۇرچى، ياۋا، قاراساي، مەكلەي، پۇرچاقچى، قوچى، تىمۇت، يېڭىيەر، كاۋاك يېزىلىرىدىن ئىبارەت.

ناھىيە بويىچە 365397 نوپۇس بار. ئۇيغۇرلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 98.19% نى ئىگىلەيدۇ.

قاراقاش ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى تاغلىق رايون بولۇپ دېڭىز يۈزىدىن 1400 مېتىردىن 3600 مېتىرگىچە ئېگىز. ئوتتۇرا قىسمى تۈزلەڭلىك بولۇپ

7 ــ قۇم تۇپراق: بۇنىڭ كۆلىمى 28 مىڭ 497 مو بولۇپ قوچى يېزىسىدا.

8 ــ شور تۇپراق: قاراقاش ناھىيىسىدىكى شورلۇق يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى تەبىئىي شورلۇق يەرلەردىن ئىبارەت بولۇپ كۆلىمى 16 مىڭ 392 مو، زاۋا يېزىسىدا.

9 ــ ساسلىق تۇپراق: بۇنىڭ كۆلىمى 2192 مو بولۇپ قاراقاش بازىرى بىلەن تىۋەت يېزىسىدا.

قاراقاش ناھىيىسى مۆتىدىل بەلباغنىڭ قۇرغاق ئىقلىمىغا كىرىدۇ. تۆت پەسلى روشەن، يامغۇر ئىنتايىن ئاز، كۈن نۇرى تولۇق، قىراۋسىز مەزگىلى 177 كۈن، كېچە ــ كۈندۈز ئوتتۇرىسىدىكى تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ. ئەتىياز، ياز پەسلىدە بوران كۆپ چىقىدۇ. كۆپرەك غەربىي شىمال شامىلى، غەرب شامىلى چىقىدۇ. جەنۇب قىسمى تاغلىق رايون بولۇپ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 9.5°C ئەتراپىدا، يۇقىرى تېمپېراتۇرا 35.6°C، تۆۋەن تېمپېراتۇرا 21°C — بولۇپ ناھىيىنىڭ ئاساسلىق چارۋىچىلىق رايونىدۇر. ئوتتۇرا قىسمى تۈزلەڭلىك رايون. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.6°C. يۇقىرى تېمپېراتۇرا 42.7°C تۆۋەن تېمپېراتۇرا 23.7°C— بولۇپ قاراقاش دەرياسىنىڭ غەربى قىسمى ناھىيىنىڭ ئاساسلىق دېھقانچىلىق رايونى. شىمالىي قىسمى قۇملۇق رايون. يۇقىرى تېمپېراتۇرا 39.9°C. تۆۋەن

ۋىنىڭ دەريا بويلىرى ۋە سۇ ئامبىرى ئەتراپىدىكى يەرلەر.

3 ـ شاللىق تۇپراق: بۇنىڭ كۆلىمى 44 مىڭ 122 مو بولۇپ تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 4.53% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئاساسلىقى جاھانباغ يېزىسى، قارا قاش بازىرىنىڭ دەريا بويلىرى.

4 ـ لايلاتما قۇم تۇپراق: بۇنىڭ كۆلىمى 32 مىڭ 88 مو بولۇپ تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 3.3% نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ جايلار يېقىنقى مەزگىلدە ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىنغان يەرلەر بولۇپ ئاساسلىقى ياۋا، قارا ساي، ئۈرچى قاتارلىق يېزىلاردا.

5 ـ قوڭۇر قۇم تۇپراق: بۇنىڭ كۆلىمى 341 مىڭ 701 مو بولۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 25.4 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاساسلىقى 47 ـ تۇۋەن مەيدانىنىڭ 3 ـ لىيەنى ۋە يېڭىيەر، قارا ساي، ئۈرچى، زاۋا، سايباغ قاتارلىق يېزىلاردا.

6 ـ چىم تۇپراق: بۇنىڭ كۆلىمى 173 مىڭ 456 مو بولۇپ، قارا ساي، ياۋا، كاۋاك، جاھانباغ يېزىلىرىدا.

پىچەك، تاشگۆل، گۆلچىمەن قاتارلىقلار بار.
ناھىيىمىزدە تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، پىششىق-
لاپ ئىشلەش، ماشىنىلاشقان ترانسپورت بىر قەدەر
تەرەققىي تاپقان.
ئازادلىقتىن بۇرۇن ناھىيىمىزنىڭ زامانىۋى
سانائەت ئاساسى يوق ئىدى. سوتسىيالىستىك قۇرۇ-
لۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، زامانىۋى سانائەت
يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، ئازلىقتىن كۆپىيىپ
تەرەققىي قىلدى. ھازىر ناھىيىمىزدە ئاشلىق، ياغ
پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلى-
رىنى رېمونت قىلىش ياساش زاۋۇتى، پاختا زاۋۇتى،
ئېلېكتر ئىستانسىسى، يىپەكچىلىك زاۋۇتى، باسما
زاۋۇتى، گىلەم كارخانىسى، بىناكارلىق شىركىتى،
ۋودوپرووود شىركىتى، ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش
شىركىتى قاتارلىقلار بار.
ئۇنىڭدىن باشقا ناھىيىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى يەر-
لىك مەھسۇلاتلىرىدىن تاغار، خۇرجۇن، ماتا، گىلەم،
كىگىز، پىيما، دوپپا، ئاياق - قوشۇق، تاختا گۆگۈت،
چىلاپچا، چۆگۈن، ئاپتۇۋا قاتارلىقلارمۇ خېلى تەرەق-
قىي قىلغان.

تېمپېراتۇرا 25.7°C. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل يېغىن مىقدارى 35.2 مىللىمېتىر.

ناھىيىمىزدە ھايۋانلاردىن: كالا، ئات، ئېشەك، قېچىر، قوي، ياۋا توشقان، تۈلكە، قىرغاۋۇل، ئۇلا، سۇغۇر، سوپسوپىياك، قوتاز، تۆگە، ياۋا توڭگۇز قاتارلىقلار بار.

ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن: شال، بۇغداي، ئارپا، لوۋيا، ماش، دادۇر، پۇرچاق، قوناق، زاغۇن، خۇاسىك قاتارلىقلار؛

مېۋە - چېۋىلەردىن: ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالۇچا، نەشپۈت، ئالما، ئەنجۈر، ئانار، گىلاس، ياڭاق، ئۈزۈم، بېھى، قوغۇن، تاۋۇز، قارا ئۆرۈك، ئەينۇلا بەرگى، ئالىگرات ئامۇت قاتارلىقلار؛

كۆكتاتلاردىن: كۈدە، سۇكپىياز، تۇرۇپ، سەۋزە، پالەك، يىسىۋىلەك، كەرەپشە، ئۇسۇك، پىدىگەن، قىزىلمۇچ، چامغۇر، سەي پۇرچاق، چەلەكسەي، كاللەك سەي، ياڭيۇ، پەمدۇر، كاۋا، تەرخەمەك قاتارلىقلار؛

دەل - دەرەخلەردىن: قاپاق تېرەك، ئاق تېرەك، شالغۇت تېرەك، سۆگەت، ئاكاتسىيە، موم دەرىخى، جىگدە، توغراق، قارا ياغاچ، چۈلۈك دەرىخى، چىنار دەرىخى قاتارلىقلار؛

مەنزىرە ئۆسۈملۈكلىرىدىن: پودۇكارپۇس دەرىخى، ۋىنجۇ بامبۇكى، سۆگەت گۈل، مودەن، چوغلۇق، چايگۈل، كاككۇك گۈلى، قىزىلگۈل، ئەتىر گۈل، كاكتۇس، ئاسما گۈل، خىنىگۈل، تاجىگۈل، ھەشقە-

6. قاراساي مەڭلىكى (هازىرقى قاراساي، ياۋا يېزىلىرى).

1920 - يىلى خوتەن دوتەي مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن قاراقاش خوتەننىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. ئەسلىدىكى ئالتە مەڭلىك كۆپىيىپ 12 مەڭلىككە يەتتى.

1. يۇقىرى بەھرامسۇيى مەڭلىكى (هازىرقى ئاقساراي يېزىسى)؛ 2. تۆۋەن بەھرامسۇيى مەڭلىكى (تىمۇەن يېزىسى)؛ 3. بۇخۋا مەڭلىكى (يېڭىيەر يېزىسى)؛ 4. يۇقىرى قاياش مەڭلىكى (قاراقاش بازىرىنىڭ كۆپ قىسمى، پۇچاقچى تۇخۇلار يېزىلىرىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى)؛ 5. تۆۋەن قاياش مەڭلىكى (قاراقاش بازىرىنىڭ ۋە پۇچاقچى يېزىسىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى)؛ 6. يۇقىرى ماكۇي مەڭلىكى (تۇخۇلا يېزىسىنىڭ، قاراقاش بازىرىنىڭ ئاز بىر قىسىم جايلىرى، پۇچاقچى يېزىسىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى)؛ 7. تۆۋەن ماكۇي مەڭلىكى (قوچى يېزىسى، پۇچاقچى يېزىسىنىڭ ئاز بىر قىسمى)؛ 8. يۇقىرى كۇيا مەڭلىكى (قاراساي، كۇيا يېزىسىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى)؛ 9. تۆۋەن كۇيا مەڭلىكى (كۇيا يېزىسىنىڭ كۆپ قىسمى)؛ 10. قاراساي مەڭلىكى؛ 11. ياۋا مەڭلىكى؛ 12. زاۋا مەڭلىكى (زاۋا، سايباغ يېزىلىرى).

1937 - يىلى ماخۇسەن قوغلىۋېتىلگەندىن كېيىن مەڭلىك تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، رايون، كەنت

## قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى مەمۇرىي رايون ئۆزگىرىشلىرى

مەتىمىن قۇربان

1919 - يىلى قاراقاش ناھىيىسى تەسىس قىلىنغاندا مىڭلىك تۈزۈمنى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان بولۇپ، بۇرۇنقى تۆت مىڭلىك ئالتە مىڭلىككە كۆپەيدى.

1. زاۋا مىڭلىكى (ھازىرقى زاۋا يېزىسىدىكى جايلار)؛

2. تاغ مىڭلىكى (ساياغ يېزىسىنىڭ تاغلىق ۋە تاغقا يېقىن جايلىرى)؛

3. بەھرام سۇيى مىڭلىكى (ھازىرقى ئاقساراي، جاھانباغ، تمۇەت يېزىلىرىنىڭ ھەم قاراقاش بازىرىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى)؛

4. كۇيا مىڭلىكى (ھازىرقى كۇيا ۋە ئاقساراي يېزىسىنىڭ بىر قىسمى)؛

5. ماكۇي مىڭلىكى (ھازىرقى قوچى، پۇچاقچى، توخۇلا يېزىلىرىنىڭ ھەم قاراقاش بازىرىنىڭ بىر قىسمى)؛

زا، 88 كەنت ئاساسىدا يېزا رايونغا ئۆزگەرتىلىپ
13 رايوننىڭ باشقۇرۇشىدا 84 يېزا تەسىس قىلىندى.
1 - رايون: يەتتە يېزا (ھازىرقى قاراقاش
بازىرىنىڭ ۋە توخۇلا يېزىسىنىڭ يېڭىشەھەر، كوناشە-
ھەر، سىزى، قارامان، دۆڭدار اسكال، دار اسكال ئىشقىلا
كەنتلىرى) غا؛ 2 - رايون: يەتتە يېزا (ھازىرقى
زاۋا يېزىسىنىڭ بىر قىسمى ئاقساراي يېزىسىدىكى
ئاقساراي - چوناقلا، ئىلىشبېشى، گۈلباغ، ئىشتاچى،
قۇمباغ كەنتلىرى) غا؛ 3 - رايون: ئالتە يېزا (ھا-
زىرقى سايباغ يېزا دائىرىسىدىكى قوشلۇق، سايباغ،
تۇقايار، تۇزاقچى، ئۇجات، ئۇزۇنئارال كەنتلىرى)
غا؛ 4 - رايون: سەككىز يېزا (زاۋا يېزىسىنىڭ
يار بېشى، قۇمئېرىق، مىلا، باشاقچى، ئۆتەك، باشئۇر-
چى، ئۇرچى، شەيدان كەنتلىرى) غا؛ 5 - رايون:
بەش يېزا (ھازىرقى ياۋا يېزىسىنىڭ مىڭمو، باش-
ئاۋات، چارشەنبە بازار، چىلەك، بۇلاق كەنتلىرى)
غا؛ 6 - رايون: بەش يېزا (ھازىرقى قاراساي يې-
زىسىنىڭ غازئىغىل، شالدىراڭ، قوشكۆل، يېڭىئا-
ۋات، خانئاۋات كەنتلىرى) غا؛ 7 - رايون: يەتتە
يېزا (ھازىرقى ئاقساراي، كۇيا يېزىلىرىنىڭ قاقلىق،
ئاچچىغئوي، ھالۇ، كۇيا، قاراقۇزۇق، پاۋان، جىل-
غا كەنتلىرى) غا؛ 8 - رايون: يەتتە يېزا (ھازىر-
قى كۇيا، پۇچاقى يېزىسىنىڭ ۋە توخۇلا يېزىسىنىڭ
تاخسا، ماڭلاي، ھالۇ، گادۇي، يىلۇۋا، قارىلا، ياغاچ-
چى كەنتلىرى) غا؛ 9- رايون: ئالتە يېزا (قۇدۇغلا،

تۈزۈمى بارلىققا كەلدى. ئاھىيىمىزدە سەككىز
رايون، 65 كەنت تەسىس قىلىنىپ رايون ۋە كەنت
باشلىقلىرى تەيىنلەندى.

1 - رايون: بەش يېزا - بازار (ئاقساراي، توخولا يېزىلىرىنىڭ ۋە قاراقاش بازىرىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى) غا؛ 2 - رايون: تۆت يېزا (ھازىرقى تىۋەت يېزىسىنىڭ دائىرىسى)غا؛ 3 - رايون: ئۈچ يېزا (قوچى، پوچاقچى يېزىسىنىڭ ۋە قاراقاش بازىرىنىڭ بىر قىسمى) غا؛ 4 - رايون: ئۈچ يېزا (ھازىرقى كۆيا يېزىسىنىڭ بىر قىسمى) غا؛ 5 - رايون: ئىككى يېزا (ھازىرقى پوچاقچى يېزىسىنىڭ بىر قىسمى، كۆيا يېزىسىنىڭ بىر قىسمى) غا؛ 6-رايون: تۆت يېزا (ھازىرقى كۆيا يېزىسىنىڭ، زاۋا يېزىسىنىڭ بىر بۆلۈك جايلىرى) غا؛ 7 - رايون: تۆت يېزا. (ھازىرقى قاراساي، ياۋا يېزىلىرى) غا؛ 8 - رايون: ئۈچ يېزا - بازار (ھازىرقى ساييباغ يېزىسى ۋە زاۋا يېزىسىنىڭ بۇرۇنقى بازىرى) غا بۆلۈندى.

1944 - يىلدىن كېيىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بۇرۇنقى سەككىز رايوننى 28 يېزا - بازارغا ئايرىپ بىۋاستە باشقۇردى.

1948 - يىلى، بۇرۇنقى 28 يېزا - بازار بىرلەشتۈرۈلۈپ، بىر بازار، 12 يېزا، 88 كەنت تەسىس قىلىندى.

ئازادلىقتىن كېيىن بۇرۇنقى بىر بازار 12 يې-

2 - رايون «سەكرەش» خەلق گۈڭشېسى

3 - رايون ۋە 4 - رايون «جىددىي ئىلگىرىلەش» خەلق گۈڭشېسى

5 - ۋە 6 - رايون «قىزىلبايراق» خەلق گۈڭشېسى

7 - رايون «نۇرلۇق» خەلق گۈڭشېسى

8 - ۋە 9 - رايون «راكېتا» خەلق گۈڭشېسى

10 - رايون «يۇقىرى ئۆرلەش» خەلق گۈڭشېسى

11 - رايون «تىپلىق» خەلق گۈڭشېسى

1962 - يىلدىن كېيىن دائىرىسى كەڭ، باشقۇ- رۇشقا ئەپسىز بولۇپ قالغانلىقى نەزەردە تۇتۇلۇپ ئەسلىدىكى 3 - رايون «جىددىي ئىلگىرىلەش» گۈڭ- شېسىدىن ئايرىلىپ «ئالغا» خەلق گۈڭشېسى قۇرۇلدى. ئەسلىدىكى 5 - رايون «قىزىلبايراق» گۈڭشېسىدىن ئايرىپ «قىزىلىيۇلتۇز» گۈڭشېسى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيە تەۋەلىكىدە 10 گۈڭشې بولدى. 1967 - يىلى «تىنچلىق» گۈڭشېسىنىڭ نامى «ئەلەمگە ماھىر»گە ئۆزگەرتىلدى.

1975 - يىلى ئەسلىدىكى «يۇقىرى ئۆرلەش» گۈڭشې- سىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى (لەمپە)، «ئەلەمگە ماھىر» گۈڭشېسىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى (كاۋاك)، «راكېتا» گۈڭشېسىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى (تۇزلۇقئۇ تاغ) بىرلەشتۈرۈلۈپ «شەرق قىزاردى» گۈڭشېسى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى «نۇرلۇق» گۈڭشېسىنىڭ، «1 - ماي» گۈڭشېسىنىڭ، «سەكرەش» گۈڭشېسىنىڭ، «جىددىي ئىلگىرىلەش» گۈڭشېسىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى

پۇچاقچى، باشجاي، ئاياغجاي، تۆكمە ئېرىق، كاسا-
كەنتلىرى) غا؛ 10 - رايون: ئالتە يېزا (قازاق،
كۆكيەر، يېڭىئۆستەڭ، توتلۇق، تۆۋەن توتلۇق، با-
چۇق كەنتلىرى) غا؛ 11-رايون يەتتە يېزا (ھازىر-
قى جاھانباغ، توخۇلا يېزىلىرى ۋە قاراقاش بازىرى-
نىڭ بىر قىسىم جايلىرىدىكى ئۈزۈ ئېرىق، بۇغۇچى،
توخۇلا، قاراتام، قاياش، ئاقتام، ئالتۇنچى كەنت-
لىرى) غا؛ 12 - رايون: بەش يېزا (ھازىرقى تى-
ۋەت يېزىسىنىڭ ئەسكى، سۇپىلا، تىۋەت، چورۇقلا،
ئاتباش كەنتلىرى) غا؛ 13 - رايون: يەتتە يېزا
(ھازىرقى تىۋەت ۋە يېڭىيەر يېزىسىنىڭ ئاتباش،
يۇقىرى چاقار، تۆۋەن چاقار، يۇقىرى ئەسكى، تۆ-
ۋەن ئەسكى، يېڭىيەر، سۆكۈلۈك كەنتلىرى) غا بۆلۈندى.

1956 - يىلى يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيەلەش-
تۈرۈش باشلىنىپ، بۇرۇنقى 13 رايون 11 رايونغا
قىسقارتىلدى. ئەسلىدىكى 1 - رايون بىلەن 6 -
رايون قوشۇلۇپ 6 - رايون بولدى. ئەسلىدىكى
7 - رايون بىلەن 8 - رايون قوشۇلۇپ 7 - رايون
بولدى. ئەسلىدىكى 9 - رايون 8 - رايون بولدى.
ئەسلىدىكى 10 - رايون 9 - رايونغا، ئەسلىدىكى
11 - رايون 10 - رايونغا، ئەسلىدىكى 12—13 -
رايونلار قوشۇلۇپ 11 - رايونغا ئۆزگەرتىلدى.

1958 - يىلى ئەسلىدىكى 11 - رايون ئاساسىدا
سەككىز خەلق كۆڭشېسى قۇرۇلدى.

1 - رايون «1 - ماي» خەلق كۆڭشېسى

رۇش رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

ئاقساراي يېزىسى: ئەسلىدىكى ئاقساراي گوڭشېنىڭ 3 - 4 - 5 - 6 - باشقۇرۇش رايونلىرىنى، 8 - باشقۇرۇش رايونىنىڭ 2 - چوڭ ئەترىتىنى، 2 - باشقۇرۇش رايونى 2 - چوڭ ئەترىتىنىڭ 3 -، 4 - كىچىك ئەترەتلىرىنى، ئەسلىدىكى كۆيا گوڭشېسىنىڭ 1 - باشقۇرۇش رايونى 1 - 2 - 3 - چوڭ ئەترەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

توخۇلا يېزىسى: ئەسلىدىكى توخۇلا گوڭشېنىڭ 6 -، 7 -، 8 -، 9 -، 10 -، 11 -، 15 -، 16 -، 17 - چوڭ ئەترەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. جاھانباغ يېزىسى: ئەسلىدىكى ئاقساراي يېزىسىنىڭ 1 - باشقۇرۇش رايونى، 2 - باشقۇرۇش رايونىنىڭ 1 -، 3 - چوڭ ئەترەتلىرى، 7 - باشقۇرۇش رايونى، 8 - باشقۇرۇش رايونىنىڭ 1 -، 3 -، 4 - چوڭ ئەترەتلىرى، ئەسلىدىكى توخۇلا يېزىسىنىڭ 1 - باشقۇرۇش رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. پۇرچاقچى يېزىسى: ئەسلىدىكى پۇرچاقچى گوڭشېنىڭ 3 -، 4 -، 5 -، 6 -، 7 -، 8 -، 9 -، 10 -، 11 - باشقۇرۇش رايونلىرىنى، قاپاقلا گوڭشېنىڭ 9 - چوڭ ئەترىتىنىڭ 1 -، 2 -، 3 - كىچىك ئەترەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

ماڭلاي يېزىسى: ئەسلىدىكى توخۇلا گوڭشېنىڭ 1 -، 2 - باشقۇرۇش رايونلىرىنى، قاپاقلا گوڭشېنىڭ 2 -، 3 -، 4 - چوڭ ئەترەتلىرىنى، 5 - چوڭ ئەترەتىنىڭ 1 -، 2 -، 3 - كىچىك ئەترەتلىرىنى، 6 -، 7 -

بىرلەشتۈرۈلۈپ «شەرق شامىلى» گۇڭشېسى قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى 10 گۇڭشې 12 گە كۆپەيدى.

1982 - يىلى پوچاقچى يېزىسىنىڭ دائىرىسى تولىمۇ كېڭىيىپ كەتكەنلىكتىن ئەسلىدىكى 9 - رايوننى ئايرىپ «قويچى» گۇڭشېسى قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن گۇڭشېلار 13 كە كۆپەيدى.

1984 - يىلى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن گۇڭشېلارنى يېزا، بازارلارغا ئۆزگەرتىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىپ 16 يېزا، بىر بازار تەسىس قىلىندى.

قارىساي، ياۋا، ئۇرچى، زاۋا، سايباغ، قويچى گۇڭشېلىرى بۇرۇنقى تەۋەلىكى بىلەن يېزىغا ئۆزگەردى.

قاراقاش بازىرى، قاپاقلا گۇڭشېسىنىڭ 1 -، 10 -، 11 -، 12 -، 13 -، 14 -، 15 -، 16 -، 17 -، 18 - چوڭ ئەترەتلىرى؛ 9 - چوڭ ئەترەتنىڭ 4 -، 5 -، 6 - كىچىك ئەترەتلىرى؛ 8 - چوڭ ئەترەتنىڭ 5 -، 6 - كىچىك ئەترەتلىرى؛ 5 - چوڭ ئەترەتنىڭ 4 - كىچىك ئەترىتى، ئەسلىدىكى تۇۋەت گۇڭشېسىنىڭ 1 - باشقۇرۇش رايونىدىكى ئۈچ چوڭ ئەترەت؛ 2 - باشقۇرۇش رايونىنىڭ 1 -، 2 - چوڭ ئەترەتلىرى، 3 - چوڭ ئەترەتنىڭ 1 - 2 - كىچىك ئەترەتلىرى؛ ئەسلىدىكى توخۇلا گۇڭشېسىنىڭ 5 - چوڭ ئەترىتىنى ئۆز دائىرىسىگە ئالدى.

كۇيا يېزىسى: ئەسلىدىكى كۇيا يېزىسىنىڭ 2 -، 3 -، 4 -، 5 -، 6 -، 7 -، 8 -، 9 -، 10 - باشقۇ-

## مازار تاغ قەدىمي قەلئەسى

### جاپپار رەھىمى

قاراقاش ناھىيە بازىرىدىن ماشىنا بىلەن قاراقاش دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنى بويلاپ 170 كىلومېتردىن ئارتۇق يول يۈرگەندە، غەربتىن شەرققە سوزۇلۇپ ياتقان ھەيۋەتلىك بىر تاغ دىققىتىڭىزنى تارتىدۇ. بۇ تاغ تارىختىن بۇيان «مازار تاغ» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر.

مازار تاغ — تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىگە، قاراقاش زېمىنى تەۋەسىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 100 كىلومېتر، كەڭلىكى 2—8 كىلومېتر، نىسپىي ئېگىزلىكى 50—400 مېتر كېلىدۇ. تاغنىڭ خوتەن دەرياسىغا يېقىن بولغان شەرق قىسمىدا قىزىل، ئاق تاغ تۇمشۇقى بار. بۇ قەدىمدە قىزىل تاغ، ئاق تاغ دەپ ئاتالغان.

قىزىل تاغ تۇمشۇقىدا بىر قەدىمى قەلئە بار. قەلئەنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1100 كۋادرات مېتىر. جەنۇب تەرىپى تىك قىيا، شەرقى دەريا ياقىسىغا

چوڭ ئەترەتنىڭ 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ كىچىك ئەترەتلىرىنى، 8 ـ چوڭ ئەترەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى.

تىۋەت يېزىسى: ئەسلىدىكى تىۋەت گۇڭشېنىڭ 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ، 7 ـ، 8 ـ باشقۇرۇش رايونلىرىنى، 2 ـ باشقۇرۇش رايونى 3 ـ چوڭ ئەترەتنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى.

يېڭىيەر يېزىسى: ئەسلىدىكى تىۋەت گۇڭشېنىڭ 9 ـ، 10 ـ، 11 ـ باشقۇرۇش رايونلىرى، كاۋاك گۇڭشېنىڭ كۆيۈكئېغىل كەنتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى.

كاۋاك يېزىسى: ئەسلىدىكى تەۋەلىكىدىكى كۆيۈكئېغىل كەنتىدىن باشقا جايلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى.

تۇزلۇقمۇتاغ يېزىسى: ئەسلىدىكى كاۋاك گۇڭشېنىڭ 6 ـ، 7 ـ باشقۇرۇش رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى.

1988 ـ يىلى قايتىدىن كاۋاك يېزىسىغا قوشۇۋېتىلدى.

سىتەيىن قەلئە ئىچىدە ئۇيغۇرلۇقچە قېزىش ئېلىپ بارغانىدا، كۆپ نەرسىلەرگە ئىگە بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە تاشپاقا شەكىللىك قىزىل ساپال تەخسە، قىزىل چوققىدىن ياسالغان بۇت قېلىپى، ئۇرغۇن ياغاچ بويۇم. يۇڭدىن ئىشلەنگەن بۇيۇم، مېتال بۇيۇم ۋە كۆن خۇرۇم بۇيۇملىرى بار. بولۇپمۇ بۇلار ئىچىدە ھەر خىل يېزىقتىكى ھۆكۈمەت ئالاقىلىرى بولۇپ، تۇبۇت يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈك ۋە قەغەزگە يېزىلغان ماتېرىيال ئەڭ كۆپ. بۇندىن باشقا يەنە خەنزۇ يېزىقى، خوتەن ساك يېزىقى، قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەرەب يېزىقىدىكى ماتېرىياللار بار. خەنزۇ يېزىقىدىكى ماتېرىياللاردىن سىتەيىن ئالاھىدە ئېغىزغا ئالغان تاڭ سۇلالىسىغا دائىر ماتېرىيال ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدىغان بىر قانچە پارچە ماتېرىيال بولۇپ، ئۇستىگە مىلادى 786 - يىلى دېگەن ۋاقىت يېزىلغان بىر پارچە گۇۋاھلىق خېتى بار. يەنە بەزى ماتېرىياللاردا جۇڭگونىڭ ئالىي ھەربىي ئەمەلدارلىرى تىلغا ئېلىنغان. ئەنشى ① كۇچاۋە مىلادى 658 - يىلىدىن 787 - يىلغىچە بولغان ئەنشى تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ ئورنى قەيت قىلىنغان.

شىنجاڭ خوتەن دەرياسىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى

---

① ئەنشى — تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۇسەننىڭ (كۇچانىڭ) پايتەختى جايلاشقان ئوبلاستنىڭ نامى. ئەنشى تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى شۇ يەردە تۇرغان بولغاچقا ئەنش[illegible]نىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

يېقىن بولۇپ، قەلئەنىڭ چوققىسىدا ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. قەلئەنىڭ تۈز يۈزى ئىككى چاسا قىسىمدىن تەشكىل قىلىنغان. قۇرۇلۇشنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ. 1 - 2 - قىسمى تاغ قىرىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرق قىسمى بىلەن غەرب قىسمى تۇتىشىپ تۇرىدۇ. 3 - قىسمى 1 — 2 - قىسىمنىڭ شىمالىدىكى تاغ باغرىدا بولۇپ، قەلئەنىڭ قوشۇمچىسى ھېسابلىنىدۇ. 1 - قىسىمنى جەنۇبىي ساراي، شىمالىي ساراي دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ. تاملىرى قېلىن مەزمۇت بولۇپ قەلئەنىڭ ئاساسلىق قىسمى ھېسابلىنىدۇ. 2 - قىسمى توغرىسىدا ستەيىن ① تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا: «كۆلىمى 50 ئىنگىلىز چىسى، تۆت چاسا بولۇپ، قۇرۇلمىسى ئانچە پۇختا ئەمەس. لەشكەرگاھ بولۇشى مۇمكىن ...» دېگەن. 3 - قىسمى 1 -، 2 - قىسىمغا قارىغاندا 6—7 مېتىر تۆۋەندە. بوشلۇق كۆلىمى 9 × 31.5 مېتىر، شەرقىدە بىر ئىشىك بولۇپ قەلئەنىڭ ئاساسلىق قوۋۇقى بولۇشى مۇمكىن. غەربىي قىسمىدا 2—3 مېتىر قېلىنلىقتا ئوت -چۆپ ۋە چىرىندە دۆۋىسى بار. بۇ چارۋا ئېغىلى بولۇشى ئېھتىمال.

---

① ستەيىن — ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ. ئۇ خوتەنگە كۆپ قېتىم كېلىپ نۇرغۇن يادىكارلىقلارنى ئېلىپ كەتكەن. «قۇم ئاستىدىكى خوتەن» قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدۇرغان. ئۇ 1943 - يىلى شىنجاڭ چېگرىسىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن ئافغانىستاندا ئۆلگەن.

بۇ جايدىن بىر چيەن يۈەن مىس پۇلى، بىر پارچە مىللىي يېزىقتىكى تارشا پۈتۈك ھەمدە قىزغۇچ ساپال پارچىلىرى تېپىلدى. بۇلار تاڭ دەۋرىگە خاس نەرسىلەردۇر. تاش ئۆڭكۈرنىڭ تورۇسىدا سانسكرىت يېزىقى بار. خەنزۇچە يېزىقمۇ كۆپ». ھازىر ئۆڭكۈرنىڭ تورىسىدىكى خەتلەر ئۆچۈپ كەتكەن.

قەلئەنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تاغ باغرىدا بىر تاشلاندۇق ئىمارەت خارابىسى بولۇپ، بۇ قەدىمكىلەرنىڭ بۇددا ئىبادەتخانىسى بولۇش مۇمكىن. يەنە قەلئەگە يېقىن جايدا بىر قەبرىستانلىق كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. بۇ مازارلىقتا ئەينى چاغلاردىكى ئۇرۇش غەلىيانلاردا خىزمەت كۆرسەتكەن سەركەردىلەرنىڭ كۆمۈلگەنلىكىنى جەزىم قىلىشقا بولىدۇ.

قەلئەدىن قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلارغا ئاساسەن شۇنى دەلىللەشكە بولىدۇكى، بۇ قەلئە ئاساسىقى تاڭ دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن. ئۇنىڭ گۈللەنگەن ۋاقتى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىكى كېيىنكى توبۇتلا ئىستىلا قىلغان دەۋرگە توغرا كېلىدۇ.

كۈز ئايلىرىدا مازار تاغ ئېتەكلىرى چەكسىز كەتكەن چاھار باغدەك جەزىبىلىك تۈسكە كىرىدۇ.

قىزىل مارجاندەك تاۋلىنىپ تۇرغان ياۋا جىگدىلەر، تاغ ئېتەكلىرىدە قىزارغان يۇلغۇن توغراقلار چوققىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان قەلئە ۋە پەستىكى قەبرىستانلىقلار بۇ يەرنىڭ ئەسلىدە ئادەملەر بىلەن تولغان قايناق ماكان ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇرىدۇ.

قەلئەدىن نۇرغۇن ئاسارە-ئەتىقىلەرنى تاپتى. ئۇلار تۆۋەندىكىچە: تاڭ دەۋرىنىڭ «چيۈەنيۈەن جۇڭباۋ» پۇلى؛ يۇمىلاق، تۆشۈكى تۆت چاسا، خەتلىرى ئوچۇق تاڭ دەۋرىنىڭ «دالى يامبۇسى»؛ ئىچكى-تاشقى كانارىسى بار، يۇمىلاق، تۆشۈكى تۆت چاسا كۆسەن مىس پۇلى؛ يۈزىدە خەت، كانارى يوق، يەڭگىل، نېپىز ئۆزىدىن تۆشۈكىنىڭ ھەجمى چوڭ مىس پۇللار، ئۇندىن باشقا يەنە مىس توگمە، مىس سۈمبە، تۆت قىرلىق ئوقيا بېشى، تۇبۇت يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈك، تۆمۈر قوشۇق سۇنۇقى، ياغاچ تاغاق پارچىسى ۋە ئاز ساندا ساپال پارچىلىرى بار.

قەدىمقى قەلئەنىڭ غەربىدىن تەخمىنەن 50 مېتىر يىراقلىقتىكى جايدا بىر خەۋەرلىشىش سۇپىسى بار. قالدۇق ئىزناسىدىن قارىغاندا تۆت چاسا بولۇپ، ئاستى چوڭ، ئۈستى كىچىك. قەلئەنىڭ ئىككىنچى قىسمىنىڭ جەنۇبىدىكى تىك قىيادا بىر غار بار. خۇاڭ ۋېنبي ① ئەپەندى: «تارىم ئويمانلىقىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى» دە مۇنداق دېگەن: «دەرياغا يېقىن قىيانىڭ تۆۋەنكى تاش ئارى-لىقىدا بىر ئۆڭكۈر بار، ئېغىزى قۇمدا توسۇلۇپ قال-غان. قەدىمكى كىشىلەر تۇرغان جاي بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلدىم. يەرلىك كىشىلەرگە قازدۇرغاندا

① خۇاڭ ۋېنبي — ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق ئارخېئولوگىيە ئالىمى ۋە تارىخچىسى.

دېگەن ئاخىرقى چوڭ مەنسەپكە ئېرىشىپ خوتەنگە
ئەۋەتىلگەن. ئۇ، خوتەنگە كەلگەندىن كېيىن، خوتەن
قاراقاشنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرىنى باشقۇرۇپ، پۇق-
رالارنىڭ كۈچى بىلەن بوز يەر ئېچىپ، تېرىلغۇ يەر-
لەرنى كۆپەيتىپ، كۆپلىگەن يەرلەرنى ئۆزى ئىگىلەپ،
بىر قىسىم يەرلەرنى دېھقانلارغا تۇتقۇزغان. قاراقاش
ناھىيىسىنىڭ كۆپلىگەن كەنتلىرىدىكى يەر - زېمىن
ھوقۇقى ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان.

ھېزىم ھېكىمبەگنىڭ 1780 - يىلدىن 1949 -
يىلغىچە بولغان 169 يىل ئىچىدە ئالتە ئەۋلادى ئۆت-
كەن بولۇپ ئۇلار: ھېزىمشاھ ھېكىم ئوغلى خۇش
كېپەك، خۇش كېپەك ھېكىم ئوغلى مۇبارەكشاھ ھېكىم،
مۇبارەكشاھ ھېكىمنىڭ ئوغلى مۇھەممەت ئىلى گوڭ، مۇ-
ھەممەت ئىلى گوڭنىڭ ئوغلى مۇسا گوڭ، مۇسا گوڭنىڭ
ئوغلى ناسىر گوڭ، ئەپرۇز گوڭ، زايىت گوڭ، ئىمىن
ئەلەم، مۇھەممەتخان گوڭ قاتارلىق بىر قانچە چوڭ -
كىچىك ئوغۇل - قىز «گوڭ» لاردىن ئىبارەت.

ھېزىمشاھ ھېكىمدىن باشلانغان مەنسەپ ۋارىس-
لىرى مۇھەممەت ئىلى گوڭ دەۋرىگە كەلگەندە ئۇلار
ئۆزىگە ھوقۇق، ئىمتىيازىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە
موھەممەت ئىلى گوڭنى «ھاكىم» قىلىپ بېيجىڭدىكى
خان قېشىغا خوتەننىڭ ۋەكىلى سالاھىيىتى بىلەن
ئەۋەتىدۇ. مۇھەممەت ئىلى بېيجىڭغا مېڭىش ۋاقتىدا
بىر ياغاچ ھارۋىغا بىر تۇپ نەشپۈت كۆچىتىنى ئورۇن-
لاشتۇرۇپ ماڭىدۇ. ئۇ بېيجىڭغا يېتىپ بارغۇچە بولغان

## گۇك غۇجىلار

### مەۋلاننىيازخان ھاجى

بۇنىڭدىن 210 يىل ئىلگىرى (1780 - يىللار) دىكى مەنچىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە، قەشقەر، خوتەن، يەكەن قاتارلىق جايلاردا ئامبال بولۇپ تۇرغان خان (خەنزۇ) يەكەننى مەركەز قىلىپ. پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئەنە شۇ چاغدىكى خان جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانى يەكەندىكى ئامبال يامۇلغا خوتەندىن بىر كىشىنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتمەكچى بولۇپ، بۇ ۋەكىلنى قاراقاش تىۋەت يېزىسىنىڭ چاقار كەنتىسىدىن (شۇ چاغدىكى ئاۋام خەلقىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن) ھېزىم ئاخۇن دېگەن كىشىنى تەيىنلەپ ئەۋەتكەن.

ھېزىم ئاخۇن يەكەندىكى خان ئامبال يامۇلىغا بېرىپ، خەلقنىڭ ئەھۋالىنى يەتكۈزۈپ، خان ئامبال بىلەن ئەھۋاللاشقان. بۇ چاغدا ھېزىم ئاخۇن خان ئامبالغا ناھايىتى يېقىپ قالغانلىقتىن ئۇنىڭغا «ھەششا قىز» دېگەن مەنسەپنى بەرگەن.

ھېزىم ئاخۇن شۇنىڭدىن باشلاپ، خان ئۈچۈن ساداقەت كۆرسەتكەنلىكتىن مەنسىپى بارا - بارا ئۆسۈپ، «ئىشقى بەگ» دەپ نام ئالغان. ئۇ خانغا تېخىمۇ ئەرزىپ كەتكەنلىكتىن خان تەرىپىدىن «ھېكىم»

«گۇڭ» لارنىڭ ھاكىمىيەت تامغىلىرىدىكى خەنزۇچە خەت «گۇڭ يىچۇ» دەپ ئويۇلغان بولۇپ «ۋاڭ» لار قوۋۇل، تورپان، كۇچار قاتارلىق جايلاردا «گۇڭ» لار جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەلىكىدە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن.

«گۇڭ» لۇق مەنسەپ شۇ چاغدا يەرلىك ئەمەلدارلارنى مەنسەپكە قويۇش، مەنسەپتىن قالدۇرۇش، يۆتكەش، ھەتتا ئامباللارنىمۇ خالىغانچە مەنسەپتىن ئېلىۋېتىش، قويۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپلا قالماي يەرلىك ئەمەل-دارلارنىمۇ خالىغانچە باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى.

كېيىنكى زامانلارغا كەلگەندە، ئامباللار «گۇڭ» لارنى باشقۇرۇش ھالىتى شەكىللەنگەن. «گۇڭ»لار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە قاراقاش ناھىيىسى-نىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆپلىگەن يەرلەرنى (يېڭى ئېچىلغان بوز يەرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئىگىلىۋالغان-نىڭ سىرتىدا، قاراقاش دائىرىسىدە «ئاق مەدرىسە»، «چوڭ مەدرىسە»، «قوغ كۆل مەسچىت»، «چاقار مەد-رىسە»، «سىرلىق مەسچىت» قاتارلىق تۆت جايدا مەدرى-سە بىنا قىلغان. تۆت جايغا مەسچىت سالدۇرغان. «گۇڭلار» بۇ مەدرىسە - مەسچىتلەرگە كەنتتە نامىنىڭ باش ھەرپى «قاف» (ق ھەرپى) بىلەن كەلگەن كەنتلەردىكى پۈتۈن يەر - زېمىنلىرىنى «ۋەخپە قىل-دىم» دەپ تۆلىيە (ئىسپات خېتى) قىلىپ، بۇ تۆلىيىگە ئاقسارايى كەنتىدىن توپاقىقا مىنىپ «ئەلەم» لىك

بىر يىل ئىچىدە نەشپۈت كۆچىتى كۆكلەپ شاخ - پۇ-
تاق چىقىرىدۇ.

خان ئائىلىلىرى مۇھەممەت ئىبلى ئېلىپ كەلگەن بۇ ئاجايىپ ئۆزگىچە سوۋغاتنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنى ھەيرانلىق ۋە خۇشاللىق ئىلكىدە قوبۇل قىلىدۇ. ھەمدە ئۇنىڭ مەنسىپىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئىمكان تۇغۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەت ئىبلى ھاكىمنىڭ مەرتىۋىسىگە «گۇڭ» دېگەن مەنسەپ نامى قوشۇلۇپ، «مۇھەممەت ئىبلى گۇڭ» دەپ ئاتىلىدۇ. ھېزىمشاھ ھېكىمنىڭ مەنسەپ ۋارىسلىرى ئەنە شۇ «مۇھەممەت ئىبلى گۇڭ» زامانىدىن باشلاپ «گۇڭ غوجىلار» دەپ ئاتىلىدۇ.

«گۇڭ غوجىلار» نىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تارىخى 1780 - يىلى ھېزىم شاھېكىمنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋ-رىدىن باشلىنىپ 1948 - يىلى زايىت گۇڭنىڭ ۋاپا-تىغا قەدەر 168 يىل داۋاملىشىپ ئالتە ئەۋلادىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ھېزىمشاھ ھېكىمدىن باشلانغان «گۇڭ غوجىلار» مەنسەپ ۋارىس-لىق تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ.

«گۇڭ» دېگەن ئاتالغۇ شۇ ۋاقىتتىكى ھاكىمى-يەتنىڭ قانۇنىدا «ۋاڭ» «گۇڭ»، دېگەن ئىككى خىل مەنسەپنىڭ بىرسىنىڭ نامى بولۇپ، «ۋاڭ» باشلىق، «گۇڭ» مۇئاۋىن باشلىق دېگەن مەناغا ئىگە ئىدى.

خەت كېلىپ 50 ئۆيلۈك دېھقان «گۆك» لارنىڭ خىزمىتىدىن بوشىتىپ قويۇلغان. «گۆك» لارنىڭ تۇرلۇك - خىراجەت - چىقىملىرىنى - قاراقاش تەۋەسىدىن يىغىدىغان تۇياق بېجى ئارقىلىق قامداش بەلگىلەنگەن. «گۆك» لار بىر نەچچە يىل تۇياق بېجى ئېلىپ ئۆزلىرىنى باققان بولسىمۇ — شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەت «تۇياق بېجى» دىن ئۇلارنى بەھرىمەن قىلىشنى توختىتىپ، ئايلىق مائاش بېرىش يولغا قويۇلغان. شۇنىڭ بىلەن گۆكلارغا خوتەندىكى ئاشلىق سېكىدىن كۆپ مىقداردىكى بۇغداي مائاش ئورنىدا بېرىلگەن.

«گۆك» لار ئۆزلىرىنىڭ تەختى ۋارىسلىق تۈزۈمىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆز دەرگاھىغا 16 نەپەر قوراللىق ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولغان. ئۇلار سەپەرگە چىققاندا ياكى مېھماندارچىلىق ئىشلىرىغا ماڭغاندا خەنزۇچە سېرىق، قىزىل، قارا ئۈزۈن كىيىملەرنى كىيىپ، جو① ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇراتتى. جونى 24 ئادەم يەلكىسىگە ئېلىپ تاۋۇت كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ ماڭاتتى. ئالدى - كەينىدە ساقچى، يايى ۋە بىر قانچە پايلاقچىلار چۇقان - سۈرەن كۆتۈرۈپ - داغدۇغا پەيدا قىلىشاتتى.

بەدۆلەت ھاكىمىيىتى تىكلەنگەن 18 يىل ئىچىدە

---

① جو — ئىككى تەرىپىدە شوتىسى بار، ئۈستۈرى سايىۋەن قىلىنغان تەختىراۋان.

قىلىندىغان ئەلەم قاتارلىق 6 ئاخۇن ئۆز موھور-
لىرىنى بېسىشقان. بۇ يەرلەر ھازىرقى قاراقاش
بازىرى ئىچىدىكى قەن زاۋۇتى ئورنى ئالدىدىكى
تېرىلغۇ مەيدان - (كونا ئىسمى قۇملۇق دەپ ئاتى-
لاتتى) دىن 500 مو، قارا باغدىن 400 مو، قۇدۇغ-
لىدىن 300 مو، ھازىرقى پۇچاقچى يېزىسىنىڭ
«قۇمئېرىق» كەنتىدىن 400 مو، قاراماندىن 400
مو بولۇپ جەمئىي 2000 مودىن ئارتۇق يەرلەرنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇنچىۋالا كۆپ يەرلەر ئەينى
ۋاقىتلاردا مەدرىسە مەسچىتلەرگە ۋەخپە قىلىپ ئاي-
رىپ بېرىلگەن.

ئۇنىدىن باشقا يەنە خان يارلىق چۈشۈرۈپ،
قارا قاشتىن 50 ئۆيلۈك يوقسۇل دېھقاننى «گۈك»لار
نىڭ خىزمىتىگە قويغان. بۇ 50 ئۆيلۈك دېھقان
يىلبويى گۈكلارنىڭ بوز يەر ئېچىش، تېرىلغۇ يېرىگە
ئىشلەش، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش قاتارلىق ئېغىر ئە-
گەكلىرىنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ يوقسۇللارنىڭ ئەۋ-
لادى - كۆپەيگەنسېرى «گۈك» لارنىڭ ئۇلارنى قۇل
قىلىش ۋاستىسى تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئۇلار كۈن
بويى — ئاچ - زارلىقتا ئېغىر ئەمگەكتىن قۇتۇلال-
مىغان. زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق، قارا قاشقا ئامبال
قىلىپ ئەۋەتىلگەن بىڭ دارىنغا ‹خەنزۇ› ئەرز -
شىكايەت قىلىپ، «گۈك» لارنىڭ زۇلۇمىغا نارا-
زىلىق بىلدۈرگەن. بىڭ دارىن بېيجىڭدىكى خانغا بۇ
ئەھۋالنى مەلۇم قىلغانىدىن كېيىن خانىدىن جاۋاب

قاش ئىككى مىڭغا بەگ. مەھەممەتخان غوجا قاراقاشنىڭ بېگى ھەم ماخوسەن دەۋرىدە ئامبال، گومىنداڭ دەۋرىگە كەلگەندە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا رەئىس بولغان. ئۇ 1948 - يىلى قاراقاش «قومىلۇق» تىكى ئۆيىدە ۋاپات بولغان.

ئىمىن ئەلەم گۇڭ ئۆز دەۋرىدە قاراقاشقا بىرنەچچە يىل ئەلەم بولغان. 1933 - يىلى يەكەننىڭ ۋالىيسى، ماخوسەن دەۋرىدە قاراقاشنىڭ ئامبىلى بولغان. كېيىن شىڭشىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ئۆلگەن.

گۇڭ غوجىلارنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئورنى قاراقاش ناھىيىسىدە بولۇپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولغان. ئۇلارنىڭ خوتەن، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ لايسۇ قاتارلىق جايلاردا ئورۇغ تۇغقانلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك يېقىن - يورۇقلىرى بار. ئۇندىن باشقا خوتەندە ئۆتكەن ئەخمەتتوختى ئەلەم، ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجى، (ئابدۇراخمان خان غوجىنىڭ ئاتىسى) خان ئاغىچا خېنىم (ئانىسى) قاتارلىق «خوجا» لار بىلەنمۇ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى.

تارىختا مەلۇم ئىز قالدۇرۇپ كەتكەن «گۇڭ غوجىلار» قارا قاش ناھىيىسىنىڭ تۆۋەت يېزىسىدىكى چاقار كەنتىدىن بولۇپ ئۇلارنىڭ 6 - بوۋىسى ھېزىشاھ ھېكىم بېيجىڭگە قازا تاپقان (بېيجىڭگە بارغان، قازا تاپقان ۋاقتى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇ-

(بۇ چاغدا مۇسا گۆك ۋارىسلىق ئۈستىدە تۇراتتى،) «گۆڭلار» نىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئاجىزلاپ كەتتى. لېكىن بەدەۋلەت ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە رەئىس قىلىپ ئەۋەتىلگەن، — دۇدۇ ئىسىملىك خەنزۇ ئۈرۈمچىدىن مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ۋە ئۇلار تەرىپىدىن «گۆك» لۇق مەنسىپىگە ئېرىشكەن مۇھەممەت ئېلى «گۆك»، مۇسا «گۆك» لارنى ئىزدەپ تېپىپ، مۇسا «گۆك» بىلەن، ئىمىن ئەلەمنى بېيجىڭغا بىللە ئېلىپ بارغان. بېيجىڭ خانى مۇسا گۆڭگا قايتىدىن «گۆك» لىق مەنسىپىنى بېرىپ قايتۇرغاندىن كېيىن، دۇدۇ مۇسا گۆڭنىڭ ئوغلى ناسىر گۆڭنى چەرچەن ناھىيىسىگە ئامباللىققا، زايىت گۆڭنى ھەربىي باشلىقلىققا تەيىنلىگەن. بىر نەچچە يىل چەرچەنگە ئامبال ۋە ھەربىي باشلىق بولۇپ تۇرغان بۇ گۆڭلار «توڭلۇغ» «توڭلۇغ باشلىقى» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان. گۆڭلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى قايتا تىكلەنگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش دائىرىسىمۇ كېڭىيىپ بارغان. شۇنىڭدىن باشلاپ سىيىت گۆك يېڭىسار ناھىيىسىگە گۆك، ناسىر گۆك ئامبال، زايىت گۆك ھەربىي باشلىق قىلىپ تەيىنلەنگەن. كېيىن زايىت گۆك غۇلجا، ئاقسۇ، كۇچا، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ۋالىي، باڭگا باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن.

كېيىنكى تەختى ۋارىسلاردىن ئەپرۇز بەگ قارا

## ئېگىز ئېرىق غوجىلار

جاپپار رەھىمى، ماخمۇت سىيىت

قاراقاش ناھىيىسىنىڭ زاۋا يېزىسىدا نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە «ئېگىز ئېرىق غوجىلار»، «سەئىد ئەۋلادى»، «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام نەسەبىدىن» دەپ ئاتالغان بىر يەرلىك فېئوداللار تەبىقىسى جۇڭگو ئازاد بولغانغا قەدەر ھۆكۈم سۈردى.

«ئېگىز ئېرىق غوجىلار» ئاساسلىقى زاۋا يېزىسىدىكى ئېگىز ئېرىق، شاخلىق، يار بېشى، ئاق سارايدىكى تاقى ئالدى قاتارلىق تۆت كەنتتە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ نامى چىققانلىرى «ئېگىز ئېرىق غوجىلار» بىلەن «شاخلىق غوجىلار» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ غوجىلارنىڭ نامى ئورتاق «ئېگىز ئېرىق غوجىلار» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ يەرلىك ئىمتىيازى كۈچلۈك، بايلىقلىرى كۆپ بولۇپ، ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد نۇرغۇن تېرىلغۇ يەر، يايلاق، دەڭسارايلىرى ۋە ئىشلىگۈچىلىرى بولغان.

ئېگىز ئېرىق غوجىلارنىڭ ئاخىرقى ئەۋلادى مەمتىلى خاننىڭ زاۋا يار بېشى دېگەن يەردە 4000

مات يوق ) «گۈك» ئەۋلادلىرىدىن خۇش كېپەك، مۇبارەكشاھ، مۇھەممەت ئىبلى، مۇسا، ناسىر، ئەپرۇز، مۇھەممەتخان، زايىت قاتارلىق «گۈك» لارنىڭ ھەممىسى ھازىرقى تۇۋەت يېزىسىنىڭ چاقار مەدرىسى ئالدىدىكى شامىگور قىلىنغان مەقبەرىگە دەپىن قىلىنغان.

«گۈك» لار قازا تاپسا «گۈك» لۇق مەدرىسە - مەسچىتلەرگە ئاخۇن بولغان كىشىلەر قەبرىگاھتا 40 كېچە - كۈندۈز قونۇپ دۇئا - تىلاۋەت قىلغان. ئەگەر «گۈكلار» نىڭ قەبرىسىدىكى دۇئا - تىلاۋەت ۋاقتى تەرك ئېتىلسە، ئاخۇن دىنىي ئىمتىيازى ۋە بولۇپ بېرىلگەن ۋەخپە يېرىدىن مەھرۇم قىلىناتتى.

خىل سايلام غوجىلارنىڭ يەرلىك ھوقۇقىنى بىمالال يۈرگۈزۈشىنىڭ ئاساسى ئىدى.

غوجىلارنىڭ يەرلىرىگە ئاقىدىغان سۇ «تەرەت سۈيى» دەپ ئاتىلىپ سۇنىڭ جىددىي توما - ۋاقتىدىمۇ توختىماي ئېقىپ تۇراتتى. دېھقانلار ئازغىنە كۆكتات يەرلىرىنىمۇ دىنىي تۈس ئالغان بۇ «تەرەت سۈيىدىن» ئېچىپ ھەرگىزمۇ سۇغۇرالمايتتى.

ئېگىز ئېرىق غوجىلار شۇنچىۋالا يەر، چارۋا قاتارلىق بايلىقلىرىنى باشقۇرۇشتا ئۆزلىرىگە چەكسىز سادىق بولغان ئاق ساقاللىرىغا تايىناتتى. مەسىلەن، خەزىنە ئاقساقىلى ماڭسۇر ئاخۇن، دېھقانچىلىق ئاقساقىلى ھاشىم ئاخۇن، غوجىلار سەپەرگە چىققاندا ھەمراھ بولۇپ قوش - قاچىغىر ئويىنىتىدىغان (ئوۋچىلىق، ساياھەت ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى) ئاقساقال تۇرسۇن ئاخۇن ئىدى، چوڭ ئاقساقال دەپ ئاتىلىدىغان روزى كۆز دېگەن ئادەم يۇقىرىقى ئاقساقاللارنى باشقۇراتتى. چوڭ ئاقساقال روزى كۆز يەنە غوجىلارنىڭ - ھۆكۈمەت بىلەن ئالاقىلىشىدىغان ئىشلارنى بېجىرىشتىن باشقا، غوجىلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىت ئىش قىلغان ئادەملەرنى تىڭ - تىڭلاپ غوجىلارغا دوكلات قىلىپ تۇراتتى. ھەر بىر ئاقساقالنىڭ بىردىن مىرزىسى (كاتىپى) بولۇپ ھەربىر مىرزىغا 10 مو، ھەربىر ئاقساقالغا 20 مو ئەتراپىدا يەر بېرىلەتتى. ئاقساقاللار غوجىلارغا ئەۋەتىلگەن ھەر خىل سوۋغا - سالاملاردىن چوتا ئېلىپ چونتەككە

مو، ياۋا يېزىسىدا 1000 مو، داراسكالىدا 800 مو
(شاللىق)، ئاراگۇم، غازلىق دېگەن يەرلەردە 400
مو، بوستان توغراقتا 600 مو يەرلىرى بولۇپ،
دۇۋا، مىتىز، پۇششى تېغىدىكى يايلاقلاردا 22 مىڭ-
دىن ئارتۇق قويلىرى بار ئىدى. ئۇنىدىن باشقا
قاراڭغۇ تاغ، كېرىيە تاغلىرىدا 3 مىڭدىن ئارتۇق
قوي، 1000 غا يېقىن قوتازلىرىمۇ بار ئىدى. ئەگرى
ساي، پوپۇنا، پوكا، پىيالما قاتارلىق جايلاردا ياي-
لاق ۋە تېرىلغۇ يەرلىرى بارلىقى ئېنىق بولسىمۇ
ئۇنىڭ سانى بىزگە مەلۇم ئەمەس.

مەمتىلى خان غوجىنىڭ خوتەن شەھىرى
ئىچىدىكى بىناكارلىق شىركىتىنىڭ ئورنىدا، زاۋا
كۇتۇرەمدە 10 دىن ئارتۇق دەڭ - سارايلىرى بولۇپ،
بۇ سارايلاردا تىجارەتچى - سودىگەرلەر، بايلار قونۇپ
ئۆتەتتى. دەڭ - سارايلارنىڭ مەخسۇس مۇلازىم-
لىرى ۋە كۈتكۈچىلىرى بولۇپ، ئۇلار دەڭ - ساراي-
لاردىن كىرگەن كىرىمنى غوجىلار خەزىنىسىگە ئۆت-
كۈزەتتى. خەزىنە باشقۇرغۇچى ماكسۇر ئاخۇن دېگەن
كىشى غوجىلارنىڭ خەزىنىسىنى باشقۇراتتى. ئۇ پۈتۈن
كىرىم - چىقىم ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ھېساباتچى-
لارنىمۇ باشقۇراتتى.

ھەر قېتىملىق ھۆكۈمەت سايلىمىدا غوجىلاردىن
بىر كىشى غوجىلارنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ھاكىمىيەت
تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن. مەسىلەن، 1935 - يىلى
مەھەممەت ئېلى خان بىر مەزگىل بەگ بولغان، بۇ

چىلىنىڭ ئاشلىقىقا ۋەدىلىشىپ ئالغان بولسا شۇ ئاش-
لىقنى ساق تاپشۇرۇش توختام قىلىناتتى. پايدا تاپ-
سىمۇ، زىيان تارتسىمۇ ئۆزىگە بولاتتى. لېكىن ئال-
ۋاڭ - ياساق، سۇپۇلى دېگەنلەرنى غوجىلار ئۆزى
تۆلەيتتى. جىددىي تېرىم - يېغىم ۋاقتىدا يۇقىرىقى
ئائىلىلەر ئوپچا كېلىپ ئىشلەيتتى. بۇلارغا 12 چارەك-
تىن قوناق بېرەتتى.

غوجىلار دېھقانلارنى شۈكرىگە دالالەت قىلىش
ئۈچۈن: «ئاللا تائالا بىزنىڭ زۇۋۇلىمىزنى چوڭ ئۆز-
گەن، بىز ئاسماندىن ئالتۇن بۆشۈكتە چۈشكەن»
دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۇلارنى ئىشەندۇرەتتى.
خامان ۋاقتى كەلگەندە ئۆشرە - زاكات، كەپسەن
(پاكلاش ئاشلىقى) قاتارلىقلارنى ئايرىپ چىقىپ،
ئاجىز - ئۇرۇقلارغا ئۈلەشتۇرۇپ بېرىش بىلەن -
سۇ ھەققى، ئۆتنە يېرىم قىلىدىغان ئاشلىقلارنى ئاي-
رىۋېلىپ قالغان قىسمىنى ئامبارغا تۆكەتتى (بۇ خىل
ئادەت دېھقانىغىمۇ، غوجىغىمۇ ئورتاق ئىدى). غوجى-
لارنىڭ ئەيشى - ئىشرەت، كەيپ - ساپا، كۆڭۈل ئېي-
چىش پائالىيىتى ئاساسەن ئىككى خىل - شەكىلدە
بولغان. بىر خىل شەكلى - دىنىي تۈس ئالغان
زىكرى - سۆۋەت قىلىپ ھۆكمەت ئوقۇپ ئاللاغا
تەۋۇنىش بولۇپ، بۇ خىل كۆڭۈل ئېچىش ساپايى،
ھۆكمەت ۋە ئۇسسۇل بىلەن قىزىغان، ئاخىردا داس-
تىخان تارتىلىپ ئېسىل تائاملار بىلەن زىياپەت
بېرىلەتتى.

سالاتتى. غوجىلار ئۆز خەزىنىسىدە ئالتۇن، كۈمۈش،
قاشتېشى قاتارلىق كان بايلىقلىرىنى كۆپەيتىشكە
مەخسۇس بىر ئاق ساقال تۇرغۇزغان بولۇپ، ھەر
قېتىمدا 20 — 30 كالا ئۆلتۈرۈپ، گۆشىنى قوناقا
ئالماشتۇرۇپ، قوناقنى ئۇلۇغئاتاغا ئېلىپ بېرىپ
ئالتۇن، قاشتېشىغا ئالماشتۇراتتى. ئۇنىدىن باشقا
مەخسۇس شېكەر قونىقى شىرنىسى، ئۈزۈم شىرنىسى
ئىشلەپچىقىرىپ تۇلۇمغا قاچىلاپ نەچچە پاتمان تۇلۇم
شىرنىلەرنى ئات، تۆگىلەرگە ئارتىپ شىمالىي شىنـ
جاڭغا ئېلىپ بېرىپ سېتىش يولى بىلەن خەزىنىنى
تولدۇراتتى. بۇنىڭغا بىر مىسال: ئازادلىقتىن كېيىن
غوجىلارنىڭ ئوردىسىدىن بىر ماشىنىدا لىق كەلگۈدەك
قاشتېشى چىققان بولۇپ، بۇلارنى شۇ ۋاقىتتا ھۆكۈـ
مەت سېتىش ئارقىلىق پۇلىغا نۇرغۇن كەتمەن سېتىـ
ۋېلىپ دېھقانلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن.

غوجىلارنىڭ تېرىم - تىكىم ئىشلىرىنى قىلىـ
دىغانلار پۈتۈن دېھقان، يېرىم دېھقان، ئوتاقچى،
ئىجارىكەش، يىللىقچى دەپ 5 خىلغا بۆلۈنگەن، پۈتۈن
دېھقان غوجىلار ئۈچۈن يىل بويى ئىشلەيتتى. ئىش
ھەققى ئۈچۈن 10 مودىن 15 موغا قەدەر تېرىپ
يېيىشكە يەر بېرىلەتتى. يېرىم دېھقان 6 ئاي ئىشـ
لەيتتى. 6 مو يەر بېرىلەتتى. ئوتاقچى دېھقان قانـ
چىلىك يەر ئالسا شۇنچىلىك يەر بېرىلەتتى. چىققان
ھوسۇلنى ئىككى ھەسسە قىلىپ بىر ھەسسىدىن بۆلۈـ
شەتتى. ئىجارىكەش دېھقانلار نەچچە مو يەرنى قانـ

رەۋى خېنىمنىڭ ئولتۇرۇشى،
قىرىق بىر ھۇجرىنىڭ باشى.
قولىدا دۇردۇن ياغلىق،
كۆزىدە دەريا ياشى.

## ئىگىز ئىرىق غوجىلارنىڭ يەر ئىگىلىشى

ئىگىز ئىرىق غوجىلارنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «خان» دېگەن قوشۇمچە ئۇلىنىپ ئۇلارنى ئۇلۇغلاش-مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنى «خان»، ئاياللىرىنى «خېنىم» دەپ ئاتاش خەلق ئارىسىدا ئومۇمي ئادەتكە ئايلانغان. مەنچىڭ ھۆ-كۈمىتى دەۋرىگە كەلگەندە يەركەن خان ئامبىلى بۇ-لارنىمۇ «خان» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ، تارىخانىنى ئۆز يېنىغا ئېلىپ چىقىش توغرىسىدا پەر-مان چۈشۈرىدۇ. يەرلىك ئەمەلدارلار پەرمانىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تارىخانىنى باغلاپ، بېشىغا مىس لىگەننى قىزىتىپ يېقىپ مىڭ بىر ئازاب بىلەن ئۇنى يەركەن خان ئامبىلىنىڭ قېشىغا ئېلىپ چىقىدۇ.

يەركەن خان ئامبىلى تارىخانىنىڭ ئازاپ-رىيا-زەت چەككەنلىكىدىن ئەپسۇسلىنىپ، قىزغىن كۈتۈپ سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. خان ئامبال تارىخانىدىن: ئۇيغۇرلاردا تارى ئاخۇن دەيدىغۇ، سىزنىڭ ئىسمىڭىز-نى نېمە ئۈچۈن تارىخان دەيدۇ؟ — دەپ سورايدۇ. (خان ئامبالنىڭ تارىخانىنى چاقىرتىپ چىقىشتىكى مەقسەت-

يەنە بىر خىل شەكلى ـ ئاتاغلىق سازەندىلەرنى تەكلىپ قىلىپ، يۇسۇپ ـ زىلەيخا، يۇسۇپ ئەخمەت قاتارلىق داستانلارنى ئوقۇتۇش، مۇقام ئېيتقۇزۇش قاتارلىق شەكىللەردىن باشقا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قىمار ئويناش، نەشە چېكىش قاتارلىق ئىشلار بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى. مەھەممەت ئىشانىم دېگەن كىشى غوجىلارغا دۇچار چىلىپ مۇقام ئوقۇپ بېرەتتى غوجىلار قىش كۈنلىرى ئوغلاق تارتىشىش، ئوۋچىلىق ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى.

غوجىلار بىز «پەيغەمبەر ئەۋلادى»، «سەيت ئەۋلادى» ئۆز ئەۋلادىمىزنىڭ ئۇرۇق ـ پۇشتىنى بۇلغىمايمىز ـ دەپ يەرلىك دېھقانلاردىن — ئۆزئارا تويلاشمايتتى. مۇبادا مەلۇم سەۋەب بىلەن يەرلىك دېھقانلارنىڭ ئۇرۇقىدىن نىكاھلىنىپ قالغانلارنىڭ ئىناۋىتى بولمايتتى ياكى ئۇنداقلارنى ئۆز قېتىمغا ئالمايتتى. ئۇلار ئاساسلىقى ئۆز ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرى بىلەن تويلىشىشتىن باشقا گۇڭ ـ غوجىلار بىلەن قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەت ئورناتقان. مەسىلەن، تارىخان غوجىنىڭ ئانىسى سامساقخان گۇڭلار پۇشتىدىن ئىدى. بۇ مەھەممەت ئېلى گۇڭ دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇندىن باشقا ئېگىز ئېرىق غوجىلاردىن بولغان ئىبراھىم ئىشان دېگەن كىشى ئابدۇراھمان پاشا ـ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تۇل قالغان خوتۇنى رەۋى ـ خېنىمنى خوتۇنلۇققا ئالغان. بۇ توغرىدا مۇنداق بىر قوشاق تارقالغان:

ئېچىلغان. ئېگىز ئېرىق غوجىلارنىڭ زاۋىدىن خوتەنگىچە بولغان جايلاردىكى دەڭ - سارايلىرى، نەچچە مىڭ تۇياق چارۋىلىرى شۇ چاغدىن باشلاپ روناق تاپقان ۋە كۆپەيگەن. ئۇلارنىڭ يەرلىك ئىمتىيازىمۇ بارغانسېرى كۈچىيىپ ئەمگەكچى خەلقنىڭ بۇ «پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى»غا بولغان ساددا، ستىخىيىلىك ھۆرمەت ۋە ئېتىقادى بارغانسېرى ئېشىپ بارغان.

## ئېگىز ئېرىق غوجىلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئەھۋالى

1. ئېگىز ئېرىق غوجىلارنىڭ ئاقسارايى يېزىسىدا غوجا خەلپىلىرىم دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر ئۇرۇقداش تارمىقى بولۇپ، بۇلار نامرات تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن، ئەمما بۇلار ئىچىدە موللا، ئۆلىما، ئىشانلار كۆپ بولغانلىقتىن خەلپىلىرىم دەپ ئاتالغان، ئېگىز ئېرىق غوجىلارنىڭ يەر، مال دۇنياسى كۆپ بولسىمۇ موللا كىشىلەر يوق دېيەرلىك. شۇڭا ئۇلار، «ئېگىز ئېرىق غوجىلار» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. بۇ ھەقتە غوجىلار ئىچىدە مۇنداق بىر تارىخىي رىۋايەت ساقلانغان مەۋلانا خەلپەم دەسلەپ بەلختىن چىڭگىزخان ئىستىلاسىدا قېچىپ كېلىپ كۇيا يېزىسىنىڭ دەرۋىش كەنتىدە ئولتۇراقلاشقان. مەۋلانا خەلپەمنىڭ سوپىتالىپلىرى دەرۋىشنىڭ ئادەملىرى بىلەن سۇ تالىشىپ قېلىش ماجراسى بىلەن مەۋلانا خەلپەمنىڭ ئۆيلىرى

ھۇ دەل مۇشۇ «خان» نىڭ مەنىسىنى ئېنىقلاش، ئۆزىدىن خانلىق تالىشىش گۇمانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خاتىرجەملىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى)، تارىخان ناھايىتى قۇۋ، زېرەك ئادەم بولغانلىقتىن، خاننىڭ سوئالىغا دۇدۇقلىماي جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ: بىزلەر دېھقان، يەر تېرىش بىلەن شۇغۇللىنىمىز، شۇڭا بىزنىڭ ئىسمىمىزغا ئاشۇ «دېھقان» دېگەندىكى خان قوشۇلۇپ كەلگەن، دەيدۇ. خان ئۇنىڭ جاۋابىدىن قانائەت ھاسىل قىلىپ: خوش، رىيازەت چېكىپسىز، نېمە تەلىپىڭىز بار؟ — دەپ سورايدۇ. تارىخان: ھېچقانداق تەلىپىم يوق، پەقەت بىر كالا تېرىسى ئورنىچىلىك يەرگە موھۇر خەت قىلىپ بەرسىڭىز، مەن دېھقان ئادەم بولغاندىن كېيىن تېرىپ يەپ جان باقسام، دېگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. خان ئامبال ئۇنىڭ دېگىنىدەك موھۇر خەت قىلىپ ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداش بىلەن ئۇنى قوغداپ مېڭىشقا بىر بۆلۈك خەنزۇ چېرىكلەرنى بىللە قوشۇپ يولغا سالىدۇ. تارىخان قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلار ئىچىدىكى ئىناۋىتى ئۆسۈپلا قالماي، كالا تېرىسىنى تىلىپ زەي تاسما قىلىپ، شىمالدىن جەنۇبقا، شەرقتىن غەربكە تارتىپ كۋادرات شەكلىدە بىمالال نەچچە مىڭ مو يەر ئىگىلىگەن. نەتىجىدە زاۋىدىن پىيالما، دۇۋا، فوفۇنا، خوتەن، ياۋا قاتارلىق جايلارغىچە بىر مۇنچە تاغ، يايلاق ۋە تېرىلغۇ يەرلەرنى ئىگىلىگەن، ياۋا يېزىسىدىكى مىڭ مو دېگەن يەر شۇ چاغدا

تىخان بىلەن نىكاھلانغان. كېيىن ئابدۇرەھمانخان غوجا مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش تەييارلىقى ئۈچۈن غوجىلارنىڭ كالا - قويلىرىنى ھەيدەپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتكەن. غوجىلار ماللارنىڭ يېرىمىنى قويۇپ كەتسەڭلەر دېگەندە ئۇلار ئۇنىماي ھەممىنى ھەيدەپ ماڭغان. نەتىجىدە ئىككى تەرەپ ئۇرۇشۇپ غوجا تەرەپتىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى قېچىپ جېنىنى قۇتقۇزغان بولسىمۇ، ئابدۇرەھمانخان غوجىنىڭ سىڭلىسىنى ئۆز نىكاھىدا ساقلاۋاتقان مەھەممەتتوختىخان: مەن ئۇلارغا كۈيئوغۇل بولغاندىن كېيىن ماڭا چېقىلمايدىغۇ - دەپ خاتىرجەم ئۆيىدە تۇرۇۋەرگەن. لېكىن ھەببۇللا مۇپتى ھاجىنىڭ ئوغلى ئابدۇراھمانخان ئەۋەتكەن ئادەملەر دەرغەزەپ بولۇپ مەھەممەتتوختىخاننىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ ئۇنى چالا بوغۇزلاپ قويۇپ كەتكەن. مەھەممەتتوختىخان چالا بوغۇزلانغانلىقتىن تىكىپ داۋالاش نەتىجىسىدە ساقايغان بولسىمۇ 6 ئايدىن كېيىن ئاتچۇي غوجىلار ئۇنىڭ ساقايغانلىقىنى ئاڭلاپ كېلىپ بوغۇپ ئۆلتۈرگەن، مەھەممەتتوختىخاننى بوغۇزلىغان پىل سۆڭىكى دەستىلىك پىچاقنى غوجىلار ئەۋلادىدىن ئۆمەرخان ئاتا بوۋىسىدىن تارتىپ ساقلاپ كەلگەن ئىكەن.

ئابدۇراھمانخان غوجا (پاششا) قوزغىلاڭدا ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تۇل قالغان ئايالى رەۋى خېنىمنى ئىبراھىم ئىشان نىكاھىغا ئالغان.

گە ئۇت قويغان، بۇ چاغدا مەۋلانا خەلىپەمنىڭ بىر
قىزى خەزىنە ئاچقۇچىنى، بىر ئوغلى قۇرئان ۋە باشقا
كىتابلىرىنى كۆتۈرۈپ چىققان. بۇ چاغدا مەۋلانا
خەلىپەم ئاچقۇچ كۆتۈرۈپ چىققان قىزىغا: ساڭا
ئاللا دۇنيا ئاتا قىلغاي دەپ دۇئا قىلغان، قۇرئان
كىتابلارنى ئېلىپ چىققان ئوغلىغا: ساڭا ئاللا ئىمان
ۋە ئىلىم ئاتا قىلغاي دەپ دۇئا قىلغان ئىكەن.
شۇڭا قىز تەرەپ ئېگىز ئېرىق غوجىلار مال دۇنياغا
ئىگە بولغان، ئوغۇل تەرەپ ئاقساراي خەلىپىلەر ئى-
لىم - بىلىم ئۈگىنىپ موللا ئۆلىمالاردىن بولغان دېگەن
رىۋايەت هازىرغىچە تارقىلىپ كەلمەكتە.
هازىر ئېگىز ئېرىق غوجىلار ئەۋلادلىرىدىن ئاب-
دۇل ئەزىزخان، — ئاقساراي - خەلىپىلەردىن ئابدۇل-
ۋاهاپ خان هاجى، ئابدۇل هەمىت خان قاتارلىقلار
هايات ياشىماقتا. مۇهەممەتنىيازخان مەخدۇم مەۋلانا
خەلىپەمنىڭ مەقبەرىسىدىكى چوڭ خانىقانىڭ
خاتىپى ۋە ناهىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى
بولغان.
2. ئېگىز ئېرىق غوجىلار، بىز باشتا ئېيتىپ ئۆت-
كەندەك ئۆز نەسەبىمىزدىن ئەمەس - دەپ يەرلىك
خەلقلەرنىڭ قىزلىرىنى نىكاھىغا ئالمايتتى ۋە قىز
بەرمەيتتى. لېكىن ئۆز نەسەبىدىن بولمىسىمۇ يۇقىرى
تەبىقىلەر بىلەن تويلىشاتتى، مەنچىلىك خاندانلىقى
دەۋرىدە ئاتچۇيدىكى غوجىلاردىن ھەبىبۇللا مۇپتى
هاجىنىڭ قىزى ئېگىز ئېرىق غوجىلاردىن مەهەممەتتوخ-

ئۇلاردا پىكىر كۆز قاراش جەھەتلەردە ئوخشاشلىق
مۇناسىۋەتى بار ئىدى. يەنى ھەر ئىككى تەرەپ
ھۆكۈمەتنى قوللايتتى. ھۆكۈمەتمۇ ئۇلارغا چېقىلمايت-
تى. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن بۇ ئىككى غوجىلار ئوتتۇرى-
سىدا زىددىيەت يوق ئىدى. ۋەھالەنكى ئېگىز ئېرىق
غوجىلار بىلەن ئاتچۇي غوجىلار ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈر
زىددىيەت بولۇپلا قالماستىن، بۇرۇنقى قۇدا - باجى-
لىق مۇناسىۋەتى بارا - بارا دوست - دۈشمەن
ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە بېرىپ يەتكەن. چۈنكى
ئېگىز ئېرىق غوجىلار ئۆزلىرىنىڭ يەر مال - دۇنيا-
لىرىنىلا قوغدايتتى. قانداق ھۆكۈمەت بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر ئۇلارغا چېقىلمىسىلا شۇ ھۆكۈمەتنىڭ
ھىمايىسىدە ئۆز ئىمتىيازىنى ساقلاپ قېلىشنى، «سەئىد
ئەۋلادى» دېگەن نامىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىقنى
ئارزۇ قىلاتتى. ھېبىبۇللا مۇپتى ھاجى بولسا ئۆزى-
نىڭ ئەلەملىك ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن
بىرگە سىرتنىڭ تاجاۋۇزىغىمۇ قارشى تۇراتتى،
ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجىنىڭ ئېگىز ئېرىق غوجىلار بىلەن
قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەتى ئورنىتىشىدىكى سەۋەبىمۇ
دەل ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، غوجىلارنىڭ - مال
دۇنياسى ئارقىلىق ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش-
كە تېخىمۇ كۈچلۈك ئاساس يارىتىشنى مەقسەت قىل-
غان ئىدى. ئەپسۇسكى غوجىلار مەيلى يەرلىك ھۆكۈ-
مەتنىڭ زوراۋانلىقى بولسۇن، مەيلى سىرتنىڭ
تەجاۋۇزى بولسۇن مېھماندارچىلىق، سوۋغا - سالام

3. ئېگىز ئېرىق غوجىلاردىن زىكرىيا ئىشان مەھەممەت ئېلى گۈك غوجىنىڭ قىزى سامساق خېنىمنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىپ، بىر نەچچە قىز ـ ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئېگىز ئېرىق غوجىلارنىڭ يەركەندىكى تۇغقانلىرىدىن بىرى سامساق خېنىمنىرازى خېنىم ئىسىملىك بىر خوتۇنىنىڭ ئۈستىگە نىكاھلاپ ئالغان.

شۇ چاغدىكى ۋاقەلەردىن توقۇلغان بىر قوشاق بۇ ئىشلارنىڭ پاكىتى سۈپىتىدە خەلق ئېغىزىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە:

ئاق بوز ئاتنى دالايسەن،
قارا بوز ئاتقا يەتمەيدۇ.
سامساقخانىنى دالايسەن،
رازىخانغا يەتمەيدۇ.

دېمەك ئېگىز ئېرىق غوجىلارنىڭ ئۇرۇق ـ پۈشتى يەكەندىكى تۇغقانلىرى، خوتەن ئاتچۇيدىكى غوجىلار ۋە قاراقاشنىڭ تىۋەتتىمىكى گۈك غوجىلارغىچە چېتىلىدۇ.

ئېگىز ئېرىق غوجىلار بىلەن ئاتچۇي غوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى

ئېگىز ئېرىق غوجىلار بىلەن گۈك غوجىلارنىڭ قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتى بولۇپلا قالماستىن

قىلچە قۇشۇلمىسىمۇ «ئۆيگە كىرگەن مېھمان قوزىدىن يۇۋاش» دېگەندەك مۇپتى ھاجىنىڭ پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ قايتىپ كېلىدۇ. تارىخان قاي- تىپ كەلگەندىن كېيىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ ئور- نىغا قېچىش تەييارلىقىنى قىلىپ ئۇرۇق - تۇغقان بالا - چاقىلىرى پەتتار خەلپەمنى ئېلىپ ئاتلىق يە- كەنگە قاچىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجى دەرغەزەپ بولۇپ تارىخان بىلەن پەتتار خەلپەمنى تۇتۇش ۋە پەۋقۇلئاددە تۇتۇشۇپ قېلىش ئېھتىماللىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئىلچىنىڭ مۇپتىسىنىڭ قوماندانلى- قىدا 300 ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. بۇ چاغدا تارى- خانلار ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەن بولۇپ پەتتار خەلپەمنىڭ 7 ياشلىق ئوغلى رەھىم باقىنى قولغا چۈشۈرىدۇ. بىراق بۇ نارەسىدە بالىنى ئېلىپ بېرىپ غەزەپكە يولۇقتۇرۇشقا ئىچى ئاغرىغان كىشىلەر: بىز بۇ بالىنى ئاپارمايلى، ئەگەر ئاپارساق توپ ئوقىغا يەم قىلىمىز. مۇپتى ھاجىمغا پەتتار خەلپەم رەھىم باقى ئىسىملىك بىرلا بېقىۋالغان بالىسىنى تاشلاپ قېچىپتۇ. بۇ بالىنى ئەسلىدىكى ئانىسى قولىغا ئاپتۇ، ئۇنى ئېلىپ كەلگەننىڭ پايدىسى بولماس دەپ ئېلىپ كەلمىدۇق، دەپ ئىشنى تۈگەتكەن.

تارىخانلار يەكەنگە بېرىپ ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن ياقۇپ بەگ ھېبىبۇللا مۇپتى ھاجىنىڭ سۇلدۇر- خان، مەسۇمخان - ئىسىملىك ئىككى ئوغلىغا تون كىيگۈزۈپ، دۇئا ئالغىلى كەلدۇق دېگەن ساختا نام

ئارقىلىقلا مۇرەسسە يولى بىلەن ئۆز ئىمتىيازىنى
ساقلاپ قېلىشنى ئويلايتتى. مانا بۇ خىل ئوخشىمىغان
قاراشلار ئىككى تەرەپنى قاتتىق ئۆچمەنلىك گىردا-
بىغا ئېلىپ باردى.

بۇنىڭغا بىر مىسال: ھەبىبۇللا مۇپتىي ھاجى
مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش
ئۈچۈن ھەربىي كۈچىنى تولۇقلاش مەقسىتىدە 1860 -
يىلى ئېگىز ئېرىق غوجىلاردىن تارىخانىنى ئۆزىنىڭ
خوتەن گازۇندىكى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىدۇ. تارىخان
ئۆزىنىڭ يېقىن سۆھبەتدىشى پەتتار خەلپەمنىڭ
ھەمراھلىقىدا ھەبىبۇللا مۇپتىي ھاجىنىڭ گازۇندىكى
ئۆيىگە بارغاندا، كۈتكۈچىلەر تارىخانىنى كىرىشكە
رۇخسەت قىلىپ، پەتتار خەلپەمنى كىرگۈزمەيدۇ.
بۇ چاغدا تارىخان: بۇ كىشى مېنىڭ ئەڭ يېقىن
ئادىمىم، بۇ كىشى كىرمىسە مەنمۇ كىرمەيمەن دەپ
تۇرۇۋالىدۇ. نائىلاج ئىككىلىسىنى كىرگۈزگەندىن
كېيىن ھەبىبۇللا مۇپتىي ھاجىم تارىخان بىلەن
سۆھبەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدا ھۆكۈمەتكە قارشى
قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ تەييارلىقى ھەققىدە كۆپ
مەسلىھەتلەرنى بېرىدۇ. ئاخىرىدا بىز خوتەندە
ئەسكەر تەييارلاپ بولدۇق، سىلەر قاراقاشنى پەتھى
قىلىڭلار، بىز خوتەننى پەتھى قىلىمىز، تايىتاق
بازىرى ئۇدۇلىدىكى دەريا بويىدا غەلىبىلىك ئۇچرى-
شايلى، دەيدۇ. تارىخان ئۆز بايلىقلىرىنى ۋە ئىمتى-
يازىنى قوغداشنىڭ كويىدا بۇ پىكىرلەرگە كۆڭلىدە

ئىسلام سوقۇش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئامىلىخان ھاجى ھەرەمگە كېتىپ ماكانلاشقان، ئۇنىڭ ئوغلى مەتتۇر دىخان ھاجى ھازىر تۈركىيىدە ھايات بار.

### ئەبەيدۇللا خان غوجىنىڭ ماخوسەن قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغاندىن كېيىنكى پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلۈشى

1934 - يىلى 6 - ئايدا ئىسلام قوزغىلىڭى مەغلۇپ - بولغاندىن كېيىن مەھەممەتئىمىن داموللا 300 دىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن لاگىرو، فوفونا تاغ جىلغىلىرىنى بويلاپ چېكىنىدۇ. ئۇلار بىر تەرەپتىن چېكىنىپ بىر تەرەپتىن قوغلاپ كەلگەن ماخوسەن قوشۇنلىرى بىلەن قاتتىق ئېتىشىدۇ. چېكىنىش جېڭى قىلىۋاتقان قوشۇن ئىچىدە ئېگىز ئېرىق غوجىلارنىڭ نەسەبىدىكى جالالىدىن خان غوجىنىڭ 20 نەچچە ياشلىق ئوغلى ئەبەيدۇللا خان بار بولۇپ، ماخوسەن قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدۇ. ماخوسەن قوشۇنلىرى مەھەممەتئىمىن داموللا قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن - ئەبەيدۇللا خاننى خوتەنگە ئېلىپ بېرىپ تۈرمىگە قاماپ قويىدۇ. جالالىدىن خان غوجا جېنىدىنمۇ ئېزىز كۆرىدىغان ئوغلى ئەبەيدۇللا خاننىڭ قامىلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئازابلىنىپ ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن سوۋغا سالام ئېلىپ بېرىپ خوتەندىكى ماخو-

بىلەن ھەببۇللا مۇپتى ھاجىنى گازۇندىكى ئوردىسىدا ئالداپ ئۆلتۈرگەن، بۇ چاغدا ھەببۇللا مۇپتى ھاجىنىڭ تاجاۋۇزچىلارغا ئالدانغانلىقىنى كۆرگەن خەلق مۇنداق قوشاق توقۇغان:

مەسۇمخان دېگەن ئاخماق،
بېلىدە كۈمۈش چاقماق.
بۇ جاھاندا بارمىكىن،
چارچاپانغا شەر ساتماق.

بۇنى ئاڭلىغان تارىخان خاتىرجەم ھالدا يەكەنـ دىن قايتىپ كەلگەن.

**ئېگىز ئېرىق غوجىلارنىڭ ئىسلام قوزغىلىڭىغا قاتنىشىشى**

1933 ـ يىلى قاراقاشتا پارتلىغان مەھەممەتـ ئىمىن داموللا باشچىلىقىدىكى ئىسلام قوزغىلىڭىدا ئېگىز ئېرىق غوجىلار سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتـ تىن ئاكتىپ رول ئوينىدى. ئۇلار قوزغىلاڭنىڭ ئىقتىسادىي چىقىملىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز خەزىنىـ سىدىن قوزغىلاڭغا بەدەل قىلىشتىن سىرت ئاملىخان ھاجى مۇئاۋىن قوماندانلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنـ دى. تۇرسۇنباقىخان، يۇسۇپخانلار ئەسكەر باشلىقى بولۇپ يېڭىسارىدىكى ماخوسەن ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان سوقۇشتا ئۆلگەن. 1934 ـ يىلى 6 ـ ئايدا

ھاجى تەرەپتىن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. ئېگىز ئىرىق غوجىلار ئۆز نەسەپنامىسىنى قايتىدىن تۇرغۇزۇپ - چىققاندىن كېيىن ئۇنى جېنىدىنمۇ ئارتۇق كۆرۈپ ساقلاشنى بىر - بىرىگە ۋەسىيەت قىلىپ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئىككى نۇسخا نەسەبنامە ساقلىغان. بۇنىڭ بىرسى سامان قەغەزگە يېزىلغان بولۇپ، كونىراپ يىرتىلىپ كەتكەن، يەنە بىرى ئۇزۇنلۇقى 3 مېتىر كەڭلىكى 35 - سانتىمېترلىق خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان نۇسخا بولۇپ ئاخىرقى غوجا ئەۋلادلىرىدىن ئابدۇللا ئەزىزخان غوجا ساقلىغان.

بۇ نەسەپنامە ۋە باشقا تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا ئېگىز ئىرىق غوجىلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تۆۋەندە بايان قىلىنغاندەك مەنبەگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ. چىڭگىز خان ماۋا ئۇننەھرىگە بېسىپ كىرگەندە بۇخارادا ئەبۇ ھاپىز كەبىرى، خارەزىمدە شەيخ نەجمىدىن كۇبرا قاتارلىق ئالىملاردىن 60 مىڭدىن ئارتۇق تالىپلار ئىلىم ئېلىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ 21 - ئەۋلادى ئىلىم - ئىرفاندا كامالەتكە يەتكەن يۈسۈپ خۇاجە ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلىمىگە قايىل بولغانلار ئۇنى ھۆرمەت يۈزىسىدىن مەۋلانا خەلىپەم دەپ ئاتىشاتتى.

چىڭگىزخاننىڭ قىرغىنچىلىقىدىن ئېھتىيات قىلغان ئالىملار دەرھال ئۆزلىرى خالىغان مەملە-

سەنىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا يالۋۇرىدۇ. ئەمەلدار 15 چارەك ئالتۇن ئېلىپ كەلسەڭ بالاڭنى بېرىمىز، دەيدۇ. جالالىدىنخان غوجا ئىككى قېتىمدا 15 چارەك ئالتۇن بېرىدۇ، لېكىن ئەمەلدارلار ئالتۇننى ئېلىپ بولۇپلا جالالىدىنخان غوجىنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئەبەيدۇللاخاننى چېپىپ تاشلايدۇ. بۇ خىل پاجىئەلىك ئەلەمدىن پۈچۈلانغان جالالىدىنخان غوجا داستانچىلارنى تەكلىپ قىلىپ ئوغلى ھەققىدە داستان توقۇتىدۇ. ئەمەلىي ۋەقەدىن توقۇپ چىقىرىلغان بۇ داستان ئەبەيدۇللاخاننىڭ ماتەمدە ناھايىتى تەسىرلىك ئوقۇلۇپ مېيىت ئۇزىتىلىدۇ. بۇ «قارا قاش خەلق داستانلىرى» ئىچىدىكى مەشھۇر خەلق داستانى قاتارىدا خەلق ئارىسىدا 60 نەچچە يىلدىن بېرى كەڭ تارقىلىپلا قالماستىن، «بۇلاق» مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلىندى، «قارا قاش خەلق داستانلىرى» — كىتابىدا «ئەبەيدۇللاخان» دېگەن نام بىلەن ئۆچمەس ئورۇن ئالدى.

## ئېگىز ئېرىق غوجىلارنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى

ئېگىز ئېرىق غوجىلار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر- ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش، ئۆزلىرىنىڭ نامىنى ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مۇكەممەل نەسەبنامە (شەجەرات) قالدۇرۇپ ماڭغان، ئەپسۇسكى بۇ نەسەبنامىلەر ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجى بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالغان چاغلاردا مۇپتى

8. خوجا يەھيا خانىنىڭ ئوغلى: خوجى زىكرىيا-خان ئىشان،

خوجا زىكرىيا خان ئىشانىنىڭ ئوغۇللىرى ۋە قىزلىرى:

| ئوغۇللىرى: | قىزلىرى: |
| --- | --- |
| 1. ئىبراھىم خان غوجا. | 1. ماھ شادە خېنىم. |
| 2. مەتتوختىخان. | 2. ھاجەر خېنىم، |
| 3. تارىخان. | 3. چولپان خېنىم. |
| 4. ئەلىمخان ھاجى. | |
| 5. ئەرەخان غوجا. | |

يۇقىرىقى 2 رەتكە يېزىلغان مەتتوختى خان خان ئىشانىنىڭ ئوغلى غوجى ئەبەيدۇللا خان (1937 - يىلى ۋارا قاشتا تۇنجى يېڭى مائارىپنىڭ بارلىققا كېلىشىدە تۆھپە قوشقان زات.)

خوجا ئەبەيدۇللا خانىنىڭ ئوغلى ئابدۇلئەزىز خان (ھازىر ھايات ياشاۋاتقان دېھقان).

يۇقىرىقى 3 - رەتتىكى تارىخانىنىڭ ئوغۇل قىزلىرى:

5 ئوغۇل، 3 قىز بولۇپ بولار تۆۋەندىكىچە:

| ئوغۇللىرى: | قىزلىرى: |
| --- | --- |
| 1. ئىسمائىل خان غوجا | 1. ئايشەخان ھاجى. |
| 2. ئاتاۋۇللا خان غوجا. | 2. نىساخان ھاجى. |
| 3. ناماخان غوجا | 3. ئوغۇلخان ھاجى. |
| 4. ئەكرەمخان غوجا. | |

كه تلەرگه قېچىپ پاناھلىنىشىقا ئىمجازەت ئالىغانىدىن كېيىن يۇسۇپ خۇاجه مەۋلانا خەلىپەم بەلىخ ئارقى-لىق يەركەنگه كېلىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ قارا قاش كۇيا يېزىسىنىڭ دەرۋىش كەنتىدە ئولتۇراقلاش-قان. كېيىن بۇ يەردىن - سۇ ماجىراسى بىلەن ئاق-سا راي يېزىسىغا كۆچۈپ چىقىپ تاش مازار دېگەن يەردە ئېتىكاپخانا سېلىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچه شۇ يەردە تۇرغان. ۋاپات بولغاندىن كېيىن تاقى ئالدى مازارىغا دەپىن قىلىنغان. ھازىرمۇ قەبرىسى ئوب-دان ئاسرالغان.

ئېگىز ئېرىق غوجىلار مەۋلانا خەلىپەمنىڭ ئوغۇل ئەۋلادى، ئاقسا راي خەلىپىلەر قىز ئەۋلادى بولۇپ ھازىرغىچه بۇ - نەسەپنامىنى ئۆز ئارىسىدا ساقلاپ كەلمەكتە.

**نەسەپنامەدىكى زەنجىرسىمان ئىسىملار:**

1. مەۋلانا خەلىپەمنىڭ ئوغلى: خۇشرىي.
2. خۇشرىينىڭ ئوغلى: خۇشتۇرخان غوجا.
3. خۇشتۇرخان غوجىنىڭ ئوغلى: خۇجى شۇكرى.
4. خوجى شۇكرىنىڭ ئوغلى: ئىما ئخان غوجا.
5. ئىما ئخان غوجىنىڭ ئوغلى: ئابدۇشۇكۇرخان غوجا.
6. ئابدۇشۇكۇر خان غوجىنىڭ ئوغلى: زىكرىيا خان غوجا.
7. زىكرىيا خان غوجىنىڭ ئوغلى: خوجى يەھيا خان غوجا.

## شاخلىق فېئوداللىق قورۇسى توغرىسىدا

### جاپپار رەھىمى

قاراقاش ناھىيىسىنىڭ سايباغ يېزىسى تەۋەلىكىدە شاخلىق دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت بار. شاخلىق فېئودالىق قورۇسى مۇشۇ كەنتكە جايلاشقان. بۇ قورۇ — ئېگىز ئېرىق غوجىلارنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى مەتتۇرسۇن خان ھاجىنىڭ قورا - جايى بولۇپ 1925 - يىلى سېلىنغان. ئەسلىدە 20 نەچچە ئېغىز ئۆي، ئۈچ كۆل، 20 مودىن ئارتۇق باغ ئىچىگە سېلىنغان بولۇپ، باغدا ئالما، ئانار، نەشپۈت، ئۈزۈم، ياڭاق، چىنار، سۆگەت، سەندەل دەرىخى، سىدە، سىرىنگۈل، ئارچا قاتارلىق ھەرخىل مېۋە، مەنزىرە دەرەخلىرى يېتىلدۈرگەن. بۇ باغ ناھىيە تەۋەسىدە تېپىلما يدىغان چىرايلىق باغ بولۇپ، بۇنىڭدىكى ھەشەمەتلىك ئايۋان - سارايلار 1949 - يىلىغا كەلگۈچە ئېگىز ئېرىق غوجىلاردىن بولغان مەتتۇرسۇن خان ھاجىنىڭ ئارامگاھى ئىدى. مەتتۇرسۇن خان ھاجى مۇشۇ چاھار باغ ئىچىدە نەچچە ئون خىزمەتكارلىرىنىڭ

5. غازىخان

يۇقىرىقى 4 - رەتتىكى ئىلىخان ھاجىنىڭ ئوغلى مەھەممەتئىلىخاننىڭ زەينەپ خېنىم، ئاتىكە خېنىم ئىسىملىك ئىككىلا قىزى بار ئىدى.

يۇقىرىدا ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە غوجىلارنىڭ ئىسىملىكىنى تارىخىمىزدا بايان قىلدۇق.

## ئېگىز ئېرىق غوجىلارنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى

دۆلىتىمىز ئازاد بولغاندىن ئېگىز ئېرىق غوجىلاردىن مەھەممەتئىلىخان، غوجى ئەبەيدۇللا خان، يەھياخان، ئابدۇشۇكۇرخان، ئەيساخان ھاجى، مەھەممەتئىبراھىم خان، يۇسۇپخان، مەھەممەتخان، ماخمۇتخان، گۆھەر تاجى خېنىم، ئاتىكە خېنىم، بۇۋى زورا خېنىم، ماھ شادە خېنىم، نەبى تاجى خېنىم قاتارلىق ئەر - ئايال 25 تىن ئارتۇق كىشى پومىشچىك بولغان. ئەخمەتخان زالىم، قانخور بولغانلىقتىن 51 - يىلى زومىگەر بولۇپ باستۇرۇلغان.

خوجا ئەبەيدۇللا خان خەلقپەرۋەر، ئىلىم پەرۋەر كىشى بولۇپ ئىلغار پومىشچىكلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنغان. ئۇ دېموكراتىك ئىلغار زاتلار سېپىدىن ئورۇن ئېلىپ سىياسىي كېڭەشنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ 1973 يىلى كېسەللىك سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

قادىر 1958 - يىلى بۇ يەرگە كېلىپ خىزمەتتە بولـ
دى. نۇرغۇن سەنئەتكارلار، سىنارىستلار بۇ يەردە
هۆججەتلىك فىلىملەرنى ئىشلىدى ۋە ماتېريال يىغـ
دى. 1962 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈـ
مىتى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇهاپىـ
زەت قىلىنىدىغان يادىكارلىق ئورنى قىلىشنى ئېلان
قىلغان.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن
كېيىن خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى
ئىدارىسى رەسمىي ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ، بۇ يەرگە قوغـ
داش تاختىسى بېكىتىپ، بۇ يەرنى قوغداش. باشقۇـ
رۇشقا مەخسۇس ئادەم قويغان. هازىر «شاخلىق فېـ
ئودالىلىق قوراسى» ئىچىدىكى ئالتە ئېغىز ئۆي، باغ،
هەر خىل مېۋە - چېۋە ۋە ئەتىۋارلىق دەرەخلەر ئۆز
پېتى ساقلىنىپلا قالماي، ئەتراپى مۇستەهكەم ئېتىـ
لىپ، دەرۋازىدىن كىرىپ چىقىش تۈزۈملىرى بېكىـ
تىلدى. هازىر بۇ باغنىڭ مېۋە - چېۋىلىرىدىن كېـ
رىم قىلىنىۋاتقان پۇل نەچچە مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

مۇناسىۋەتلىك تارماقلار «شاخلىق فېئودالـ
لىق قوروسى»نى قايتا رېمونت قىلىش ۋاقىتلىق بەلـ
گىلىمىنى تۈزۈپ چىقتى.

ھەمما يەردە خالىسا باغ سەيلىسى قىلالايتتى، خالىسا
ئېتىغا مىنىپ ئۆز تەبەقىسىدىكى يارانلىرىنىڭ ئۆيى-
گە مېھمانغا باراتتى. ھىندىستان، كەشمىر قاتارلىق
دۆلەتلەرگە ساياھەتكە چىقىپ مەدەنىيەتلىك شەھەر-
لەردە ئويناپ، كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن ماللارنى
ۋە ئېسىل بۇيۇملارنى ئېلىپ كېلەتتى. ئۇ ھەر قېتىم
چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەندە نەچچە ئون خىزمەت-
كارلىرى ئالدىغا بېرىپ كۈتۈۋالاتتى. مەتتۇرسۇنخان
ھاجى ئازادلىق ھارپىسىدا چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى.
ئازادلىقتىن كېيىن بۇ باغ - قورۇلار ھۆكۈمەت ئىگە-
دارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈپ ئېلىنىپ، مەتتۇرسۇنخان
ھاجى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تەركىبى ۋە قىلمىش-
لىرى بىر تەرەپ قىلىندى. يەرلىرى مۇسادىرە قىلىندى.
ئازادلىقتىن كېيىنكى يىللاردا بۇ قورۇ - باغلار
كادىرلار دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشخانا ۋە ياتىقى
قىلىندى. 1956 - يىلىدىن كېيىن پىلە - ئۈجمىچى-
لىك مەيدانىدىكى ئىشچىلار ياتاق قىلىپ ئىشلەتتى
ۋە شۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. شۇ جەرياندا بۇ
ھەشەمەتلىك ئۆيلەردىن پەقەت ئالتە ئېغىزلا ئۆي، بىر
كۆل ۋە يۇقىرىدا ئاتالغان مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز
دەرەخلەرلا قالدى.

لېكىن قاراقاشتىكى ئاخىرقى فېئوداللىق تۇ-
زۇمىنىڭ شاھىدى بولۇپ ساقلىنىپ قالغان بۇ قورا-
نىڭ تارىخىغا قىزىققۇچىلار كۈنسايىن كۆپەيدى.

ئاتاغلىق يازغۇچى، دراماتورگ مەرھۇم زۇنۇن

تىش مەقسىتىدە چايخانا، دۇكان ئېچىپ نۇرغۇن كى-
شىلەرنى بۇ يەرگە جەلپ قىلىنغان. مىللىي بەزمە مەش-
رەپلەر قىزىپ، ئۇسسۇل ئويناش، چايخانا، مەيخانى-
لاردا مۇقام ئاڭلاش، كۆلكە - چاقچاقلار ئەۋجىگە
چىققان. ھەر قايسى يېزا رايونلىرىدا قوچقار سو-
قۇشتۇرۇش، خوراز سوقۇشتۇرۇش، چېلىشىش، ئوغلاق
تارتىش قاتارلىق ئويۇنلار ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت
پائالىيەتلىرى ئۆچ كۆنگىچە قىزىغان.

1941 - يىلى خوتەندە ئۆزبېكىستاندىن كەل-
گەن ھاجى مۇھەممەت، نۇرزات قاتارلىقلار ئاچقان
مۇزىكا كۇرسىغا ناھىيىمىزدىن نۇرسەيدى، ئىمىننىياز
ئەخمەت، ئىمىن غوجى، مەتنىياز ئىمىنشا قاتارلىق تۆت
نەپەر كىشى قاتنىشىپ، تۇنجى قېتىم ئىسكىرىپكا ۋە
باشقا سازلارنى چېلىشنى ئۆگىنىپ كەلگەن. بۇلار
ئۆگىنىشنى تاماملاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قارا
قاشتىكى ئۇيغۇر ئويۇشما تارمىقىدا بىر سانائى
نەفىس (سەنئەت گۇرۇپپىسى) تەشكىللەپ بۇ گۇرۇپ-
پىغا شەھەر قىزلار مەكتىپى، ئوغۇللار مەكتىپىدىن
لاياقەتلىك بولغان، سەنئەت ئىقتىدارى بارلارنى
تاللاپ قاتناشتۇرۇش بىلەن مەشرەپ شەكىللىرى ئاسا-
سىدا نۇرغۇن لەپەر، خورلارنى ئورۇندىغان. ياپونغا
قارشى تۇرۇش ۋە ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى
مەدھىيىلەيدىغان «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» قاتارلىق
درامىلارنى ئويناپ چىققان. ئۇندىن باشقا «ئارشىن
مال ئالان»، «رابىيە - سەئىدىن»، «تاھىر - زۆھرە»،

## ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى

### ئابدۇكېرىم ئابدۇللا، ئەخمەتجان مەخسۇت

ناھىيىمىزدە بۇرۇندىن باشلاپ داپ، دۇتار، راۋاب، تەمبۇر، ساتار، قالۇن قاتارلىق چالغۇلار ئارقىلىق مەھەللە مەشرەپلىرى، پىرە ئويۇنى، ھەر خىل بوۋا ئويۇنى، غاز ئويۇنى (ئىپتىدائىي سەھنە دراممىلىرى) ئوينىلىپ كەلگەندىن باشقا، لەپەر ئوي- ناش، ناخشا ئېيتىش ۋە 12 مۇقام ئولتۇرۇشلىرى ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇ چاغلاردا داڭلىق چالغۇچى- لاردىن ئايىمخان ھاجى، ساۋۇتخان، مۆمىنجان، روزەكجان، خېلىچخانلار تەمبۇر، ساتتارلار بىلەن مۇ- قام ئورۇنلايتتى.

1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سوچاڭ- دا قاراقاش تارىخىدا تۇنجى قېتىملىق چوڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلغان. بۇ چاغدا قۇربان گەيجاڭ، كېبىر ئاخۇن، باقى خۇيجاڭ قاتارلىق تىجا- رەتچى - سودىگەرلەرنى تەشكىللەپ سوچاڭنى قىزى-

ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رولى ناھايىتى زور بولدى.
گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىغا
ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن پەقەت
كارى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇيغۇر ئۇيۇشما
قارمىقىدىكى مەدەنىيەت، مائارىپ، مالىيە ئىشلىرىغا
مەسئۇل بۆلۈملەر ئۆشرە - زاكات ۋە باشقا ئۇسۇل-
لار بىلەن پۇل توپلاپ ناھىيىمىزنىڭ مەدەنىيەت،
مائارىپ، سەنئەت ئىشلىرىنى يېڭى بىر تەرەققىيات
باسقۇچىغا كۆتۈردى.

«غېرىپ - سەنەم» قاتارلىق درامىلار سەھنىلەشتۈ-
رۈلۈپ، ناھىيە بازىرىدا ۋە يېزىلارغا ئېلىپ بېرىپ
ئوينىغان. كېيىن - كىچىك ۋە سەھنە ئىشلىرى خېلى
يۇقىرى سەۋىيىدە بولۇپ، كېيىملەرگە ئۇنچە - مار-
جانلارنى تاقاپ، غېرىپ - سەنەمنىڭ بېشىغا كىيدى-
غان تاجلارنى ئەينەك پارچىلىرىدىن زىننەتلەپ سەھ-
نىنىمۇ شۇنىڭغا لايىق ياساپ ئوينىغان. شۇ چاغدىكى
سەھنە خوتەندىن كەلگەن چىڭ كويەن دېگەن خۇيزۇ رەس-
سامنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق ھەيۋەتلىك تۈسكە كىرگۈ-
زۈلگەن ئىدى. خوتەن ۋىلايىتى بويىچە تۇنجى قېتىم
سەھنە سەنئىتى قاراقاشتا ئەنە شۇنىداق مەيدانغا
كەلگەن.

سانائى نەفىس تەركىبىدىكى ئاساسلىق رول ئال-
غۇچى ئارتىستلاردىن ھەۋزى خانىم، ئالما خانىم،
نۆۋى خانىملاردىن باشقا درامىلاردا: شاھى ئابباس
رولىنى ئابدۇكېرىم قاسىم، سەنەم رولىنى مەريەم خا-
نىم، غېرىپ رولىنى غېنى توختى، ئوبۇلقاسىم توختى،
توختى سەيدى قاتارلىقلار ئويناپ چىققان. ياپونغا
قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىگە بېغىشلانغان درامىدا
مەتقۇربان پازىل ياپون باشلىقىنىڭ رولىنى ئالغان.

سازەندىلەردىن دىمىن ئىمىن، توختى سەيدى،
ئىمىنىياز ئەخمەت، ئابدۇرىشىت مىزام، جامال ئەيسا،
غېنى توختى قاتارلىقلار بار ئىدى. سەھنىنى يورۇ-
تۇش دەسلەپ گاز چىرىغى كېيىنچە سەييۇجىدىن توك
چىقىرىش ئارقىلىق بولغان. ئەنە شۇ يىللاردا ئۇيغۇر

ئۆگەنگەندىن باشقا ئەرەب، پارس تىللىرى بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلاتتى. ئەدەبىيات، تارىخ ۋە ئىلمى نۇجۇم ئۆگىنەتتى. شائىر ياش چاغلىرىنى دادىسىنىڭ ئەنە شۇنداق ئەۋزەل شارائىتى ئاستىدا ئۆتكۈزدى ۋە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئەدەبىيات ئىلمى تەرەپكە كۆپرەك قىزىقىشتا بولدى.

شائىر 18 ياشقا كىرگەندە دادىسىنىڭ تاپشۇرىقى بويىچە قەشقەرگە بېرىپ «خانلىق مەدرىستە» ئوقۇشقا باشلىدى. بۇ يەردىكى قايناق ئىلمىي ھايات شائىرنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بىلەن تەمىنلەپ ئۇنى ئىلىم - بىلىمنىڭ كەڭرى شارائىتىغا — تەپەككۇرنىڭ پاساھەت ۋە بالاغەت مۇھىتىغا باشلاپ كىردى.

شائىر 24 ياشقا كىرگەن يىلى خانلىق مەدرىستىكى ئوقۇش ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئانا يۇرتى — قاراقاشقا قايتىپ كەلدى ھەمدە شۇ چاغدىكى يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئىنايىتۇللا مۇپتىنىڭ ئىشەنچىسى بويىچە داڭلىق گۈزەر مەسچىتىگە ئىماملىققا تەيىنلەندى.

شائىر خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، شەرىئەت ئىشلىرىغا قاتناشقاندىن باشقا، ۋاقتىنى ئاساسەن تېۋىپلىق كەسپى بىلەن ئۆتكۈزۈپ، كىتاب ئوقۇش ۋە يېزىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈشكە باشلىدى. 1828 - يىلى 88 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

## ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى مەشھۇر كىشىلەر

قاراقاش تارىخىدا ئۆزلىرىنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان سەنئەتكارلار، شائىرلار، تىببىي ئالىملار، ئاسترونوملار ۋە داڭلىق ھۈنەرۋەنلەر ئۆتكەن. بىز ئۇلارنىڭ تەرجىمىھاللىرىنىڭ بىر قىسمىنى كونا گېزىت - ژۇرنال ئارخىپلىرىدىن، بىر قىسمىنى جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان پېشقەدەم ئىلىم سۆيەر تىرىك تارىخ شاھىدلىرىدىن تەپسىلىي ئېنىقلاش ئارقىلىق توپلاپ تارىخ ماتېرىياللىرىغا كىرگۈزدۇق.

### ساتىرىك شائىر ئەخمەتشاھ قاراقاشى

ساتىرىك شائىر ئەخمەتشاھ قاراقاشى تەخمىنەن 1740 - يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ قاپاقلا كەنت ھالۇ (ھالبۇيى) مەھەللىسىدە مۇباركشاھ ئىسىملىك بىر دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. شائىرنىڭ دادىسى مۇدەررىس بولۇپ، كۆپلىگەن تالىپلىرى بار ئىدى. بۇ مەدرىستە تالىپلار دىنىي ئىلىم

كە ئاڭلىتىشىنى شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولۇشىنى كۆزلەيدۇ.

نەزەر مۇپتىنىڭ تالىپى شېئىرنى دېكلىماتسىيە ئاھاڭىدا ئوقۇپ ئوتتۇرا قىسمىغا كەلگەندە، نەزەر مۇپتىنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ ئىلگىرىكى خۇشاللىقتىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ. ئۇ، تالىپنىڭ پېشىنى نەچچە قېتىم تارتىسىمۇ بىر ئوقۇغىنىچە ئاخىرغىچە تۈگىتىدۇ.

نەزەر مۇپتى نەچچە كۈنگىچە گېلىدىن غىزا ئۆتمەي قاتتىق ئازابلىنىدۇ. نەتىجىدە شائىر ئەخمەتشانى ھەجۋى قىلىندىغان «ياپىلاق» ناملىق شېئىرنى يېزىپ ئەۋەتىدۇ! شائىرنىڭ تالىپلىرى كۆچۈرگەن توپلامغا نەزەر مۇپتىنىڭ ئەنە شۇ «ياپىلاق» شېئىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ توپلامنىڭ يوقىلىشى كىشىنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. لېكىن شائىرنىڭ «نەزەر مۇپتىغا خەت» ناملىق شېئىرى بۈگۈنگىچە خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مۆھۈر كەبى ئېنىق ساقلىنىپ كەلمەكتە.

كۆپلىگەن ئىخلاسمەنلەر شائىرنىڭ «پۇل»، «شاھ پولو»، «مېۋىلەردىكى جېدەل»، «دوڭغاق»، «ھەزرەت» قاتارلىق داڭلىق ھەجۋىيلىرىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنى خەلق زامانلاردىن بېرى ئوقۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.

ئىلىم سۆيگۈچى ئەۋلادلارنىڭ بۇ مەنىۋى بايلىقلارنى داۋاملىق ئىزدىنىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

(خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەرنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشخانىسى نەشر قىلغان «باياز» ناملىق توپلامدىكى تەرجىمىھالىدا ئاساسەن قىسمەن تولۇقلاپ ئىشلەندى.)

شائىر ئەخمەتشاھنىڭ خەلق ھاياتىغا چوڭقۇ-
سىڭىپ كەتكەن مەشھۇر شېئىرى — «سالامنامە» ت
بۈگۈنگە قەدەر ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ۋە گۈ-
زەللىكىنى ساقلاپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ ياخشى
كۆرۈپ ئوقۇيدىغان مەنىۋى مىراسى بولۇپ كەلمەكتە

شائىرنىڭ نەسەب ۋارىسى ئابدۇقادىر ئاخۇ-
نىڭ تەكىتلىشىچە: شائىرنىڭ تالىپلىرى تەرىپىدىن
كۆچۈرۈلگەن بىر دانە قول يازما توپلىمى بار ئىدى
بۇ كىتاب 1968 - يىلى مەدەنىيەت ئىنقىلابى بورىنىدا
يوق بولغان. ئۇنىڭدا 30 پارچىغا يېقىن غەزەل
مۇخەممەسلەر ۋە ھەجۋىلەر بار بولۇپ، ئەڭ ئاياغ
سەھىپىسىگە نەزەر مۇپتىنىڭ «ياپىلاق» دېگەن بىر
ھەجۋى پارچە شېئىرىمۇ كۆچۈرۈلگەن.

شائىرنىڭ «سالامنامە» (نەزەر مۇپتىغا خەت)
ناملىق ساتىرىك شېئىرى توغرىسىدا مۇنداق بىر پا-
راڭ ساقلىنىپ كەلمەكتە: شائىر ئەخمەتشاھ قەشقەردى-
كى ئوقۇشنى تاماملاپ قايتار ۋاقتىدا بىللە ئوقۇ-
غان ئاقسۇلۇق ساۋاقدىشى نەزەر مۇپتىغا ياخشى
بىر ئات ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىپ پۇل ئەۋەتىدۇ.
نەزەر مۇپتى ئەۋەتكەن ئات شېئىردا پاش قىلىنغان-
دەك ئەيىب نۇقسانغا ئىگە ئات بولغانلىقتىن، شائىر
غەزەپلىنىپ «سالامنامە»نى يېزىپ نەزەر مۇپتىغا
ئەۋەتىدۇ. نەزەر مۇپتى چوڭ بىر بەزمە ئۇستىدە
ئولتۇرغاندا بۇ شېئىرىي سالامنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ
خۇشاللىقىدا بىر تالىپقا ئۈنلۈك ئوقۇپ كۆپچىلىك-

شائىر دىلبەر دورغىنىڭ 100 يىللاردىن بېرى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «مەزلۇملار ئاھى» ناملىق 21 كۇبلېتلىق شېئىرى تا بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن.

مۇبالىغىدىن خالى بولۇشى، تىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىكى پاك - ساددىلىقى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان بۇ مۇخەممەسنىڭ نەشرىيات ياكى مەتبۇئات بولمىغان ئاشۇ زاماندا يېزىلىپ، تا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىشى تاسادىپىي ئەمەس. بۇ ئەسەر ئۆتمۈشتىكى ئېغىر كۈنلىرىمىزنىڭ جانلىق گۇۋاھچىسى بولۇش بىلەن تارىخى قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ كىشىنى يىغلاتقۇدەك تەسىر كۈچكە ئىگە بولغانلىقى تۈپەيلىدىنمۇ قەدىرلىك ئەدەبىي مىراستۇر.

شائىر دىلبەر دورغىنىڭ بۇ ئەسەرنى مەيدانغا چىقارغان ۋاقتى— جۇڭگو ئىمپېراتورى شەنتۇڭ دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

تارىخى خاتىرىلەرگە قارىغاندا شەن تۇڭخانىڭ دەۋرىدە (ھىجرىيە 1260 - يىلى) مىلادى 1844 - يىلى ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىكى بەزى سەۋەبلەر بىلەن مەركەز شىنجاڭغا مالىيە جەھەتتىن ياردەم بېرەلمەيدىغانلىقىنى، شىنجاڭدىكى ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارغا ئۇقتۇرىدۇ. بۇ ئەمەلدارلار يەرلىك ۋاڭ، بەگلەر بىلەن كېڭىشىپ ئىمپېراتورغا: «مەركەز ئىقتىسادىي خىراجەت بېرەلمىسە شىنجاڭنى، شىنجاڭنىڭ

## شائىر دىلبەر دورغا

شائىر دىلبەردورغا تەخمىنەن 1814 - يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ پۇرچاقچى يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ 1887 - يىلى 73 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇ كىچىكىدىنلا ئەقىللىق، زېرەك ئۆسكەن.

ئۇ ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن ئۆز يېزىسى ۋە ناھىيە بازىرىدىكى داڭلىق مەدرىسلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىپ دىنىي ئىلىم بويىچە يۇقىرى مەلۇماتلىق بولغان.

شائىر دىلبەردورغا شوخ، چاقچاقچى، سۆزمەن ئادەم بولغانلىقتىن، يېزا بەگلىرى ئۇنى ئۆز يېنىغا تارتىپ مىرزابەگ ھەم دورغا (خىزمەتچى) قىلىپ تەيىنلىگەن.

شائىرنىڭ 70 ياشتىن ئاشقان نەۋرىسى مەتنۇرى دىلبەر شائىر ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: دادامنىڭ ئىسمى دىلبەربەگ، بوۋامنىڭ ئىسمى دىلبەر دورغا، ئاتا - بالا ئىككىلەننىڭ ئىسمىنىڭ مۇنداق ئوخشاش بولۇشى بوۋام دىلبەر دورغا ئۆز نامىنى ئۆچۈرمەسلىك ئۈچۈن ئوغلىنىڭ ئىسمىنىمۇ دىلبەر قويغان. بوۋام دىلبەر دورغىنىڭ شائىرلىق نامىنى كىچىكىمدە كۆپ ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭ قومۇش قەلەم بىلەن يازغان شېئىر كىتابلىرىنىمۇ كۆرگەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ كىتابلار يوقىلىپ تۈگىدى...

لۇملار ئاھى» ناملىق مۇخەممەس شەكلىدە يازغان شېئىرى ئەنە شۇ تارىخى كۈنلەرنىڭ ساداسىدۇر. بىز بۇ قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسنى كىتابىمىزغا كىرگۈزۈشنى لايىق تاپتۇق.

### مەزلۇملار ئاھى

(خوتەن ھاكىم بەگلىكىگە سۇنۇلغان ئەرز)

دات ئېتىپ كەلدى بۇ دادىبەر ئۇشبۇ سائەتتە بېگىم،
سور بۇ قۇلنىڭ ئەرزىنى سەن شۇ بۇ ھالەتتە بېگىم.
يېزا ئىردى ئولتۇراقىم كوھنا ھالەتتە بېگىم
كەلدى ئىشكىڭگە بۇ قۇل مىڭ خىجالەتتە بېگىم،
كىرگەن ئالۋانغا ئۆزۈم بۇرناقى سائەتتە بېگىم.

بەگلىرىم كەلسە تۇرار مەن ئالدىدا مەن قول باغلاپ،
ئېتىمەن ياخشى پولۇ قوي يېغىنى كۆپ داغلاپ.
ھەم تاماكا سالىمەن بەگكە مۇزاجىنى چاغلاپ،
سېغ كاۋابى قىلىمەن بەگنىڭ كېلىشىنى ئاڭلاپ،
بەگلىرىم دالدەك ئېگىلدى بۇ خۇشامەتتە بېگىم.

ياشلىقىمدا تولا قابىل بىر يىگىت ئەردىم زىبا،
قۇۋۋەتىم بار چاغدا مەن تاپىپ ئەردىم مال - دۇنيا.
پۇل تۈگەپ ئەردى كىشىلەر كۆزىگە ئىلمەس ھالا،
دۆلىتىم باردا مەن ياخشى ئاتالغان دانا،
ئول زاماندا يۈرەر ئەردىم كى پاراغەتتە بېگىم.

ما لىيىسى بىلەن تەمىن ئەتسەك...» دەپ ئىلتىماس سۇنۇپ
شەن تۇڭخانىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالىدۇ. شۇنداق قىلى
ئالۋاڭ - سېلىق كۆپىيىپ كېتىدۇ.

شەھەر كوچىلىرىغا: «مۇنچە يامبۇ بەرگەن كە
شىنى بەگ قىلىمىز»، «مۇنچە پۇل بەرگەن ئادەمگ
پالانى - ئەمەلنى بېرىمىز» ۋەھاكازا دېگەن ئېلانلا
چاپلىنىدۇ. پۇلى بار يامان ئادەملەر ئەمەلنى بەس -
بەس بىلەن سېتىۋېلىپ ئىش بېشىغا مىنىدۇ. ئۇلا
ئەمەل سېتىۋېلىشقا سەرپ ئەتكەن پۇللىرىنى بىر نە
ئون بەلكى يۈز قىلىپ خەلق ئۈستىگە چاچىدۇ. ب
مەزگىلدە ئالۋاڭ - ياساق، ھاشار - سەيسە پۇللىرى
ۋە ئاجايىپ غارايىپ ئىسىملار قويۇلغان باج - خ
راجلار خەلق ئۈستىگە چېچىلىدۇ. خەلقنىڭ دەرمانى
قۇرۇيدۇ. ئادەملەر سىياسى، ئىقتىسادىي زۇلۇمغا چ
دىيالماي ئۆز ماكانىنى، ئۆي - جايلىرىنى تاشلاپ
ياقا يۇرتلارغا قېچىپ بېرىپ تىلەمچىلەرگە ئايلىنىدۇ...

يەر - زېمىن ئىگىلىرى ئالۋاڭنىڭ كۆپلىكىدىن
تويىدۇ. يەر - سۇلىرىنى باشقىلارغا ئىجارىگە بەرس
ئالمايدىغان ئەھۋاللار تۇغۇلىدۇ. بۇ زۇلۇملا
راشىدىنخان غوجا باشچىلىقىدا قوزغالغان كۇچا
ئىنقىلابى، (1864 - يىللىرى) ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن
خوتەن قەشقەرلەردە كۆتۈرۈلگەن خەلق ئىنقىلابىدىلە
رىگىچە داۋام قىلىدۇ. شائىر دىلبەر دورغا خەل
زۇلۇم چەككەن ئەنە شۇ زاماندا ياشىدى. خەلقنىڭ
ئاھۇ - زارىغا ھەمنەپەس بولدى. دىلبەرنىڭ «مەز

تەكمىدى نەچچە مەھەل بولدى ئۆتتۈك، كەشكە تاپان،
ئانچە يىرىلدى ئاياغ دائىم يالاڭياغ يۈرۈبان،
ئۆمرىمىز ئۆتتى شۇ يەڭلىغ دەرت - پالاكەتتە بىگىم.

ئون بىشى، يۈز باشىمىز ئالۋان ئېلىپ تىنمايدۇ،
پۇل بىرىڭ دەيدۇ ئۇرۇپ، ئالمۇغچە قويمايدۇ.
دورغىلار بەزى كېلىپ قامچا بىلەن قوغلايدۇ
يالۋۇرۇپ «ئەپۇ...؟» دىسەم قوللىرىمنى باغلايدۇ.
مەن تۇغۇلغانىغا پۇشايمان ھەم نادامەتتە بىگىم.

ئالتە پارچە يىرىمىز بار، ئۇنى تىرىيالماي بىنام،
بەش ئېتىزچە ئۈيىمىز بار ئولتۇرغىلى ئۆي كام،
ئەتتىگەن ناشتىدا نان يوق، يەي دىگەندە سۈيى خام.
لاجەرەم بولسا ئەگەر نان، يۈزى كۆيۈك ئۇلى خام،
قاتتى تەڭلىكتە بىشىم ئۇشبۇ پالاكەتتە بىگىم.

قالمىدى مەندە ئېشەك، ئات، قوي، كالا، ئەچكۇ، ئۇلاغ،
تۇگمە، مۇنچاق كۆچىمىزدە تۇگىدى ھەم ساچ باغ.
مىۋىسىز قالدى دەرەخلەر قۇرىدى ھەم باغ - ئاراغ،
كەتتى ئالۋانغا تامامى قالمىدى بىزدە پاراغ،
ياخشى ۋەسپىگىنى قىلالمايمەن ئىبادەتتە بىگىم.

ئۈيىمىزدە كۆچىمىزنىڭ خۇش چىرايلىق ئېيى بار،
تۈشىدە كۆڭلەكى يوق، ئىككى قومۇشچە يېپى بار،
مەن ئۇنى نورۇزغىچە يۇمغاق ئېتەي دەپ گىپى بار،

خۇش ئۇلۇغ دۆلەت ئىكەن ئادەمگە بۇ ياشلىق،
ياشلىقىمدا ئالۇر ئەردىم دۆۋە - دۆۋىلەپ ئاشلىق،
ھەممە يەرنى قىلۇر ئەردىم كۆزگە ھەم زىغىر ماشلىق،
بەزى يەر ئارپا، قوناق، بەزىسى بىنام - تاشلىق. -
ھەن يىغار ئەردىم يىمىلىك ئۇشبۇ سۈرەتتە بېكىم.

ئول مەھەلدە يوق ئىدى ئاڭا ئەلنىڭ تاۋانى،
ئوقەتىم ئىلگىرى كەلگەچ ياخشى قىلغان قاۋانى،
ئىشىمىك ئالدىدا كۆرەردىم نەچچە قوي ۋە كالانى،
ئىچىشىم چاي بىلەن قايماق يەر ئىدىم قاتلىمانى،
ئەمدى يوق زاغرا ماڭا ئۇشبۇ ھالەتتە بېكىم.

كەلسە مېھمان ئۆيىمىزگە ئۆلتۇرەر ئىدىم پاقلان،
قىلغان ئۈچۈن خىزمىتىنى قانچە دۇئاسىن ئالغان،
قېرىدىم نەچچە مەھەل بولدى كۈچۈمدىن قالغان،
نانلىرىمىز يوق يېگىلى يالىدۇق بۇ دەم تالقان،
بولدى قاتتىق كۈنىمىز ئۇشبۇ سۈرەتتە بېكىم.

بەللىرىم بولدى دۇتار يول ماڭۇرمەن ئېگىشىپ،
ئۆرە تۇرماقنى خىيال قىلسامۇ دىلدا كېڭىشىپ،
ناگىھان تۇرسام ئۆرە سايەگە ئوخشاش لىڭشىپ،
پۇتلىشىپ يەرگە يىقىلسام ياتۇرمەن غىڭشىپ،
تېخى ئالۋان بېرىمەن مۇشۇ ھالەتتە بېكىم.

ئۆي سەرەمجانىم ئىرۇر ئىككى سۈرەت، بىر خاپان،
ھېيتتا كەيمەكلىك ئۈچۈن بار كونا ياماقلىق چاپان،

بورا يوق سالاي دېسەك، شال پالالنى سالدۇق،
زىلچە ئورنىغا چاپاننىڭ كونا مازىنى سالدۇق،
ياپقىلى يوتقانىمۇ يوق بەزى يالىڭاچ قالدۇق،
تۆگەنىڭ جەزلىكىدىن ئۆيگە رىجەسكەر سالدۇق،
بۇنىڭ ئەجرىنى كۆرىمىز تاڭلا قىيامەتتە بېگىم.

خاتۇنۇم دەيدۇ: گاداي، پۇل تۆگىدى ئەڭلىككە.
بۇ مالامەتكە تۇرالماي قاچمەن ساي - كەڭلىككە.
قىلاي ئەرزىمنى بايان شۇ قاراقاش بەگلىككە،
رەھىم قىلغايمۇ بۇ قۇلغا كۆپ ئادالەتتە بېگىم!

بۇ دىۋان بەگلەر قويار، پاشىغا پىلنىڭ يۈكىنى،
كۆتۈرەلەمدۇ بېگىم پاشا ئۇ پىلنىڭ تۈكىنى؟
ھەم تېپىلغايمۇ ئۆلۈم ئاھ. خۇدايىم ئۇ كۈنى!
ھېچ ئىلاج تاپمىدى دىلبەر ئەرز قىلماي بۇ كۈنى،
بۇ سەۋەب يىغلىماقىمغا شۇبۇ پۇرسەتتە بېگىم.

ئىككى يۈز باش، ئالتە ئون يەنە ھەم مىڭ باشىمىز،
بەرمىدى ماڭا ئامان قاتتى بۇ دەمدە باشىمىز،
كەتتى دۆلەت باشىمىزدىن كۆيدى ئىچ ۋە تاشىمىز،
تۈنۈ - كۈن ئاقتى بولۇپ قان، كۆزىمىزدىن ياشىمىز،
ھېچۋاقىت ئۆتمىدى ئۆمرۈم بىر ھالاۋەتتە بېگىم.

ئۆي - سەرەمجان ھەممىسى ئىككى كەتمەن، بىر پالتا،
ئۇنى ھەم يۈز باشلەر پۇلغا ھېسابلاپ ئالدى.

ھېچنېمەڭ قالمىدى دەپ كۈندە ماڭا مىننىتى بار،
ئەمدى سەندىن چىقمەن دەپ بۇ سىياسەتتە بېكىم.

ئەل بۇ ھالىمنى كۆرۈپ ئىشقىمۇ ھەم ئالمىغۇدەك،
كۈندە بىر زاغرا بېرىپ كارىغىمۇ سالمىغۇدەك.
پۇلى يوقنىڭ بۇ زاماندا روناقى ھەم بولمىغۇدەك،
قاچسا دۆلەت كىشىدىن ئابروييمۇ قالمىغۇدەك،
تەلەپ ئەتتىم كېچىلىرى كۆپ مۇراجەتتە بېكىم.

كىيگىلى يازنىڭ كۈنى يوقتۇر يارىشا بىر كۆڭلەك،
كەلسە ئالۋان خەۋىرى بەكمۇ پۇلاڭلايدۇ يۈرەك،
بالا - بارقام تولادۇر باقمىدى بىزگە پەلەك،
رەھىم - شەپقەت ئېتمىشكىدۇر ساڭا بۇ بىزدىن تىلەك،
كەتكۈدەكمىز بۇ جاھاندىن شۇ پالاكەتتە بېكىم.

بىر قىزىم بار، ئۇ قىزىمنىڭ ئالدىدا بەش بالىسى،
بالىلار بولدى يېتىم، ئۆلدى ئۇلارنىڭ ئاتىسى،
بالىلار ھۆددىسىدىن چىقمىدى ئۇنىڭ ئانىسى،
كىچىكى نانىنى يېيەلمەس، كار قىلالماس ئاكىسى،
نەۋرىلەر بولدى پاراۋۇش بۇ ھالەتتە كەتتى بېكىم.

كوھنا تاملىق ئۆيىمىز، يوق سالغىلى بىزگە پالاس،
ھەم ئالۋانغا كېتىپ زىلچى - گىلەم يۈتتى خالاس،
نازەنىن قىزۇ - ئوغۇللار بولدى قاششاق ھەم ئىپلاس،
گۆلە، قاقنى تالىشۇر، قەن كەبى نۇقلە كىلاس،
تەڭرىگە شۈكرى قىلۇرمىز بۇ ھالاۋەتتە بېكىم.

ۋە ئىندە ئۆلدۈرگىن دېدۈك ئايرىلمالى ئۆلمەي تىرىك،
ياشىم ئەللىك ئۈچكە يېتىپ ئىشتىمەدۇق قاتتىق يىرىك.

يەنە چېچەك ۋاباسىنى ھەجۋى قىلىپ يازغان مىسرا-
لىرىدا:

«ئەلچى يورۇتىبان قاراقاش بىلەن شەھەر،
بارچە قاراقاش ئەھلىغە ئول كۈنى يەتتى خەبەر»

ئۇ يەنە «دوستلار باياني» سەرلەۋھىلىك شېئىرىدا:

«بىر كۈنى ئىزدەپ سوراپ كەلدى ئۇلار تاقسارىغە،
بىر قونۇپ ئەلتىپ مېنى ياردى ئېلىپ ئۆز سارىغە»

موللا سالىھ شېئىرلىرىنىڭ تىماتىك مەزمۇنى جە-
ھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى شۇكى، ئاپتور ئۆز
يۇرتىدا ۋە ئائىلىسىدە يۈز بەرگەن مۇھىم ۋەقە ۋە
ھادىسىلەرنى ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدا بىۋاسىتە
ياكى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىغان ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ،
ئۆزىنىڭ ئەينى زامان رېئاللىقىغا بولغان ئىدىيىۋى
ھېسسىياتى ۋە باھاسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭا
ئۇنىڭ شېئىرلىرى، پۈتۈنلەي رېئاللىستىك روھ بىلەن
سۇغۇرۇلغان. مەسىلەن، شائىرنىڭ مۇھەببەت تۇيغۇ-
لىرى ۋە جۇدالىق ئازابلىرى ئىپادىلەنگەن شېئىرلى-
رىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىنىڭ ئايالى ۋە پەرزەنتلىرىگە
بېغىشلانغان. «موللا سالىھنىڭ چېچەكنى ھەجۋى قىل-
غانى» سەرۋلەۋھىلىك مۇخەممەسىدە، شائىر ئۆز يۇر-
تىدا يۈز بەرگەن چېچەك ۋاباسى سەۋەبىدىن بالى-
لارنىڭ مىسلىسىز كۆپ قىرىلىپ كەتكەنلىكى، چېچەك
ئەجدىھاسى بالىلارنىڭ «يۈزدىن بىرىنى قويۇپ،

ئۇنباشى ئېلىپ كەتكەچ نە داڭقان قازان قالدى؟
قېرىندۇق پۇل تۈگىدى، بىزنى بۇ ئالۋان چالدى،
سەندىن ئۈمىد: باق ماڭا بىر رەھىم - شەپقەتتە بېگىم!

(شائىرنىڭ تەرجىمىھالى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىلى 2 - سانىدىن ئېلىنىپ قىسمەن تولۇقلاندى. شېئىر شۇ ساندىن ئەينەن ئېلىندى)

## شائىر موللا سالىھ

شائىر موللا سالىھ 1742 - يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ مەڭلەي يېزىسىدىكى تاقىسار كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ قاچان ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىقراق مەلۇمات يوق.

1855 - يىلى موللا ئىمىن ۋە موللا ياقۇپ ئىسىملىك خەتتاتلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن چوڭ ھەجىملىك بىر قوليازمىغا موللا ھەيدەر، موللا نىياز، موللا سالىھ قاتارلىق 3 نەپەر شائىرنىڭ ئىپىك داستانلىرى ۋە بىر قىسىم لىرىك شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

بۇ يىگانە قوليازمىدىكى موللا سالىھنىڭ غەزەل، مەسنەۋى، مۇرەببە، مۇخەممەس، مۇستەھزادۋە كىچىك ئېپىكى شېئىرلىرى 3500 مىسراغا يېتىدۇ.

شائىر ئۆزىنىڭ يارقىن، تاتلىق شېئىرلىرىدا، ئەزىز دوستلىرىنى، سۆيۈملۈك يۇرتىنى تىلغا ئالماي قالمايدۇ:

ئۇنىڭدا تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادىدىن تارالغان خوجىلارنىڭ نەسەبنامىسى (شەجەرىسى) ھەم ئۇلارنىڭ ۋەقەلىرى سۆزلىنىدۇ.

«تەزكىرە تۇلرىشات» قا كىرگۈزۈلگەن بىر قىسىم شېئىرلارنى ئوقۇپ كۆرسەك، مۇھەممەت ئىۋەز قاراقاشنىڭ يالغۇز تارىخچى بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار پىكىرلىك، ئادالەتپەرۋەر ھەم مەرىپەتپەرۋەر شائىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئۇ ھەق - ئادالەتنى نۇرلۇق قۇياشقا ئوخشىتىپ، ئەلنى ئادالەت بىلەن باشقۇرۇش لازىملىقى تەڭسىزلىك زوراۋانلىق - ئەلگە ئاپەت ۋە خارابىلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلىرىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ئەدلى نۇرى ئىرور جاھان ئافرۇز،
پەرتەۋى مولك ئىچرە زۇلمەت سۆز.

ئەدلى ئىلە مەملىكەت قارار تاپار،
بازۇيى سەلتەنەت مادار تاپار.

ئەدلىدىن خەلق كامىياب بولۇر،
زۇلۇمنىڭ ئالەمى خاراب بولۇر.

زۇلۇمدۇر رەنج، ئەدلدۇر راھەت،
ئەدلدۇر نەفئى، زۇلۇمدۇر ئاپەت...

قالدىسىنى ئېلىپمۇ تويمىغان» لىقىنى، يۇرتنى يىغا-
زاره ئاھ - پەرياد - ماتەم قاپلىغانلىقىدەك ئېچى-
نىشلىق ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن. سالىھى شېئىرلىرى-
دىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك، ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي
جەمئىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى مۇھىم تەپسىلاتلار
بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

سالىھى شېئىرلىرى «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1987-يىللىق نەشرىنىڭ 21 - سانىدا بېسىلىپ چىققان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى تىلىنىڭ ئاممىبابلىقى، شېئىر پىك-رىنىڭ روشەنلىكى، ھەرخىل بەدىئىي ۋاسىتىلارنىڭ مۇۋاپىق ئىشلىتىلگەنلىكى، ۋەزىن ۋە شېئىرىي شەكىل-لىرىنىڭ كۆپ خىللىقى بىلەن مۇھىم بەدىئىي قىممەت-كە ئىگە.

(«بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 8 - يىل نەشر 21 - سانىدىن قىسمەن ئۆزگەرتىپ ئېلىندى)

## تارىخچى، شائىر مۇھەممەت تۆمۈر قاراقاشى

مەۋلانا مۇھەممەت تۆمۈر قاراقاشى 18 — 19 ئەسىردە ئۆتكەن تارىخچى ۋە شائىر. ئۇ قاراقاشتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە ئۆمرىنى ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ئىلمى ئىجادىيەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغان. ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىدىن ھىجرى-يىنىڭ 1234 - يىلى قاراقاشتا يېزىلغان «تەزكىرە ئۇلرىشات» ناملىق ئەسىرى بىزگە قەدەر يېتىپ كەلگەن.

باشلانغۇچ دىنىي ساۋاتقا ئىگە بولغان. ھاشىم ھاجىنىڭ دادىسى ھەمدۇللا ئاخۇن خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ئاتاقلىق سازەندە بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقامنى پىششىق بىلىدىغان، كۆپلىگەن يەرلىك تارىخى ناخشا - مۇزىكىلارنىڭ ئۇستازى ئىدى. ئۇ، سەنئەتخۇمار ئۇيغۇر خەلقى، ئۆز سەنئىتىنىڭ قەدىمكى مەنبەلىرىدىن بىرى بولغان ھەرخىل ئولتۇرۇش ۋە سورۇنلۇق مەشرەپلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۆتكۈزۈلىدىغان سەيلىلەردە يەنى، نوروز سەيلىسى، چىلىش سەيلىسى، كەكلىك سەيلىسى، ئوغلاق سەيلىسى (ئوغلاق ئويۇنى) ئۆرۈك سەيلىسى ۋە ھەر يىلى بىر قېتىم بولىدىغان قىزىل گۈل سەيلىسى، ئۇنىڭدىن باشقا بەزمە، باراۋەت، چايخانا، (ساماۋەر) ئولتۇرىشى قاتارلىق سورۇنلاردا ئۇ، كۆپلىگەن ئاتاقلىق ئىشقىۋاز سازەندە، ناخشا - ئۇسسۇلچىلار بىلەن بىللە بولاتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇراتتى. ھاشىم ھاجى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا دادىسى بىلەن ئەنە شۇنداق چوڭ سورۇنلاردا بىللە بولۇپ، ساز ئۆگىنىشكە ئىشتىياق باغلايدۇ. ھەم ئائىلىسىدە دادىسىدىن ئۆگىنىسە، پۇرسەت تاپقاندا باشقىلاردىن ئۆگىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ بالا سازەندە بولۇپ قاتارغا قېتىلىدۇ.

ئاشۇ يىللار (19 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى) خوتەن داۋازلىرىنىڭ ماھارىتى ئەڭ يۇكسەلگەن ھەم دۇنياغا داڭ چىقارغان ۋاقىتلار بولۇپ، كۆپلى-

شائىر ئىلىم - مەرىپەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى پايان قىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

ئىلىم بىناسى ئىرۇر ئانداغ بەند،
يەتمەس ئانىڭ كەڭرىسىگە كەمەند...

... بارچە ھۇنەرگە ئىرور ئۇل تاج سەر-
ئوخشىمىغاي ئىلىمگە ئۆزگە ھۇنەر.

گەرچە موھسل جىگەردىن خۇن قىلۇر،
ئاخىر ئانىڭ تۇپراقىنى ئالتۇن قىلۇر...

«تەزكىرە تۇلرىشات» — قىممەتلىك مەدەنى مىراسلىرىمىزدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاپتورى مۇھەممەت تۆمۈر قاراقاشى ئىلغار پىكىرلىك تارىخچى ۋە ئەدىب سۈپىتىدە مەدەنىيەت تارىخىمىزدا مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدۇ.

«دېڭىز ئۈنچىلىرى» دىن

## مەشھۇر دارۋاز، مۇقامچى ھاشىم ھاجى

مەشھۇر دارۋاز، مۇقامچى ھاشىم ھاجى 1868-يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچى تاناي بېشى مەھەللىسىدىكى ئاتالغان مۇقام ئۇستىسى ھەمدۇللا ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ،

قاراقاش ناھىيىسىدە مۇستەقىل دار ئويناپ، پۈتۈن داۋازلار ۋە ئۇستازلار ئالقىشى ۋە دۇئاسىغا ئېرىشىدۇ. ئۇ شۇندىن باشلاپ مۇستەقىل داۋاز بولۇپ، ئۆزىنىڭ داۋازلىق گۇرۇپپىسىدىكى ئەزالىرىنى باشلاپ، پۈتۈن شىنجاڭنى ئايلىنىپ دار ئوينايدۇ. بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ئارقا - ئارقىدىن تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بارلىق چوڭ - كىچىك شەھەرلىرىدە دار ئوينايدۇ. شۇ جەرياندا ئۇ، بۇخارا ئەمىرىنىڭ قوبۇل قىلىشى ۋە ئىنئامىغا ئېرىشىدۇ.

ھاشىم ھاجى بۇخارادىكى دار ئويۇنىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئافغانىستان بىلەن پاكىستاندا، كېيىن - ھىندىستاندا دار ئوينايدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ شۆھرىتى پۈتۈن ياۋروپا، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىنى قاپلايدۇ. ھاشىم ھاجى بارغانسىرى ئىچكىرىلەپ ئىران، ئىراق ۋە قەدىمكى شەھەر باغدات، قاھىرە، ئىستانبۇل ھەم بۇ جايلاردىكى مۇسۇلمانلار جايلاشقان كۆپلىگەن شەھەر، ئۆلكىلەرگىچە بارىدۇ ۋە ھەج قىلىپ رەسمىي ھاجى بولىدۇ. ھەرقايسى ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ خەلىپىلىرى، ئۆلكە باشلىقى، ۋالىيلىرى ۋە مۆتىۋەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىشى، ئىنئام بېرىشىگە ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەينى زامان (19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى) دىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داۋازلىقىنى چەت ئەللەردە نامايەن قىلىپلا قالماي بەلكى «ھاجى دارۋاز»، «بالا دارۋاز» دەپ نام قالدۇرىدۇ.

گەن خوتەنلىك داۋازلار پاكىستان، ھىندىستان، ئىران، ئىراق، سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق جاي-لارغا بېرىپ، دار ئويناپ داڭ چىقارغان ۋە تاپقان كىرىملىرىدىن ئاشۇ جايدىكى مەسچىت، كۆۋرۈك، مەكتەپ شۇنداقلا يېتىم - يېسىر، كەمبەغەللەرگە ھەدىيە قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خەير - ساخاۋەتلىك ئەنئە-نىسىنى نامايەن قىلىپ، ھۆرمەت بىلەن كىشىلەرتىلىغا ئېلىنغان ۋاقىتلىرى ئىدى.

چەتئەلدە داۋازلىق بىلەن داڭ چىقارغان بۇ خوتەن داۋازلىرىنىڭ تەرىپى، شىنجاڭ (خوتەن)گىمۇ يېتىپ كېلىدۇ ۋە بۇلار توغرىسىدىكى تەرىپلەر ھاشىم ھاجىنى قىزىقتۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆز يۇرتىدا بولۇ-ۋاتقان زۇلۇم تۈپەيلىدىن نامراتلىشىپ ئېغىر تۇر مۇش كەچۈرۈۋاتقان مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان كىشىلەرنى ئېسىگە ئالغاندا، داۋازلىقنى ئۆگىنىپ ئال-دىنقى داۋازلاردەك خەير - ساخاۋەتلىك بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ ھەم ئۇنى ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ. نەتى-جىدە 15 يېشىدىلا بالا سازەندە دەپ ئاتالغان ھاشىم ھاجى ئىككى يىللىق تىرىشىشتىن كېيىن چامباشچىلىق، يەر يۈزى ماھارىتى، چەۋەندازلىق، ئات ئۈستى ماھارىتى، ھاۋا بوشلۇقى ماھارىتى، ھەييارلىق - (سېھىرگەرلىك) ھۈنەرلىرىنى پۇختا ئۆگىنىدۇ. ئۇنىڭ-دىن كېيىن قىسقا مەزگىل ئىچىدە داۋازلىقنى، دارىبازلىق ئارغامچا ئۈستىدە مېڭىشنى پۇختا ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1987 - يىلى 17 يېشىدا

رۇشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ مۇشۇ جەرياندا شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىنى ئايلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىگە تۇراقلىق جاي تاللىمىغان ئىدى.

1905 - يىلى، روسسىيىدە يۈز بەرگەن بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى نەتىجىسىدە، چار پادىشاھى «ئەركىنلىك خىتابنامىسى» نى ئېلان قىلىپ، سۆز، مەتبۇئات، يىغىلىش ۋە ئىشچىلارنىڭ ئۇيۇشۇشى ئەركىنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن روسسىيىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا يېڭىلىق يۈز بېرىدۇ.

شىنجاڭدا ئاسارەتلىك تۇرمۇشنىڭ دەردىنى تولا تارتقان ھاشىم ھاجى، روسسىيىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ يەرگە بېرىشنى لايىق تاپىدۇ. نەتىجىدە 1910 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە دار ئەترىتى ۋە مۇھىم ئائىلە ئەزالىرىنى باشلاپ، ئاسىياغا چىقىدۇ. بۇ ھاشىم ھاجىنىڭ 2 - قېتىم روسسىيىگە چىقىشى بولۇپ، بۇ قېتىم ئالاھىدە قارشى ئېلىنىدۇ. دەم ئېلىش كۈنلىرىدە دار باغلاپ ماھارەت كۆرسەتسە، ئادەتتىكى كۈنلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا ماسلاشتۇرۇپ، ساماۋەرلەردە سازەندىلىك قىلىش بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى بولغان 12 مۇقامنى ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىتىدۇ. قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ناخشا - مۇزىكىلىرىنى ئۆگىنىپ ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. كېيىنكى كۈنلىرىدە ئۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن پېتربورگ (لېنىنگرات) ۋە موسكۋاغىچە بېرىپ

هاشىم ھاجى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرى ۋەتەنگە (قاراقاشقا) قايتىپ كېلىدۇ. بۇچاغدا ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى قازا تاپقان بولۇپ، ئاچا - سىڭىل ۋە ئىنىلىرى قالغان ئىدى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ھاشىم ھاجى ئائىلىسىدىكى ئۆچەي دەپ قالغان سەنئەت چىراغىنى قايتا ياندۇرۇپ، ئاچا — سىڭىل ۋە ئىنىلىرىگە ساز، ناخشا ھەم دارۋازلىق ماھارەتلىرى شۇنداقلا چامباشچىلىق، چەۋەندازلىقنى ئۆگىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن ئائىلىنى سەنئەت ئائىلىسىگە ئايلاندۇرىدۇ. بۇ ئائىلىدىكى داڭلىق مۇقامچى ئايىمخان ھاجى، ساۋۇتخان، داۋۇتخان ئەنە شۇ چاغدا ئۆز ماھارەتلىرىنى كامالەتكە يەتكۈزگەن ئىدى. ئەمما ھاشىم ھاجىنىڭ بۇ خىل تەرەققىپەرۋەرلىكى، ئىستىبدات ھۆكۈمەت ۋە فېئودال جاھىل كۈچلەرنى بىئارام قىلىدۇ. نەتىجىدە سەيلە، سورۇن، چايخانا ئولتۇرۇشى ۋە بەزمە، بازارۋەتلەردە ساز چېلىش، ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى چەكلەيدۇ. بار - بارا يەنە دار ئويناشنىمۇ چەكلەيدۇ چۈنكى ھاشىم ھاجى نەچچە يىللىق ھاياتىنى چەت ئەللەردە ئۆتكۈزۈپ، دۇنيا مەدەنىيىتى ۋە خەلقنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ۋائىزلىق (مەدداھلىق) قىلىش باھانىسى بىلەن خەلقنى ئويغىتىشقا كىرىشكەن ئىدى...

مۇشۇ بىر قاتار ئىشلاردىن كېيىن ئۇ يۇرتىنى تاشلاپ ئائىلىسى بىلەن بىللە سەرگەردان ھايات كۆچۈ-

ۋاقىتلىرىدا ئۆگەنگەن چەت ئەل مۇزىكىلىرىنىمۇ ناھا-
يىتى ئوبدان ئورۇنلايتتى. ھاشىم ھاجىنىڭ سازەن-
دىلىكتە شۇنداق بىر ئارتۇقچىلىقى بار ئىدى، ھەر
قانداق ۋاقىتتا ساز چېلىپ ناۋائى، خۇجى ھاپىز...
قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇسا، ساز
ئاخىرلاشقاندا، پىرى ئۇستازلارغا ۋە مەرھۇم
ئىجادكار، شائىرلارغا ئاتاپ دۇئا تەكبىر قىلاتتى.
ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى «سازچىلىق شەيتانىنىڭ
ئىشى» دەيدىغان جاھىل مۇتەئەسسىپلەرگە كۈچلۈك
زەربە ئىدى — دەيدۇ.
1930 - يىللارغا كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ماركسىزم ۋە
كوممۇنىزمنى قوبۇل قىلغۇچىلار كۆپىيىدۇ. بۇ چاغدا
شىنجاڭدىمۇ تارىخى خاراكتېرلىك زور ئۆزگىرىشلەر
بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى بىلەن شىنجاڭ-
دىكى ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى سىياسى، ئىقتىسادىي
ۋە مەدەنىيەت مۇناسىۋەتلىرى كۈچىيىدۇ. مۇشۇ مۇ-
ناسىۋەت بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇۋاتقان
ۋەتەنپەرۋەر ئىلغارلار ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشكە باش-
لايدۇ. شۇ قاتاردا ھاشىم ھاجىمۇ ۋەتەنگە قايتىدۇ.
ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سەپەرداشلىرىنىڭ تەك-
لىپى ۋە 1910 - يىللىرىدا كۈچادا بولغان مەزگىلىدە
ئۆز قولى بىلەن يېتىشتۈرگەن ياش سەنئەتكار -سا-
زەندىلەردىن ماموت ئاخۇن، بىلال ئاخۇن، بايىز ئاخۇن
سېتە (ساتار چالغۇچى)، ئىبراھىم تەمبۇر، ئەلنەغمىچى

دار باغلايدۇ، ئۆكتەبر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى بىر قېتىملىق موسكۋادا باغلىغان داردا، ئۇنىڭ دار ئەتە رىتىدىكى يولداش ئاخۇن موسكۋانىڭ 11 - ئايدىكى سوغۇق هاۋاسىدا ماھارەت كۆرسىتىدۇ، داردىن سالامەت چۈشكەن بولسىمۇ ئەمما دار ئۈستىدە سوغۇق ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن. ئىسسىق ئۆيگە كىرىپ قالغىنىش تۇپەيلىدىن سوغۇق ئىچىگە ئۆتۈپ قازا قىلىدۇ.

هاشىم ھاجى ئۆزىنىڭ دارۋازلىق ۋە سەنئەت چەھەتتىكى ماھارىتى ئار قىلىق، ئۆكتەبر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ سەنئىتىگە ئالاھىدە ھەسسە قوشىدۇ. قاسىم دورغابەگ، ئىمىن قاپباش، ئابدۇرېھىم چاڭ ۋە سەمەت ئاخۇن قاتارلىق مەرھۇملارنىڭ - ئەسلىشىگە قارىغاندا پەرغانىدە مەشھۇر پەرغانە قانلىق قىزىلغاندا. هاشىم ھاجىنىڭ ناغرا - سۇناي بىلەن ئورۇنلىغان 12 مۇقامى قانال قازغۇچىلارنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترىتىپ، قانال مەيدانىنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدۇ. ئاشۇ يىللاردا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئويغۇر رايونلىرى ۋە ئۆزبېك رايونلىرىدا يېڭىدىن تەشكىللەنگەن سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ھاشىم ھاجىنىڭ ئۇستازلىق رولى بار ئىدى. چۈنكى ئۇ ناغرا - سۇنايدىن باشلاپ، تەمبۇر، دۇتار، ساتار، قالۇن قاتارلىق ھەم سازلارنىڭ ۋە پۈتۈن ئاھاڭلارنىڭ ماھىرى ئىدى. ئۇ يەنە ئەرەب ئەللىرى ۋە ھىندىستان، پاكىستانلاردا بولغان

شىنجاڭدا يېڭىلىق تەرەپلىرى ئۇلغىيىدۇ، سوۋېت ئىتتىپ-
پاقىدىن ۋەتەنگە قايتقان بىر بۆلۈم ۋەتەنپەرۋەر
ئەدەبىيات سەنئەت خادىملىرى يېڭى زامان ئۇي-
غۇر تىيياتىرچىلىقىنى باشلىۋېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا هاشىم
هاجى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى ئاب-
دۇللادامولла (نەئىمى) نىڭ تىيياتىر ئۇيۇشتۇرۇش توغ-
رىسىدىكى مۇراجەتنامىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، كۇچار-
دىكى بىر بۆلۈم ئىلغار سەنئەتكارلارنى تەشكىللەپ
ئۆز راسخوتى بىلەن ئاقسۇغا كېلىپ، ئاقسۇ تىيياتى-
رىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ۋە ئۇنىڭ دەسلەپكى سەهنە
نومۇرلىرىنىڭ ئىجادكارلىقىغا زور دەرىجىدە كۈچ
قوشىدۇ.
لىن جىلو كۇچارغا هاكىم بولۇپ بارغاندىن كېيىن،
هاشىم هاجىنىڭ دارۋازلىق ۋە سەنئەت جەهەتتىكى
ئىشلىرى تېخىمۇ روناق تاپىدۇ. 1941 - يىلى كۇچار-
نىڭ سۇ بېشىدىكى دەريا ئېقىمى بۇزۇلغاندا سۇ بېشى
توغۇنىنى ياساش ئىشى باشلىنىدۇ. هاشىم هاجى بۇ
خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن توغان قۇرۇلۇشى پۈت-
كۈچە بولغان ئارىلىقتا ناغرا - سۇناي ۋە سازلارنى
ئېلىپ چىقىپ، كۈندۈزى ناغرا - سۇناي بىلەن خەلق
كۆڭلىنى شاد قىلىپ، كەچلىرى هەرخىل نومۇرلارنى
كۆرسىتىدۇ. كېيىن كۇچارنىڭ ئاسما ساي كۆۋرۈكىنى
ياساشتىمۇ ئوخشاشلا كۈچ چىقىرىدۇ. ساي بويىدا
دار باغلاپ ئويۇن كۆرسىتىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتتا،
هاشىم هاجى يەنە جۇڭگو ئىنقىلابىنى مەدهىيىلەيدىغان

ۋەيتۇنخان، دىلەيسىخان، ھېزىم ئاخۇن، ھېلىم سېلىم قاتارلىقلارنىڭ ئارزۇسى بىلەن كۇچاردا توختايدۇ.

ھاشىم ھاجى شۇندىن باشلاپ بىر تەرەپتىن دار ئويناش، شاگىرت يېتىشتۈرۈش بىلەن مەشغۇل بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ناخشا - مۇزىكا ۋە خەلق سەنئىتى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئۇ ھەرقايسى سەيلە، باراۋەت ۋە كۆڭۈل ئېچىش كۈنلىرىدە — چامباشچىلىق، چەۋەندازلىق، ھەييارلىق (سىرىك-چىلىك) ئويناش بىلەن مۇزىكا ئۇيۇشتۇرىدۇ. يېڭى ناخشىلار ئېيتىدۇ، خەلقنى پەن - مەدەنىيەت ۋە مائا-رىپنى راۋاجلاندۇرۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئوينالغان تىياتىر، كونسېرتلارنى ئوينايدۇ. جاھانگىرلىك، فېئوداللىزم ۋە زۇلۇمغا قارشى تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بارىدۇ. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەش ئارقىلىق خەلقنى ئويغىتىشقا ئۈندەيدۇ. تەيپىڭ تىيەنگودىن شىنخەي ئىنقىلابىغىچە بولغان قوزغىلاڭلار تەشۋىق قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ بۇ خىل ئىلغار پائالىيىتى ۋە يېڭىلىقنى تەشۋىق قىلىشى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ دىققىتىنى قوز-غىغاچقا جىن شۇرېن ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپى-دىن قاماققا ئېلىنىدۇ.

1931 - يىلى زۇلۇمغا ۋە ۋاڭلىق تۈزۈمگە قارشى پارتلىغان خوجانىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن

مۇلغىچە ۋە ئىلى، چۆچەك قاتارلىق جايلاردا ياسىغان
يول - كۆۋرۈكلەرگە قىلغان ياردىمى بىلەن مەكتەپ، مەسچىتلەرگە قىلغان ياردىمى كۆپ بولۇپلا قالماستىن بەلكى غېرىب - غۇربالار بىلەن يېتىم - يېسىرلارغا قىلغان ياردەملىرىمۇ ھېسابسىز ئىدى. تەرىپلەرگە قارىغاندا، ئۇ ھەرقانداق ئۇسسۇل (دار، سازەندىلىك) بىلەن تاپقان كىرىمىنى يېنىغا سالماي تۇرۇپ، بىر بۆلۈكىنى ھەددىيە قىلىدىغان ساخاۋەتچى ئىدى.

ھاشىم ھاجى ياپونغا قارشى تۇرۇش دەۋرىدە كۆپ قېتىم دار باغلاپ ۋە تىياتىر كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ، تاپقان كىرىملىرىنى تامامەن ياپونغا قارشى تۇرۇش ئالدىنقى سېپىگە ياردەم بەرگەن. بۇ ئىش يالغۇز بىر ئۈرۈمچىدىلا ئەمەس بەلكى ئاشۇ يىللاردا شىنجاڭنىڭ بىرقانچە يېرىنى ئايلىنىپ، جاي - جايلاردىن ئىئانە يىغىش ئۇرۇنلىرىغا ياردەم بەرگەن ئىدى.

مەملىكىتىمىز بويىچە ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئىشى ئېلىپ بېرىلغىنىدا، ھاشىم ھاجى ئۈرۈمچى، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا دار باغلاپ، سەھنە نومۇرلىرىنى كۆرسىتىپ ھەرقايسى سورۇنلاردا تاپقان پۇللىرىنى سانىمۇ باقماي شۇ پېتى چاۋشيەنگە ياردەم بېرىپ، جايلارنىڭ ھۆرمەت ئالقىشىغا ئېرىشكەنىدى.

ھاشىم ھاجى 1953 - يىلى 84 يېشىدا كۇچاردا ئۆز ئەجىلى بىلەن ۋاپات بولدى. ئۇ، ۋاپات بولغان بىلەن ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى دار ئويۇن-

«قانلىق يولۋاس»، «شاڭخەي كېچىسى» قاتارلىق درا-
مىلار ۋە «غېرىب-سەنەم» ئوپېراسىنىڭ سەھنىلەشتۈرۈلۈشىگە
ئالاھىدە كۈچ قوشىدۇ.

ھاشىم ھاجىنىڭ پۈتۈن ھاياتى دار باغلاش،
ساز چېلىش ۋە سەنئەت ماھىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش
بىلەن ئۆتتى، شۇ جەرياندا ئۇ ۋائىزلىق (مەدداھ-
لىق) باھانىسى بىلەن ئىنقىلابىي ھېكايىلەرنى سۆز-
لەش، تەيپىڭ تيەنگودىن شىنخەي ئىنقىلابىغىچە، قۇ-
مۇل دېھقانلار ئىنقىلابىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغىچە
بولغان ئارىلىقتىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر ۋە كۆرەش-
لەرنى تەشۋىق قىلىپ كەلدى.

ھاشىم ھاجى دارۋاز ۋە سەنئەتكار بولۇپلا قال-
ماستىن بەلكى تەرەققىيپەرۋەر، مائارىپنى قوللىغۇچى
ۋە چوڭ خەيرى-ساخاۋەتچى ئىدى. ئۇ مەيلى ئوت-
تۇرا ئاسىيا، ياكى ئەرەب ئەللىرىدە بولسۇن قەدەم
باسقانلا يېرىدە خەيرى-ساخاۋەتلىك ئىشلاردىن ۋە
مائارىپنى قوللاشتىن قالمىدى، بەلكى ئۇ ھەرقاچان
دار باغلاپ تاپقان كىرىم ۋە سازەندىلىكتىن تاپقان
كىرىمىنىڭ ئۆز ئېھتىياجىدىن ئارتۇقلىرىنى مەسچىت،
مەدرىس، مەكتەپ، دارىلئىتام ۋە مۇساپىرلارغا ياردەم
قىلدى. كۆپلىگەن كىشىلەر چەت ئەللەردىن ۋەتەنگە
قايتالمىغاندا، ئۇلارنى ئۆز خىراجىتى بىلەن ۋەتەنگە
يولغا سالدى. شۇڭلاشقا شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە
ھاشىم ھاجىنىڭ ئىسمىنى مەرىپەتپەرۋەر دېگەن ياخشى
نام بىلەن ئاتايدۇ. ھاشىم ھاجىنىڭ خوتەندىن قو-

داۋۇتخان قاتارلىقلارنىڭ ئەۋلادلىرى بۈگۈنمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دارۋازلىق، سېرىكچىلىك، ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا ساھەسىنىڭ يوروۇق يۇلتۇزلىرى بولۇپ چاقناپ تۇرماقتا. نۇرغۇن تەربىيىلىگەن دارۋازلار، شېرئەلى تەربىيىلىگەن مۇزىكانتلار، خەلچەم سىدىق يېتىشتۈرگەن ئۇسسۇلچىلار نەچچە يۈزگە يېتىدۇ.

«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ 25 - سانىدىكى شېرىپ خۇشتارنىڭ ئەسلىمىگە ئاساسەن قىسمەن مەزمۇنلارنى تولۇقلاپ ئىشلىندى

## داڭلىق مۇقامچى ئايىمخان ھاجى

### جاپپار رەھىمى

تارىخ ــ ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن تۆھپە ياراتقانلارنى ئەلۋەتتە ئۆز سەھىپىسىنىڭ سىرتىدا قالدۇرمايدۇ!

ۋەتەنپەرۋەر زات، داڭلىق مۇقامچى ئايىمخان ھاجىمۇ تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

ئايىمخان ھاجى 1888 - يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچى تاناي بېشىدا داڭلىق مۇقام ئۇستىسى ۋە خەلق سەنئەتكارى ھەمدۇللا ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ھەمدۇللا ئاكا ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر مۇقام ئۇستىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھاشىم ھاجى، ساۋۇتخان، داۋۇتخان قاتارلىق ئوغۇل-

نىنى ۋە گۈزەل سەنئىتىنى ئەۋلاددىن ئەۋلادقا قالدۇ-
رۇشتا ئۆمۈر بويى جاپا چېكىپ قولغا كەلتۈرگەن
ئەجرى خەلق ئاغزىدا، تارىخ بېتىدە داستان بولۇپ
قالدى. ئۇ يېتىشتۈرگەن ئەۋلادلار، يەنى ئوغلى سىدىق
ئاخۇن بىلەن ئۆز تەربىيىسىدە يېتىلگەن نۇراخۇن
دارۋازلار ھاشىم ھاجىنىڭ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق
قىلىپ، پايتەختىمىز بېيجىڭ، شىئەن، لەنجۇ قاتارلىق
جايلاردا دار باغلاپ دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ھۆرمىتى
ۋە دۆلەت ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ھاشىم ھاجىنىڭ دارۋاز قىلىپ يېتىشتۈرگەن
چوڭ ئوغلى سىدىق ھاشىم ھازىر 73 ياش بولۇپ ئۇ
ئازادلىقتىن بۇيان شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت
سېپىدە، بولۇپمۇ شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىدە ئىزچىل
خىزمەت قىلىپ كەلدى. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق
سىياسى كېڭەش ئەزاسى. كىچىك ئوغلى نۇرئاخۇن
بولسا غۇلجا، كۇچار قاتارلىق جايلاردا شاگىرت تەربى-
يىلەيدۇ. ھاشىم ھاجىنىڭ مۇزىكا شۇناسلىقىنى ئۆ-
گەنگەن ئوغلى شېرئەلى ھاشىم شىنجاڭ سەنئەت ئىنس-
تىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى. نەۋرىسى خەلچەم سىدىق
شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئاتاقلىق ئۇسسۇل-
چىسى، نەۋرىسى تۇرسۇن ئېلى شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمە-
كىنىڭ مۇزىكانتى. نەۋرىسى نىگارە بېيجىڭ سېرىك
ئۆمىكىدە ئىشلەيدۇ. قاراقاشتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن
ئاتاغلىق مۇقامچى ھەمدۇللا ئاكىنىڭ ئائىلىسىدىن
چىققان ھاشىم ھاجى، ئايىمخان ھاجى، ساۋۇتخان،

كەتتى. ئاكىسى ھاشىم ھاجىمۇ چەت مەملىكەتلەردە
قىزغىن پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. باشقا تۇغقان-
لىرى بولسا ئۆز تۇرمۇشى بىلەن ھەلەك ئىدى.

قالۇن، تەمبۇر، ساتار كۈيلىرى بىلەن قىزىپ-
تۇرىدىغان ئايۋان - سارايلار يالغۇز قالغان بۇ
مۇقامچى قىزنى سۈكۈت ئىچىدە مۇڭلاندۇردى. ئايىم-
خان گاھى ساتارنى، گاھى تەمبۇرنى قولىغا ئېلىپ
مۇقام چېلىپ ئىچ پۇشقىنىنى چىقىرىدىغان بولدى.
ئۇ ئۆزى چالغان قايناق مۇقام ئاھاڭلىرى ئىچىدە -
مەست - مۇستەغرەق بولۇپ غىزالىنىشىنىمۇ ئۇنتۇپ
كېتەتتى...

«دەرەخ جىم تۇراي دېگىنى بىلەن شامال ئۇنى
جىم تۇرغۇزمايدۇ.» ئۇ يۇرت مۆتىۋەرلىرى تەرىپىدىن
توي - مەرىكە، بەزمە مەشرەپلەرگە تەكلىپ قىلىنىپ
ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك سەنئەتكارلىق ھاياتى رەسمىي باش-
لاندى. ئايىمخان مۇقامنى كۆپىنچە تەمبۇر بىلەن
ئورۇندايتتى. ئۇنىڭ چېلىشتىكى ماھارىتى، ئاۋازى-
دىكى راۋانلىق، سۈزۈكلۈك ۋە يېقىملىق سېھرى كۈچ -
ئاڭلىغۇچىلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا مۇڭ، غۇرۇر، شاد-
لىق ۋە بەجايىكى مەنىۋى شىپالىق بەخش ئېتەتتى...
ئەينى دەۋردىكى شارائىتتا بۇ چىرايلىق مۇقامچى
قىزغا ئاشىق بولغانلار، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن مۇھەب-
بەت - نىگاھ تەلەپپى قويغۇچىلار كۈنسايىن كۆپەيدى.
بەزى دىننىي مۇتەئەسسىپلەر ئۆز ئىمتىيازى ۋە بايلى-
قىنى كۆز-كۆز قىلىپ، خوتۇنى بار تۇرۇقلۇقمۇ ئۇنى

لىرىنى 12 مۇقامنى چېلىشتا كامالەتكە يەتكۈزۈپلا قالماستىن، ئامانىساخان ھاجى قىزىنىمۇ ئۇستا مۇقامچى قىلىپ يېتىشتۈرگەن ئىدى.

ھەمدۇللا ئاكىسىنىڭ ئۆيىدە مۇقامنىڭ دىلىنى مەھلىيا قىلغۇچى مۇڭلىرى كېچە-كۈندۈز جاراڭلايتتى. يىراق- يېقىندىن كەلگەن مۇقام ئىشقىۋازلىرى ۋە مەشقاۋۇللار بۇ ئۆيگە جەم بولۇپ، مۇقام ئۆگىنىش، دارۋازلىقنى مەشق قىلىش پائالىيەتلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى، يۈرتتىكى چوڭ - كىچىك مېھماندار- چىلىقلار، توي - مەرىكىلەر، بەزمە - مەشرەپلەر ئۇلار- سىز قىزىمايتتى. كۆزلىرى بۇلاقتەك ئوييناپ تۇرىدى- غان قەلەم قاشلىق كىچىككىنە ئامانىساخان ئەنە شۇ يېقىم- لىق مۇقام كۈيلىرى ئىچىدە تۇغۇلدى ۋە ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇ 11—12 يېشىدىلا مۇقامنىڭ مۇقەددىمە، تەزە، مەرغۇللىرىدىن كىچىك ئارىيەلەرنى چېلىشنى ئۆگەندى. 15 يېشىدا مۇقامنىڭ ھەرقايسى ئۆزگى- رىشلىرى بويىچە چالالايدىغان بولدى. 18 ياشلاردا ھۆسنى - لاتاپەتلىك ئېگىز-زىلۋا ئۆسكەن ئامانىساخان داڭلىق مۇقامچى قىز بولۇپ يېتىشتى. ئۇنىڭ نام - شۆھرىتى كىرىيە، خوتەن، گۇما قاتارلىق جايلارغىچە تارقىلىپ، بۇ قىزنىڭ ھۆسنى جامالىنىلا ئەمەس چال- غان مۇقامىنى بىر قېتىم ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلىپ يىراق- يېقىندىن كەلگەنلەر ئاز ئەمەس ئىدى.

ئامانىساخان ھاجى 18—19 ياشلارغا كىرگەن يىل- لىرى ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئارقا - ئارقىدىن ئۆلۈپ

ئايىمخان ھاجىغا، ئەگەر ھىندىستاندا قېلىشنى خالىسا ئۆي ـ جاي، يۇقىرى مائاش ـ تەمىنات بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. لېكىن ئايىمخان ھاجى: «سىلەرنىڭ ياخشى كۆڭلۈڭلەرگە رەھمەت، مەن ئۆز ۋەتىنىمدە ياشاشنى خالايمەن» دەپ ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى كەسكىن رەت قىلىدۇ ۋە 1949 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىدۇ.

ئايىمخان ھاجى 1942 ـ يىلدىن باشلاپ قاراقاشتا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن سانائى نەفىسلەردە چالغۇچى سۈپىتىدە ئۇيغۇر تىياتىر چىلىق سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا زور تۆھپە قوشقان، ئازادلىقتىن كېيىن ھەرخىل پائالىيەت سورۇنلىرىدا خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتەن قۇرۇش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىدىغان يېڭى ناخشىلارنى ياڭراتتى. مۇقامنى ساقلاپ ئۇنى ئەۋلادلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش بىلەن مۇقامنىڭ جەزبىلىك خۇشناۋالىرىدىن خەلقنى داۋاملىق بەھرىمەن قىلدى.

12 مۇقامنى ئۆزىنىڭ بارلىق ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىرىدىن كېچىپ، قوغدىغان ۋە ساقلىغان داڭلىق مۇقامچى ئايىمخان ھاجى 1961 ـ يىلى ئاتا مىراس تەمبۇرىنى قۇچاقلىغان ھالدا ۋاپات بولدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر تەنھالىق ھاياتىنى ئۆزى ياخشى كۆرگەن 12 مۇقامغا ۋە مۇقام كۈيلىرى ئارقىلىق سۆيگەن ۋەتەنگە، خەلقىگە بەخش ئەتكەنلىكتىن خەلق بۈگۈنگىچە ئۇنىڭ نامىنى ياداپ كەلمەكتە.

يوشۇرۇن نىسكاھىغا ئېلىپ «شەيتان ۋەسۋەسى مۇقام»دىن بەزدۇرۇپ، «روپاش ئاغىچا خېنىم» قىلىپ «ساۋاپ» تېپىشماقچى بولۇشتى. بەزى باي ۋەچچىلەر ئۇنى ئارزۇلۇق خوتۇنى قىلىپ، ھۇجرىدىن چىقارماي مۇڭلۇق ئاۋازى ۋە گۈزەل ھۆسنى-جامالىدىن ئۆمۈرلۈك ھۇزۇرلىنىشنى كۆڭلىگە پۈكۈشتى.

ئايىمخان بۇ خىل رەزىللىك يوشۇرۇنغان قارا كۆڭۈل خېرىدارلارنىڭ تەلەپلىرىنى رەھىمسىز رەت قىلدى. ئۇ: «مېنىڭ يىغامىمۇ كۈلكەممۇ، جەۋرى-جاپالىرىم ۋە راھەت-پاراغىتىممۇ مۇقام بىلەن يۇغۇرۇلغان، مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا مۇقام سىڭىپ كەتكەن. مېنى ياخشى كۆرگۈچىلەر مۇقامنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇلار مۇقامنى نابۇت قىلىنىش بەدىلىگە مەندىن ھۇزۇرلانماقچى، شۇڭا مەن ئۆمۈر بويى يىگانە ئۆتۈشكە رازىمەنكى مۇقامدىن ۋاز كەچمەيمەن. مۇقام ئارقىلىق خەلقىمنىڭ رەنجىگە شېپاھ، دەردىگە داۋا بولىمەن»، - دەيدۇ.

ئايىمخان ھاجى 1948 - يىلى بىر نەچچە ئەر-ئايال ھەج تاۋاب قىلغۇچىلار بىلەن بىللە تەمبۇرنى يېنىغا ئېلىپ ئاتلىق ھەج سەپىرىنى باشلايدۇ. ئۇ ھەجدىن قايتىش سەپىرىدە ھىندىستاننىڭ بومباي شەھىرىدىكى بىر مېھمانخانىدا ھەرخىل مىللەتلەر توپلاشقان سورۇندا ئەجەم، چەبىيات مۇقاملىرىنى ئورۇنداپ تاماشابىنلارنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بومبايدىكى مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئەرباپلار ئاتايەن يوقلاپ كېلىپ ئۇنىڭ مۇقام ئورۇنداش ماھارىتىگە ئۆز تەرجىمانلىرى ئارقىلىق ئاپىرىن ئوقۇش بىلەن

تىمكى كۆپلىگەن شېئىر كىتابلارنى ئوقۇغان. شۇ ئار-
قىلىق تۈركى تىل سىستېمىسىدىكى نۇرغۇن كلاسسىك
شائىرلار ۋە ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى بىلەن تونۇشۇپ
چىققان. ئۇ ئۇن ياشلار ۋاقتىدىلا نۇرغۇن ئەشئار-
لارنى يادلىۋالغان، ئۆزى ھەم نەزم ئىجاد قىلىشقا
باشلىغان. شائىرنىڭ 30 - يىللاردىكى ئەھۋالىنى
ئەسلىگەنلەر ئۇنى «شۇ چاغلاردا ھەم ياش زېھنىلىك
ئىدى. ئەرەبى ۋە پارسى تىللىرىدا راۋان سۆزلەيتتى،
بېيىت يادلىسا ئادەم زوقلىنىپ كېتەتتى. ئۇ ياش
ۋاقتىدىلا ھۆرمەتلىك بولغان...» - دەيدۇ.

شائىر ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت-
نىڭ ئىززەت - ئېتىبارىغا ئېرىشتى. 1962 - يىلى ئاز
سانلىق مىللەتلەر ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكى تەركىبىدە ئىچكى
ئۆلكە ۋە شەھەرلەردە تۆت ئاي ئېكىسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە
بولدى. شائىر ئاشۇ تۆت ئايلىق تۇرمۇش تەسىراتلىرى
ئاساسىدا «سەپەرلەردىن خاتىرىلەر» ناملىق قولىيازما
توپلام ئىشلىگەن. بۇ توپلام شائىرنىڭ يەنە بىر قول-
يازما ئەسىرى «چەشمە يېتىمى» (پەندى - نەسىھەت
خاراكتېرىدىكى ئەسەر) بىللەن كېيىنكى كۈنلەردە
يوقىلىپ كەتكەن. ئۇندىن باشقا شائىرنىڭ يەنە ئە-
رەب ۋە فارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا ئۆزلەشتۈرگەن تەر-
جىمە ئەسەرلىرى، تارىخ ۋە تىبابەتكە ئائىت قولىياز-
مىلىرى بار ئىدى. بۇلار تېخىچە تېپىلمىدى. ھازىر
ئۇنىڭ «دىۋان يېتىمى» ناملىق بىرلا قولىيازما ئەسىرى
تېپىلدى. بۇ كىتابنى شائىر 1948 - يىلى 30 يېشىدا

## شائىر قادىرخان يېتىمى ۋە ئۇنىڭ «دىۋان يېتىمى» ناملىق دىۋانى توغرىسىدا

### مەتقاسىم ئەكرەم، ئابدۇلئەھەد قادىرى

شائىر قادىرخان يېتىمى 1918 - يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ سىزنىيا دېگەن كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئەسلى ئىسمى—تۇردىخەلپەھاجى ئوغلى قادىرخان بولۇپ، يېتىمى — شائىر ئۆزى قوللانغان تەخەللۇسى. شائىرنىڭ دادىسى - تۇردى خەلپەھاجى ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئۆلىماسى بولۇپ، مەدرىسە ئېچىپ ئىلىم تارقاتقان، يۇرت ئەھلىگە، قېرىنداشلىرىغا ساخاۋەتلىك كىشى. خىزمەتكار كىشى ئىدى. شائىر كىچىكىدە ئاتىسىدىن تەلىم ئېلىپ باشلانغۇچ مەلۇماتقا ئېرىشكەندىن كېيىن شۇ ۋاقىتتىكى نوپۇزلۇق بولغان قوتاز مەدرىسىگە كىرىپ ئوقۇغان. مەدرىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن مەشھۇر ئۆلىما مەتنىياز ھاجىم مەۋلىۋىنىڭ ھۇزۇرىدا، كېيىنچە قاغىلىقتىكى ئوبۇلقاسىم ھەزرەتنىڭ ھۇزۇرىدا سىستېمىلىق ئىلىم تەھسىل قىلغان. تىل، تەفسىر ۋە ئەدەبىيات ئىلىملىرىنى ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەن ۋە ئەرەبى، فارسى، ئوردۇ تىللىرىنى باراۋەر رەۋىشتە پىششىق ئىگىلىگەن. كۆڭۈل مايىللىقى جەھەتتە شېئىر - يەتكە ئالاھىدە ئىشتىياق باغلاپ تۇرلۇك تىل - يېزىق-

بىر يۈرۈش تەلەپ ۋە قائىدىلەرنى شەرت قىلىدۇ. ۋەھالەنكى بىزدە تېخى بۇخىل ئەدەبىياتقا قارىتا بىر قەدەر ئىلمىي بولغان توغرا قاراش تېخى ئومۇملاشقىنى يوق. دەرۋەقە، مۇنداق شېئىرلاردا بىر قىسىم پاسسىپ تەرەپلەرمۇ بار. لېكىن ئۇنىڭدا يەنە چوڭقۇر شېئىرىي قىزغىنلىق ۋە شېئىرىي جەلپكارلىق بولغاندىن تاشقىرى ۋەزىن ئېتىبارى تويۇنۇپ جارى قىلىدۇرۇلىدۇ.

يېتىمىنىڭ شېئىرلىرىمۇ يۇقىرىقىدەك خۇسۇسىيەتلەردىن مۇستەسنا ئەمەس. بىز يېتىمى شېئىرلىرىدىكى مەزمۇن تەكرارلىقى، دىنىي تۇيغۇ قويۇقراق بولۇشتەك پاسسىپ ئامىللارنىمۇ، شائىردىكى يۈكسەك شېئىرىي قىزغىنلىق، شېئىرنىڭ تىلى ۋە ۋەزىن جەھەتلىرىدىكى تەلەپكارلىقىغا ئوخشاش ياخشى تەرەپلىرىنىمۇ تەڭ ئېتىبارغا ئېلىپ، لىللا باھا بېرىشىمىز كېرەك. ھەرھالدا شائىر يېتىمى قىزغىنلىق بىلەن ئۆگەنگەن، ئۆز ھالىغا يارىشا ئىقتىرا قىلغان، ھاياتىدىن ئىز قالدۇرغان، ئۆگىنىش ۋە زېھىن يېتىلدۇرۇشتە قىممەت ياراتقان كىشىدۇر.

شائىر 1964 - يىلى 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى 46 يېشىدا يۈرەك كېسەلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئەتراپلىق يېتىشكەن ئالىم — مۇھەممەت ئەۋەز قاراقاشى

قاراقاش ناھىيىسىدە ئەدەبىيات - سەنئەت سا-

ئۆز قەلىمى بىلەن دىۋان قىلىپ رەتلەپ چىققان. دىۋاندا غەزەل، موخەممەس ۋە مۇرەببە شەكلىدە 1500 مىسرادىن ئارتۇق شېئىرلىرى بار. شائىر بۇ كىتابنى مەرھۇم ئۇستازى ئوبۇلقاسىم ھەزرەتنىڭ تەربىيە ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوغلى ھامۇتخاننىغا تەقدىم قىلغان. 1989 - يىلى شائىرنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى ئابدۇخالىق ھاجى ۋە شائىرنىڭ ئىككىنچى ئوغلى - ئابدۇلئەھەد قادىرنىڭ قايتا - قايتا ئەسلەپ ئىزدىشى ئارقىلىق «دىۋان يېتىمى» ناملىق بۇ قوليازما ئاخىر تېپىلدى. ھازىر ئابدۇلئەھەد قادىرنىڭ قولىدا ساقلانماقتا.

دىۋاندىكى شېئىرلارنىڭ نېگىزىدە ئاساسەن تەسەۋۋۇپ غايىسىدىكى مەزمۇنلار ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن شائىرنىڭ يەسەۋىچە شائىر ئىكەنلىكىنى ياكى شۇخىل ئەدەبىي ئېقىمنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇرراق ئۇچرىغان شائىر ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىش مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ ئومۇمىي شېئىرلىرىدا شائىرنىڭ ساددا، ئۆزىگە خاس خاراكتېرى، ئۆز غايىسىگە يارىشا ئارزۇ- تىلەكلىرى يۇمشاق، لېرىك ئۇسلۇب بىلەن ناھايىتى قىزغىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

پىر ئۇستازلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلەن تورۇش، ئۇلارنى ئىخلاس ۋە ئېتىقاد دەرىجىسىدە مەدھىيىلەش، ئۇلارغا خىزمەت قىلىشنى بۇرچ ۋە ئەقىدە دەپ بىلىش- تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ غايىسى ۋە قىممىتى. شول سەۋەبتىن بۇخىل غايىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر مۇئۆزىگە يارىشا

سىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرى-غىچە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا يۈز بەرگەن زور ئىجتىمائىي، سىياسىي ئەھۋاللار، تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن. شىنجاڭ تارىخىدىكى خوجىلار ھەرىكىتى، «ئاق تاغ-لىق»، «قارا تاغلىق»لار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «مەخدۇم ئەزەم» ناملىق كىتاب-نىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر تارىخىنىڭ 18 — 19 - ئەسىرلىرىنى يورۇتۇشتا ۋە ئۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيىسىنى، پەلسەپە ئاساسلىرىنى تەتقىق قىلىشتا بىردىن بىر نوپۇزلۇق مەنبە بولۇپ خىزمەت قىلماقتا.

مۇھەممەت ئىبۋەزنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» («ھۆكۈملەر يىغىندىسى») ناملىق ئەسەردۇر.

«مەجمۇئەتۇل ئەھكام»نىڭ خوتەنلىك چورۇق خوجا دېگەن خەتتات تەرىپىدىن ھىجرىيىنىڭ 1241-يىلى (مىلادىنىڭ 1819 — 1820 - يىللىرى) كۆچۈرۈلگەن قولىيازما نۇسخىسى بىلەن يەنە بىر نامەلۇم خەتتات تەرىپىدىن يەكەندە كۆچۈرۈلگەن قولىيازما نۇسخىسى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. چورۇق خوجا كۆچۈرگەن نۇسخىنىڭ تېتول بېتىگە پارىسچە مۇنداق بىر بېيىت بېغىشلىما قىلىنغان:

قەلەم گۇفتاھى، مەن پادشاھەم،
قەلەم كەسرابە دەۋلەت مىرسانەم.

تەرجىمىسى:

ھەسسدىلائەمەس، بەلكى تەبىئىي پەن، تارىخ، پەلسەپە، تىببىي پەن، پسىخولوگىيە ساھەسىدىمۇ ئەجرى سىڭ-دۈرگەن تالانتلىق ئالىملار ئۆتكەن. ئۇلار بەلگىلىك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۆز دەۋ-رىنىڭ ئىلىم - مەرىپەت پائالىيىتىدە ئەھمىيەتلىك رول ئوينىغان.

ئەنە شۇ ئالىملاردىن بىرى تارىخچى، ئاستىرونوم، ۋە ماتېماتىك مۇھەممەت ئىبنۇ ئەزىز قاراقاشىنىڭ ماڭلاي يېزىسىدىكى موغاللا كەنتىدە بىر تونۇلغان ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋا-پات بولغان يىلى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئۇ تەخمىنەن 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مۇشۇ يۇرتتا ياشىغان ئالىمدۇر. مۇھەممەت ئىبنۇ ئەزىزنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەت ئىبنۇ ئەزىز ئىبىن مەۋلانا سەدىرىدىن قارا قاشى بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى ئۆز دەۋرىنىڭ تونۇل-غان مۇدەررىسلىرىدىن ئىدى. ئۇ كىشى ئاۋام ئىچىدە «مەۋلانە» دېگەن پەخرى نام بىلەن ئاتالغان ۋە ئۆزىگە «قاراقاشى» دېگەن نىسبىنى بەرگەن ئىدى.

ئۆز ئائىلىسىدە تەلىم ئېلىپ يېتىلگەن مۇھەممەت ئىبنۇ ئەزىزمۇ كېيىن دادىسىنىڭ نىسبىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆز ئەسەرلىرىنى «مۇھەممەت ئىبنۇ ئەزىز قاراقاشى» يەنى «قاراقاشلىق مۇھەممەت ئىبنۇ ئەزىز» دېگەن نام بىلەن يازغان.

مۇھەممەت ئىبنۇ ئەزىزنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەل-گەن ئىككى چوڭ ئەسىرى بار، ئۇنىڭ بىرى «مەخدۇم ئەزەم» ناملىق كىتاب بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ تارىخ سا-ھەسىدىكى مۇھىم ئەسىرىدۇر. بۇ ئەسەردە 17 - ئە-

سىخولاستىك نۇقتىئىينەزەرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا.
مۇھەممەت ئېۋەزنى 18-ئەسىرنىڭ ئېنسىكلوپېدىست
ئالىمى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ئۆز ئەسىرىدە توق-
قۇز پىلانېتا، يەر شەكلى، يۇلتۇزلار ھەرىكىتى، كا-
لېندار تۈزۈش توغرىسىدا، گېئومېترىيە ئالگېبرا
توغرىسىدا، جۇغراپىيە ۋە تارىخ دەۋرلەرگە بۆلۈش
توغرىسىدا، شۇنىڭدەك ئىنسان ئورگانىزمىدىكى
پىسخىك ھالەتلەر توغرىسىدا ھازىرقى زامان ئىلمىي
قائىدىلىرىگە خېلىلا ئۇيغۇن كېلىدىغان توغرا كۆز
قاراشلارنى بايان قىلغان.

«مەجمۇئەتۇل ئەھكام» 18 - ئەسىر شارائى-
تىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تەبىئىي پەن ھەققىدە دادىل
پىكىر يۈرگۈزۈلگەن ئىلغار كىتاب بىتۇر. مۇھەممەت
ئېۋەز قاراقاشى ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرى ئارقىلىق تەبى-
ئىتىنى بىلىش جەھەتتە ئىسلام ئەقىدىلىرىدىن زور
دەرىجىدە ھالقىپ ئۆتكەن.

«مەجمۇئەتۇل ئەھكام» ناملىق ئەسەردە با-
يان قىلىنغان ئىلمىي كۆز قاراشلار مۇئەللىپىنىڭ
ئىلىم-پەن تارىخىدىن خېلى ياخشى خەۋەردار ئىكەن-
لىكىدىن، ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتككەن ئەرەب ۋە ئوتتۇ-
را ئاسىيا ئالىملىرىنىڭ تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى
ئەسەرلىرىنى پىششىق تەتقىق قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

مۇھەممەت ئېۋەز قاراقاشى ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ مەشھۇر تارىخى شەخسلىرى قاتارىدا «بۈ-
يۈك جۇڭگو قامۇسى»غا كىرگۈزۈلدى.

قەلەم ئېيتۇر، جاھاندا پادىشاھمەن
قەلەم تۇتقۇچىغا دۆلەت بىرۇرمەن.

ھەر ئىككىلا قوليازمىنىڭ مۇقەددىمىسى ئوخشاش بولۇپ ئۇنىڭدا مۇئەللىپ ئۆز نامىدىن ۋە كىتابىنىڭ مۇندەرىجىسىدىن مەلۇمات بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ پەقىرى، خاكسار، پەرىشان روزغار مۇھەممەت ئىۋەز ئىبنى مەۋلانا سەدىردىن قاراقاشى... بىر نەچچە كەلىمە ھۆكۈما ئەھۋالىدىن ۋە تارىخ، ھىساپ جەمەل... توققۇز ئەخلاق... يەتتە ئىقلىم، ئەجايىبات ۋە غەرايىباتى ئالەم، شەھەرلەر... قەلئەلەر... ئىلمى ھەندەسە ۋە نۇجۇم، ئىلمىي ھەيئەت... مۇقەددىماتى ئىلمىي ھىساب ۋە پەراسەت ھۆكۈمەتتىن جەمئىي قىلىندى... ۋە «مەجمۇ ئەتتۇل ئەھكام» دەپ ئات قويۇلدى...» مۇقەددىمىدە يەنە مۇئەللىپ بۇ كىتابىنى ئەينى زامانىنىڭ ھاكىمى مىرزا شاھباز بەگ ئىبنى مۇھەممەت شاھ بەگ دوغلاتقا تەقدىم قىلىشقا نىيەت قىلىپ ئۆتىدۇ.

«مەجمۇ ئەتتۇل ئەھكام» 14 بابتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، خرونولوگىيە ۋە پىسىخولوگىيە قاتارلىق پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىتابنىڭ ئاخىرىدا مۇئەللىپ ئۆزى بىلەن زاماندا بولغان ۋە ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن بەزى ئالىملارنىڭ ئىلمى پائالىيىتى توغرىسىدىمۇ بەزى مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. مۇئەللىپنىڭ ئەينى زامانغا خاس بەزى خۇراپىي كۆز قاراشلىرى ۋە دىنىي-

نۇس بەگ، ھوشۇر بەگ، كېرىم بەگ، ھېيت قاسىم-
ئىسمايىل توختىمەت، يەندا يەنلەر ئىدى. بۇلارنىڭ
ماتاشى ئۈچۈن ئاشلىق ھېسابلاپ بېرىلەتتى.

خەنزۇچە ئوقۇتۇش توختىتىلغاندىن كېيىن
قاراقاشتا بىخ ئۇرۇپ چىققان يېڭى مائارىپ بىر
مەزگىل چېكىنىش ھالىتىدە تۇردى. 1936 - يىلىغا
كەلگەندە ئىلى رايونىدا پەننى ۋە دىنىي بىلىم جە-
ھەتتە يېتىلگەن تەرەققىي پەرۋەر زات ئابدۇللا دا-
موللام ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قەشقەرگە كەلگەندىن
كېيىن قاراقاش خەلق يېزىسىدىكى غوجىلار نەسەبىدىن
چىققان تەرەققىيپەرۋەر زات غوجا ئەبەيدۇللاخاننىڭ
تەكلىپ قىلىشى بىلەن قاراقاشقا كېلىپ، غوجا ئەبەيدۇل-
لاخان شەخسىي قۇرغان دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپتە
ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ مەكتەپ قاراقاش-
تارىخىدىكى تۇنجى پەننىي مەكتەپنىڭ باشلىنىشى
بولۇپ، بۇ مەكتەپكە، سايباغ، زاۋا، ئاقساراي، تو-
خۇلا قاتارلىق يېزىلاردا دىننىي مەكتەپتە ئوقۇپ
ساۋات چىقارغان 150 دەك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنى-
دى. ئوقۇغۇچىلار ئۈچ سىنىپقا بۆلۈنۈپ تىل - ئەدە-
بىيات، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە، تەنتەربىيە، شېئىر
(ناخشا) دەرسلىرىنى دىنىي دەرسلىك بىلەن قو-
شۇپ ئۆگەنگەن. دەرس ئۆتكۈچى ئابدۇللا داموللام
پۈتۈن زېھنى بىلەن پەننىي ۋە دىنىي دەرسلەرنى
بىرلەشتۈرۈپ ئۆتكەن.

مەكتەپنىڭ كىمنا ستىكا مەيدانى ۋە سەينالىرى-

## ئازادلىقتىن بۇرۇنقى يېڭى مائارىپ ئىشلىرى

**ئابدوكېرىم ئابدۇللا، ئەخمەتجان مەخسۇت**

1930 - يىلى كۈز پەسلىدە خوتەننىڭ هاكى-
مى (ئامبىلى) ياڭ زېڭشىنىڭ تەشەببۇسى ۋە قوللىشى
بىلەن تۇنجى شەنلى شوتاڭ مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ناھى-
يە تەۋەسىدىكى يېزىلاردىن 100 دەك ئوقۇغۇچى
قوبۇل قىلىپ 3 قارار ئوقۇغۇچى مەخسۇس خەنزۇ
تىل - يېزىقىدا تەربىيىلەندى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇت-
قۇچىلىقىنى روزى بەگ ئۈستىگە ئالدى. 1939 - يى-
لىغا كەلگەندە ئىمىن تۇردى دېگەن كىشى ھەر قاي-
سى مىللەت ئۆز تىللىرىدا ئوقۇسۇن دېگەن ئۇقتۇ-
رۇش كەلدى، دەپ شوتاڭ مەكتىپىنى ئەمەلدىن قال-
دۇردى. بۇ مەكتەپتە ئوقۇغانلار «بەگ» دەپ ئاتىلىپ
ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا كوجاڭ، كېي يەن، يېزىلار-
دا بەگ (هازىرقى شاڭجاڭغا تەڭ) بولۇپ ئىش يۈر-
گۈزدى. ئەنە شۇ مەكتەپتە ئوقۇغانلارنىڭ تىپىك
ۋەكىللىرى سۇگۇرىن (نىياز بەگ)، هاپىز بەگ، يۈ-

تەسىس قىلىنىپ ئۆشرە ـ زاكات، ۋەخپىلەر ئارقىلىق
ئىقتىسادىي ئاساس تۇرغۇزۇلدى. 1937 ـ يىلى ئەتىـ
يازدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن
شاخلىق يېزىسىدىكى ئابدۇللا داموللا ئۆزى ئوقۇتۇـ
ۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى بويىسىر قىلىپ (سەپكە تىزـ
زىپ) داقا ـ دۇمباق، يالغۇزەك ـ نەيلەرنى چېلىپ،
ناخشا ئوقۇتۇپ، شەھەرنى ئايلاندۇردى. بۇ قاراـ
قاش ناھىيە بازىرىدا تۇنجى يېڭى مائارىپنىڭ ناماـ
يەندىسى سۈپىتىدە پۈتۈن خەلق ئارىسىدا زىلزىلە
پەيدا قىلدى. ئارقىدىنلا ناھىيە بازىرىدا 2 ئورۇندا
ئىپتىدائىي پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى. ئالتە
سىنىپقا 130 دەك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ دەرس
ئۆتۈلدى. بۇ ئىككى مەكتەپنىڭ بىرسى سالى خېنىمىـ
نىڭ ئۆيىدە بولۇپ ئىككى سىنىپتا 50 ئوقۇغۇچى
ئوقۇدى. ئوقۇتقۇچىسى سالى خانىم (ئىلى رايونىـ
دىن كەلگەن) ئىساخان ناسىرلار بولدى.

يەنە بىر مەكتەپ ۋەتەنپەرۋەر زات ئەمەت ھاـ
جىمنىڭ چاسۇدىكى مەدرىستە بولۇپ تۆت سىنىپتا 80
ئوقۇغۇچى ئوقۇتۇلدى. ئوقۇتقۇچىلىرى: مىجىت
مۇسا، ھىدايىتوللا قۇربان. ئابدۇغوپۇر داموللام
ئىدى.

1938 ـ يىلى شاخلىق مەكتەپنى ئۇيغۇر ئۇيۇشـ
ما تەۋەلىكىگە ئېلىپ يېشى چوڭلارنى ناھىيە بازىرىـ
دىكى مەكتەپكە يۆتكەپ كېلىپ ئىككى مەكتەپتە 300
دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى بار بولغان 8 سىنىپ قۇـ

نى بورا بىلەن يېپىپ سا يەۋەن قىلىپ، ئوقۇغۇچە- لارنىڭ ئىسسىقتىن سا قلىنىپ يا خشى ئوقۇشى ئۈچۈن شا رائىت يا رىتىپ بەرگەن.

ئوقۇتقۇچىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە ما ئاش تەمىنا تى خۇجا ئەبەيدۇللاخا ننىڭ خەزىنىسىدىن بېرىلگەن.

خۇجا ئەبەيدۇللاخا ن ئۆز ئىگىدارچىلىقىدىن 20 مو يەر، يا غاچ، تاش چىقىم قىلىپ سالغان بۇ مەكتەپتە تۇنجى يېڭى پەننىي ما ئارىپىنىڭ مەشئىلى نۇر چا چتى.

خۇجا ئەبەيدۇللاخا ن ئازادلىقتىن كېيىنمۇ دې- موكرا تىك ئىلغار زا تلار قا تا رىدا، سىيا سى مەسە- لىھەت كېڭەشنىڭ ئەزا لىرى قا تا رىدا ئىجتىما ئىي ھە- رىكەتلەردە ئا كتىپ رول ئوينا پ 1973 - يىلى ۋا- پا ت بولدى.

1937 - يىلى 5 - ئا يلاردا خوتەن ۋىلا يەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئا قارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشەببۇسە- كا رلىقى بىلەن قا را قا شتىمۇ ئۇيغۇر مەدەنىي ئا قار- تىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. بۇ ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسى ئا بدۇلھەمىت مۇپتى ئا خۇنۇم، ما ئاۋىن رەئىس ھوشۇر قا زى ئا خۇنۇم، كا تىپ قۇربا ن دەللەك، ئەۋقا پ (ما لىيە ئىشلىرى مەسئۇلى) ئا بدۇقا دىر دا موللام، مەدەنىيەت، تەشۋىقا ت ئىشلىرى مەسئۇلى ئا بدۇقا دىر روزىمەت، ئەخمەتجان مەخسۇت، مىجىت مۇسا لار ئىدى. بۇنىڭ بىلەن يېزىلاردا ئا شىر، كەنتلەردە نا زىر قا تا رلىقلار

قاراقاش ناھىيىسىدە يېڭى پەننىي ماتارىيىنىڭ راۋاج تېپىشىغا ئەگىشىپ خەلق ئىچىدە ساۋات چىقىرىش ھەرىكىتى قوزغالدى. 1940 ـ يىلى ساۋات چىقىرىش ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ ھەيئەت باشلىقى چىلىك شەنجالىڭ، مائاۋىن ھەيئەت باشلىقى مۇھەممەتخان غوجا بولۇپ تەيىنلەندى. ھەيئەت ئەزالىقىغا ھەر قايسى رايون(يېزا) لارنىڭ باشلىقلىرى ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشما تەشۋىقات بۆلۈمىدىن ئەخمەتجان ماخسۇتلار باشچىلىقىدا ناھىيە بويىچە 60 سىنىپ تەسىس قىلىنىپ 2500 ئوقۇغۇچى تۆت ئاي ساۋات چىقىرىش ئاساسىدا تەربىيىلەندى. بۇ ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرىغا شەھەردە ئوقۇۋاتقان يېشى چوڭراق بولغان 40 ئوقۇغۇچىنى تاللاپ ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلەندى.

ساۋات چىقىرىش ھەرىكىتىنىڭ تۇرتكىسى بىلەن نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار يېتىشىپ چىقتى. ناھىيە بازىرى ۋە ھەر قايسى يېزىلاردا 17 ئورۇندا 39 سىنىپلىق مەكتەپ، 1500 ئوقۇغۇچى، 50 ئوقۇتقۇچى بارلىققا كەلدى. بۇ مەكتەپلەرگە ئەسلىدە بار ئوقۇتقۇچىلاردىن باشقا خوتەن دارىلمۇئەللىمىنىڭ 1-، 2- قارارلىق كۇرسلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇتقۇچىلار ۋە ساۋات چىقىرىش ھەرىكىتىگە ئاجرىتىلغان 40 ئوقۇغۇچىدىن تاللانغان ئوقۇتقۇچىلار تولۇقلاپ سەپلەندى.

1941 ـ يىلى 6- ئايغا كەلگەندە پۈتۈن ناھىيە

روُلدى. بوُلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى: مىجىت مۇسا، ھىدايىتۇللا قۇربان، ئابدۇغوپۇر داموللام، سابىرجان (قەشقەرلىق) ئابدۇ جېلىل ئەپەندىلەر ئىدى.

1938 - يىلى 8 - ئايدا خوتەندە، ئىككى ئايلىق ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ بۇ كۇرۇسقا مىجىت مۇسا، ھىدايىتۇللا قۇربان، نىساخان ناسىر قاتارلىق 15 كىشى ئەۋەتىلدى. ئوقۇش كۇرسى تۈگىگەندىن كېيىن غوجا بدۇللا مېھمان، مەھەممەت ئىبرايىم كېيىنلار بىر يىللىق دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇشقا قالدۇرۇلۇپ قالغانلار قايتىپ كەلدى.

1939 - يىلى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، مەدرىسە ۋە شەخسلەرنىڭ ئۆيلىرى يىغىنچە پەننىي مەكتەپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قولايسىز بولۇپ قالغانلىقتىن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىنىڭ مەبلەغ چىقىرىش بىلەن 1940 - يىلى ناھىيە بازىرىدا 24 سىنىپلىق چوڭ باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىندى. بۇ مەكتەپنىڭ تاملىرى خام خىشتىن قوپۇرۇلۇپ، بىر مەكتەپ قىزلار مەكتىپى، ئوغۇللار مەكتىپى دېگەن ئىككى نام بىلەن ئاتالدى. ئوغۇللار مەكتىپى 12 سىنىپلىق بولۇپ 500 ئوغۇل، قىزلار مەكتىپى 6 سىنىپلىق بولۇپ 250 قىز ئوقۇغۇچى ئوقۇدى. بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى غازى روزى (قاغىلىقتىن) ئوقۇتقۇچىلىرى: ئابدۇللا مۇھەممەت، غوجا بدۇللا مېھمان، ئالىمجان، ئالماخانىم، نەۋى خانىم، ھىدايىتۇللا قۇربان، ئابدۇغوپۇر داموللام، شەمسىدىن داموللالار ئىدى.

ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسىغا ئىگە بولدى.

1945 - يىلدىن 1948 - يىلغىچە بولغان يىللاردا يېتىم ئىمزالاش، سايلام، ناماييش قاتارلىق سىياسى ھەرىكەتلەر مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىيا تىنى بىر ئىزدا توختىتىپ قويىدى. 1949 - يىلى مەكتەپلەر ئىنچام رەتلىك بولدى. بۇ چاغدا ناھىيە بويىچە 32 مەكتەپ، 143 سىنىپ، 4728 ئوقۇغۇچى، 194 ئوقۇتقۇچى بار ئىدى.

**ئەينى يىللار مائارىپىنىڭ ئىقتىسادىي تەمىنات ئىشلىرى**

1937 - يىلدىن 1951 - يىلغىچە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن بېرىلىپ تۇردى. بۇ پۇللارنىڭ مەنبەسى ئاساسەن ئۇيۇشما تەرىپىدىن يىغىلغان ئۈشرە - زاكات، قۇربانلىق قوي تېرىسى، ۋەخپە يەرلەردىن قىلىنغان كىرىمدىن بولۇپ بىرىنچى خىلدىكى ئوقۇتقۇچىغا 45 يۈەن، ئىككىنچى خىلدىكى ئوقۇتقۇچىغا 35 يۈەن قىممىتىدە مائاش بېرىلەتتى.

1945 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە بولغان تۆت يىل ئىچىدە بازار باھاسى مۇقىم بولالماي پۇل پاخاللىقى يۈز بەردى. بۇ يىللاردا ئوقۇتقۇچىلارغا ئوتتۇرا ھېسابتا 20 چارەك (360 جىڭ) ئاشلىق ياكى شۇ قىممەتتە پۇل بېرىلىدىغان بولدى. كېيىنكىلەرگە 16 چارەك بۇغداي ياكى پۇل بېرىلدى.

تەۋەسىدە 39 مەكتەپ، 99 سىنىپ، 3960 ئوقۇغۇچى، 103 نەپەر ئوقۇتقۇچى بارلىقى كەلدى.
1942 - يىلى 1 - ئايدىن 6 - ئايغىچە يېڭىدىن 7 مەكتەپ، 19 سىنىپ، 700 ئوقۇغۇچى كۆپەيتىلىپ، 1942 - يىلى يىل ئاخىرىدا جەمئىي 43 مەكتەپ، 118 سىنىپ، 4660 ئوقۇغۇچى، 136 ئوقۇتقۇچى بار بولغان ماتارىپ قوشۇنى بارلىقى كەلدى. بىراق بۇ مەكتەپلەرنىڭ كۆپىنچىسى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە، مەدرىسلەردە بولۇپ، نۇرغۇن ئىشلاردا قىيىنچىلىق كەلتۈرەتتى. 1943 - يىلدىن باشلاپ خام خىش، ۋادەكتىن سېلىنغان مەكتەپلەر بارلىققا كېلىپ، قوشلۇق، توخۇلا، زاۋا، كاسا، قاراساي، ياۋا، چاقار قاتارلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ قورۇلۇشلىرى سېلىنىپ ئوقۇش شارائىتى بىر قەدەر ياخشىلاندى. 1944 - يىلى رەسمىي باشلانغۇچ مەكتەپلەر 56 گە، سىنىپ 146 گە، ئوقۇغۇچى 5760 قا، ئوقۇتقۇچى 140 قا يەتكۈزۈلدى. دارىلتام (يېتىم بالىلار مەكتىپى) سانائەت مەكتەپكە ئۆزگەرتىلىپ، ھۈنەر - سەنئەت كەسپى باشلاندى. سەيفىڭچىلىق، موزدوزلۇق، توقۇمىچىلىق كۇرژىكلىرى ئىشقا كىرىشىپ بۇ ھۈنەردە پىشقان ئۇستىلاردىن ئۆمەر ئاخۇن، توختى ئاخۇن قاتارلىقلار تەكلىپ قىلىنىپ ئارقىلىق ھۈنەر ئۆگەتتى. ئوقۇغۇچىلار ئىشلەپچىقارغان كىيىم - كېچەك، ئاياق، رەختلەرنى مەخسۇس دۇكاندا سېتىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپلا قالماستىن

غۇچ مەكتەپ، 4728 نەپەر ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 21% جەمئىي 194 نەپەر ئوقۇتقۇچى بار ئىدى.

1956 - يىلىغا كەلگەندە باشلانغۇچ مەكتەپ 61 گە، ئوقۇغۇچى سانى 12524 نەپەرگە، ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچى 336 نەپەرگە يېتىپ، 49 - يىلىغا قارىغاندا 29 مەكتەپ، 7796 نەپەر ئوقۇغۇچى 142 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئاشتى. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 49.6% گە يېتىپ، 49- يىلىغا قارىغاندا 28.6% ئاشتى. 1966 - يىلىغا كەلگەندە باشلانغۇچ مەكتەپ سانى 272 گە، ئوقۇغۇچى سانى 22285 نەپەرگە، ئوقۇتقۇچى سانى 798 نەپەرگە يېتىپ، 49 - يىلىغا قارىغاندا 240 مەكتەپ، 17557 نەپەر ئوقۇغۇچى، 604 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئاشتى. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 83.1% گە يېتىپ 49 - يىلىغا قارىغاندا 62.1% ئاشتى.

1979 - يىلىغا كەلگەندە باشلانغۇچ مەكتەپ سانى 291 گە، ئوقۇغۇچى سانى 32747 نەپەرگە، ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى سانى 1516 نەپەرگە يېتىپ 1949 - يىلىغا قارىغاندا 259 مەكتەپ، 28018 نەپەر ئوقۇغۇچى، 1322 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئاشتى. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 92% گە يېتىپ 1949 - يىلىغا قارىغاندا 71% ئاشتى.

## ئازادلىقتىن كېيىنكى مائارىپ تەرەققىياتى توغرىسىدا

ھېمىت قاسىم

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ئازادلىقتىن كېيىن مىللىي مائارىپنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ناھىيىمىزنىڭ ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولدى. بۇ ئارقىلىق ئىقتىسادلىق خادىملار كۆپلەپ يېتىشىپ چىقىپ، ناھىيىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا، يېزا ئىگىلىك، سانائەت، سودا، مەدەنىيەت، ساقلىقنى ساقلاش، ئەدلىيە، تەنتەربىيە ۋە باشقا ساھەلىرىدە ئۆزلۈكسىز يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كېلىپ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە خەلق تۇرمۇشىنى يۈكسەلدۈرۈشتە غايەت زور رول ئوينىدى.

### باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى

1949 - يىلى ناھىيىمىز تەۋەسىدە 32 باشلان-

سىز ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى.
ئارقىدىنلا يەنە 1960 - يىلى ناھىيە بازىرى ئىچىدە بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ (2- ئوتتۇرا مەكتەپ) ۋە تۆۋەت يېزىسىدا بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى. (1960 - يىلى ناھىيە بازىرى ئىچىدە قۇرۇلغان تولۇقسىز 2- ئوتتۇرا مەكتەپ 1962 - يىلى قىسقارتىلىپ 1- ئوتتۇرا مەكتەپكە قوشۇۋېتىلگەن).

شۇنداق قىلىپ، 1966 - يىلىغا كەلگەندە ئوتتۇرا مەكتەپ سانى 4 كە، ئوقۇغۇچى سانى 1667 نەپەرگە، ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى سانى 99 نەپەرگە يېتىپ، 1956 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، ئۈچ مەكتەپ، 1241 نەپەر ئوقۇغۇچى، 73 نەپەر ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچى كۆپەيدى.

1979 - يىلىغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە بىر سىغەن مەكتەپ، بىر كەسپى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، بىر مۇكەممەل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە 11 تولۇقسىز مەكتەپ بار بولۇپ، جەمئىي ئوتتۇرا مەكتەپلەر سانى 18 گە، ئوقۇغۇچى سانى 5083 نەپەرگە، ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى سانى 273 نەپەرگە يېتىپ، 1956 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، 17 مەكتەپ، 4657 نەپەر ئوقۇغۇچى، 247 نەپەر ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچى كۆپەيدى.

1994 - يىلىغا كەلگەندە، ئوتتۇرا مەكتەپلەر سانى 20 گە، ئوقۇغۇچىلار سانى 9172 نەپەرگە، ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەر سانى 767 نەپەرگە

1994 - يىلىغا كەلگەندە نوپۇسىنىڭ ئۆزلۈكسىز كۆپىيىش سەۋەبىدىن سىنىپ، ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك كېلىپ چىقتى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش بىلەن ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تارقاق مەكتەپلەرنى ئىخچاملاش، ئوقۇغۇچىلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ، سىستېمىلىق ئوقۇتۇش مەقسىتىدە مەكتەپ سانىنى 184 كە مەركەزلەشتۈرۈپ ئوقۇتۇش يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانى 49.449 نەپەر، ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى سانى 2.105 نەپەر بولدى.

## ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى

1949 - يىلى ناھىيە دائىرىسىدە بىرمۇ ئوتتۇرا مەكتەپ يوق ئىدى. 1956 - يىلى ناھىيەدە تۇنجى بولۇپ، بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇپ، (1. ئوتتۇرا مەكتەپ)، 426 نەپەر ئوقۇغۇچى 26 نەپەر ئوقۇتقۇچى خىزمەتچى بار بولدى.

ناھىيە بويىچە قۇرۇلغان بۇ بىرلا ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش ئارزۇسىنى قاندۇرۇپ كېتەلمىگەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە بېرىپ - كېلىشىگە قولايسىز بولغانلىقى قاتارلىق ئەمەلىي قىيىنچىلىقلار نەزەردە تۇتۇلۇپ، 1959 - يىلى قارا ساي يېزىسى ۋە زاۋا يېزىسىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىردىن تولۇق-

بارغان ئوقۇغۇچى 141 نەپەر ئىدى. 1994 - يىلى ئالى، ئوتتۇرا تېخنىكۇملارغا ئوقۇشقا بارغان ئوقۇغۇچى 467 نەپەر بولۇپ 79 - يىلىغا قارىغاندا 326 نەپەر ئوقۇغۇچى ئاشتى. ئېشىش نىسبىتى 231% بولدى. ئالىي ئوتتۇرا تېخنىكۇملارغا بېرىپ ئوقۇپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان ئىختىساس ئىگىلىرىدىن ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرىي كادىرلار، ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرىي كادىرلار ۋە ئىنژېنېر قاتارلىق پەن-تېخنىكا خادىملىرى ۋىلايەتنىڭ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىشلىمەكتە. ئۇلار دەۋرىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا، خەلق تۇرمۇشىنى يۈكسەلدۈرۈشتە غايەت زور رول ئوينىماقتا.

يېتىپ، 1956 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، 19 مەكتەپ، 8746 نەپەر ئوقۇغۇچى. 741 نەپەر ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى كۆپەيدى. باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 46%گە يەتتى.

ئومۇمەن، ئازادلىقتىن بۇيان ناھىيىمىزنىڭ مائارىپ خىزمىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، تەرەققىيات يىلمۇ يىل يۇقىرى نىسبەتتە ئېشىپ كەلدى. 94 - يىلى ناھىيىمىزنىڭ ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلىرى 204 كە، ئوقۇغۇچى سانى 58624 نەپەرگە، ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچى سانى 2872 نەپەرگە يېتىپ 1949 - يىلىغا قارىغاندا ئوقۇغۇچى سانى 12.4 ھەسسە، مەكتەپ سانى 6.4 ھەسسە، ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچى سانى 15 ھەسسە كۆپەيدى. ئوقۇش يېشىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىشى 98.3% گە، ئومۇمىي مائارىپ خىراجىتىنىڭ ئوقۇغۇچى بېشىغا توغرا كېلىشى 253.- يۈەنگە يەتتى.

ناھىيىمىزنىڭ ئازادلىقتىن بۇيانقى مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ تېز، ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا ئەگىشىپ، تولۇق ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكۇملارغا ئوقۇشقا بارغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىمۇ يىلمۇ - يىل ئېشىپ باردى. 1979 - يىلى ناھىيىمىزدىن ئالىي ئوتتۇرا تېخنىكۇملارغا ئوقۇشقا

ـەپلىرىدا بىر يىل تەربىيىلەش ئارقىلىق ئاھالىيمىز-
نىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلىرى ئۈچۈن 120 نەپەر ئو-
قۇتقۇچى يېتىشتۈرۈپ بەردى.

1966 - يىلىغا كەلگەندە 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە
سىنىپ 18 گە، ئوقۇغۇچى سانى 1064 نەپەرگە، ئو-
قۇتقۇچى خىزمەتچى سانى 45 نەپەرگە يەتتى. سىفەن
سىنىپىدىن بىرسى ئېچىلىپ باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە
60 نەپەر ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈپ بەردى.

1979 - يىلىغا كەلگەندە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ-
نىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولۇپ سىفەن سىنىپ
5 كە، ئوقۇغۇچى سانى 270 نەپەرگە، تولۇق ئوتتۇرا
مەكتەپ سىنىپى 4 كە، ئوقۇغۇچى سانى 220 نەپەرگە
يەتتى. تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ 9 بولۇپ ئوقۇغۇچى
سانى 495 نەپەرگە يېتىپ مەكتەپ بويىچە سىنىپ
18 كە، ئوقۇغۇچى سانى 985 نەپەرگە يەتتى. بۇ
ئارقىلىق بۇ مەكتەپ ناھىيىمىز ئۈچۈن ئىختىساسلىق
خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ بېرىدىغان
بىردىنبىر بىلىم يۇرتىغا ئايلاندى.

1994 - يىلىغا كەلگەندە سىنىپ سانى 25 كە
يېتىپ بۇنىڭدىن تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ 18، ئوقۇ-
غۇچى سانى 697 نەپەرگە، تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنى-
پى 7 بولۇپ ئوقۇغۇچى سانى 309 نەپەرگە، جەمئىي
ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچى سانى 119 نەپەرگە كۆپەيدى.
زامانىۋى يېڭى ئوقۇتۇش بىناسى سېلىنىپ سىنىپ
يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقى ياخشى ھەل قىلىندى.

## قاراقاش ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا

### ھىممەت قاسىم

قاراقاش ناھىيىسىدە ئازادلىقتىن ئىلگىرى بىرمۇ ئوتتۇرا مەكتەپ يوق ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن تاكى 1956 - يىلىغا قەدەر باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىپ ئوقۇشىغا شارائىت بولمىغانلىقتىن بۇ مەسەۋال مىللىي مائارىپىمىزنىڭ ناھىيىمىزدىكى تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويغان ئىدى. پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا ناھىيىمىزدە 1956 - يىلى ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق تۇنجى تولۇقسىز 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى. بۇ چاغدا 26 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى بولۇپ ئوقۇتقۇچى يېتەشتۈرۈش كۇرسى سىنىپى ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرى تەسىس قىلىنىپ 8 سىنىپقا جەمئىي 426 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭدىن كۇرۇس سە-

لىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاددى ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى.

1- ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخىدا (1956—1995) 5 نەپەر مۇدىر ئۆتكەن. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: 1956 - يىلىدىن 1961 - يىلىغىچە ئابدۇرېھىم قاسىم مۇدىر بولغان. 1961 - يىلىدىن 1977 - يىلىغىچە مەكسۇر راشىدىن مۇدىر بولغان. 1977 - يىلىدىن 1984 - يىلىغىچە - مەخسۇت روزىمەت مۇدىر بولغان. 1984 - يىلىدىن 1992 - يىلىغىچە ئابلىمىت ئەخمەت مۇدىر بولغان. 1992 - يىلىدىن 1995 - يىلىغىچە ئابلىز ئۆمەر مۇدىر بولغان.

## مەكسۇر راشىدىن.

مەكسۇر راشىدىن 1936 - يىلى 10 - ئايدا كۇما ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1952 - يىلدىن 1955 - يىلى 9 - ئايغىچە خوتەن دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇغان. 1955 - يىلى 9 - ئايدىن 1956 - يىلى 9 - ئايغىچە كۇما ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1956 - يىلى 9 - ئايدىن 1960 - يىلى 5 - ئايغىچە قاراقاش ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1960 - يىلى 5 - ئايدىن 1961 - يىلى 8 - ئايغىچە قاراقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسىدە ئىشلىگەن. 1961 - يىلى 8 - ئايدىن 1982 - يىلى 12 - ئايغى

ئېلېكتىرلەشكەن ئوقۇتۇش سىستېمىسى يولغا قويۇ-
لۇپ مەكتەپنىڭ بىر پۈتۈن تەلىم تەربىيە شارائىتى
ھەققىدە ياخشىلاندى.

قاراقاش ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ ناھى-
يىمىزنىڭ بىردىنبىر ئەختىساس ئىگىلىرىنى تەربى-
يىلەپ يېتىشتۈرۈش، دۆلەت ئۈچۈن ئالىي مەكتەپلەرگە
يارامىلىق ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشتەك شە-
رەپلىك بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلغانلىقتىن، مەكتەپ
قۇرۇلغان 38 يىلدىن بېرى ناھىيىمىز ئۈچۈن 800
نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن-
دىن باشقا يەنە ئالىي ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە
2300 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى يەتكۈزۈپ
بېرىپ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش
تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش شۇنداقلا ناھىيىمىز-
نىڭ ھەر قايسى كەسىپ، ھەر قايسى سەپلىرىگە ئېھ-
تىياجلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىقلاردا
ئۆچمەس تۆھپە يارىتىپ قاراقاش خەلقىنىڭ يۈك-
سەك يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

مەسىلەن، شىنجاڭ قانۇنچىلىق شۆيۈەنىنىڭ
يۈەنجاڭى مەھەممەت روزى (قاراقاش كۇيا يېزىسى-
دىن)، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن
ۋالىيسى- ئابدۇللا مەخسۇت (قاراقاش پۇچاقچى يېزى-
سىدىن)، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى
ئابدۇقادىر توختى (ئەسلىدە قاراقاش جاھانباغ
يېزىسىدىن) قاتارلىقلار ئەسلىدە قاراقاش ناھىيە-

سى شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ قاراقاش مائارىپىنى يۈكسەلدۈرۈشتىكى تۆھپىسى زور.

## قاراقاشنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان قازاق ئوقۇتقۇچىسى ئابلىز ئۆمەر

ئابلىز ئۆمەر 1939 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بۇرچىن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1961 - يىلى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ جۇڭگو تىل ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدا ئوقۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن قاراقاش ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە 35 يىلدىن بېرى ئوقۇتقۇچى، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى، خوجىلىق بۆلۈم مۇدىرى، مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئابلىز ئۆمەر 1954 - يىلى 9 - ئايدا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا، 1979 - يىلى 3 - ئايدا كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا بولغان. 1988 - يىلى 1 - ئايدا ئوتتۇرا مەكتەپ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ 1989 - يىلى 9 - ئايدىن ھازىرغىچە مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، قاراقاش ناھىيىلىك 11—12 - نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى،

چە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان.
1982 - يىلى 12 - ئايدىن 1989 - يىلى 1 - ئاي-
غىچە ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈم مۇئاۋىن باشلىقى،
1992 - يىلى 8 - ئايغىچە ناھىيىلىك پارتكوم بىر-
لىك سەپ بۆلۈم باشلىقى، 1993 - يىلى 4 - ئايغى-
چە بىرلىك سەپ بۆلۈم دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق
قىلغۇچى بولغان. شۇ يىلى 4 - ئايدا پېنسىيىگە چى-
قىپ 11 - ئايدا ۋاپات بولغان.

## مەخسۇت روزىمەت

مەخسۇت روزىمەت 1943 - يىلى قاراقاش
ناھىيىسىنىڭ تۇخۇلا يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1962 -
يىلى خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ
قاراساي يېزىسىدا ئوقۇتقۇچىلىق ۋە مائارىپ رەھ-
بەرلىك خىزمەتلىرىنى ئۆتىگەن. 1977 - يىلدىن
1984 - يىلغىچە ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ
مۇدىرى، 1985 - يىلغىچە زاۋا يېزىلىق پارتكومىنىڭ
شۇجىسى بولغان. 1985 - يىلدىن ھازىرغىچە قارا
قاش ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى،
ئىدارە پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ كەل-
مەكتە. ئۇ 85 - يىلى، 88 - يىلى، ۋە 90 - يىللىرى
ناھىيىلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە ۋە-
كىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان. 1989 - يىلى
مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر مائارىپ مەمۇرىي خىزمەتچى-

## قاراقاش ناهىيىلىك ئۆسمۈرلەر پارا-ۋانلىق مەركىزىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا

### ھىممەت قاسىم

قاراقاش ناھىيىسىدە 1937 - يىلى يېتىم بالى-
لار مەكتىپى دارىلئېتام» قۇرۇلغان بولۇپ. مەكتەپ
ئورنى شۇ ۋاقىتتىكى شەنلى مەكتەپتە (ھازىرقى چى-
نىۋاغ ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ كەينىدە) ئىدى. مەك-
تەپتە بىر سىنىپ، 40 ئوقۇغۇچى بولۇپ ئابدۇلھىمىت
مۇپتى ئاخۇنۇمنىڭ مەسئۇللۇقىدا رەھمىتۇللا ھى-
دايەت (خوتەندىن)، ممجىت مۇسا (قاراقاش ناھىيە
بازىرىدىن)، نايىپ ھاپىز (توخۇلا يېزىسىدىن) قا-
تارلىق ئۈچ نەپەر ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىنىڭ مەدەنى-
يەت دەرسلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ ھەرخىل ھۈنەر - سەنى-
ئەت بىلىملىرىنى ئۆگىتىشى ئارقىسىدا زور تەرەققى-
ياتلارغا ئېرىشكەن. مەسىلەن، ئەينى ۋاقىتتا ئۆمەر
ئاخۇن، توختى ئاخۇن قاتارلىق تېخنىكا يېتەكچى-
لىرىنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن تىكىلگەن ئاياق، كىيىم -

ناھىيىلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىلىي ھەيئىتى، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە سايلانغان.

ئۇ قاراقاشقا كەلگەن 35 يىلدىن بۇيان ھەرقايسى مىللەتلەر بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، باھاردەك ئىللىق سەممىي سادىق بولۇپ قاراقاشنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن پۈتۈن قەلبىنى بېغىشلاپ كەلمەكتە.

ۋىن ھاكىمى ئابدۇكېرىم تۇردى (ھازىر ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى) قاتارلىق رەھبەرلەر ناھىيىدە يۈز بەرگەن ھەرخىل تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ئاتا - ئانىلىرى ئۆلۈپ كەتكەن 1360 نەپەردىن ئارتۇق يېتىم بالىلارنىڭ يىغلاپ قاخشاۋاتقانلىقىنى، قىيىنچىلىق ئىچىدە تەربىيىسىز باشباشتاق يۈرۈۋاتقانلىقىنى تەپسىلىي ئىگىلەپ چىقىپ، بىر يېتىم بالىلار مەكتىپى تەسىس قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىدۇ ۋە بۇنى مۇھىم جىددىي پىلان سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ۋە ناھىيىدىكى بارلىق خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ۋە مەدەت بېرىشىگە ئېرىشىدۇ. نەتىجىدە 1987 - يىلى 3 - ئايدا ناھىيىلىك يېتىم بالىلار پاراۋانلىق مەكتىپىنى قۇرۇشنى رەسمىي تەستىقلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ مەكتەپنىڭ ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئوقۇتۇش قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەرگە قارىتا كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىش بىلەن بىرگە ئوقۇغۇچىلارنى بېقىش، تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش، ھەر جەھەتتىن ساغلام نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەھمىيەت بېرىش مەسىلىلىرىگىچە مەكتەپ باشقۇرۇش يولىنىشىنى ئېنىق بەلگىلىدى.

ھاكىم ئابدۇللا مەخسۇت، مۇئاۋىن ھاكىم ئابدۇكېرىم تۇردىلارنىڭ ئۆزلىرى بىۋاسىتە كۆڭۈل

كىچەك، توقۇلغان رەختلەر مەخسۇس دۇكانلاردا سې-
تىلىپ بۇنىڭ كىرىمى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇر-
مۇشى ۋە ئوقۇتۇش شارائىتى خېلى ياخشىلان-
غان ئىدى.

1951 - يىلىغا كەلگەندە بۇ مەكتەپ ئىككى سىنىپ
60 ئوقۇغۇچىغا تەرەققىي قىلغان. 1952 - يىلى
ئىچكى ملىنىپ بۇ مەكتەپتە ئوقۇغانلارنى قەشقەر، خو-
تەنگە ئەۋەتىپ ئوقۇتقان. شۇ چاغدا يېتىشىپ چىق-
قانلاردىن ئابدۇكېرىم ئابدۇللا (ماتارىپ ئىدارىسى-
دىن دەم ئېلىشقا چىققان كادىر)، نىۋى ياقۇپ، رە-
جەپ مەھەممەت (ماتارىپ ئىدارىسىنىڭ ئارخىپچىسى)،
مەتنىياز مەخمۇت (قاراشاي يېزىسىدىن)، مەخمۇت
قاسىم (ياۋا يېزىسىدىن)، ئابدىراخمان مۆمىن،
بارات توختى (قاراقاش بازارلىق باشلانغۇچ مەك-
تەپ ئوقۇتقۇچى) قاتارلىق يولداشلار ئازادلىقتىن
كېيىنكى ناھىيىمىز نىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش
ئىشلىرىدا تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشقان.

مەزكۇر مەكتەپ 1952 - يىلدىن باشلاپ ئەمەل-
دىن قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا تەربىيىلەنگەنلەر ھې-
لىھەم بۈگۈنكى يېڭى دەۋر قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە
قوشماقتا.

1987 - يىلىغا كەلگەندە قاراقاش ناھىيىلىك
خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى ئابدۇللا مەخسۇت (ھا-
زىر خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئا-
ۋىن ۋالىيسى) ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئا-

تەپ، ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى، خەلق ئىشلىرى باشقارمىسى، يەپەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ۋىلايەتلىك 7 - ترانسپورت شىركىتى، ۋىلايەتلىك قاتناش باشقۇرۇش چوڭ ئەترىتى قاتارلىق ئورۇنلار تەبرىكلەپ ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئالاھىدە ياردەم قىلدى. ناھىيىگە قاراشلىق ھەرقايسى ئىدارە - ئورگانلار، يېزىلىق ھۆكۈمەتلەر، بېيىغان ئائىلىلەر، يەككە تىجارەتچىلەرمۇ قىزغىن قوللاپ نەقپۇل ۋە باشقا ماددى بۇيۇملارنى ئارقا - ئارقىدىن ياردەم قىلدى. بۇ ئارقىلىق مەكتەپنىڭ ئۆسكۈنە، ئوقۇتۇش پاراۋانلىق تۇرمۇش ئىشلىرى تېزلا ياخشى شارائىتقا ئېرىشتى. 1987 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ھاكىم ئابدۇللا مەخسۇت، مۇئاۋىن ھاكىم ئابدۇكېرىم تۇردى قاتارلىق رەھبەرلەر ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىدىكى رەھبىرى يولداشلارنى باشلاپ كېلىپ، بۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان يېتىم بالىلاردىن ھال سوراپ، ئۇلارنىڭ بالىلار بايرىمىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. شۇنداقلا مەكتەپ ئەھۋالى توغرىسىدا ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاشلىق، گۆش ۋە باشقا تۇرمۇش ئىشلىرىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بەردى. يەنە 40 نەپەر يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانىنى 80 نەپەرگە يەتكۈزۈشنى، ئىشچى، خىزمەتچىلەر سانىنى 13

بولۇپ كۈچلۈك قوللىشى، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدا-
رىسىنىڭ باشلىقى مەخسۇت روزىمەتنىڭ كېتەرلىك ئو-
قۇتقۇچى، خىزمەتچى ۋە بارلىق ئوقۇتۇش ئۈسكۈنى-
لىرىنى تولۇقلاپ يەتكۈزۈپ بېرىشى، ناھىيىلىك
خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سادىق ئىسما-
يىلنىڭ ئوقۇچىلارغا كېتەرلىك بولغان يوتقان - كۆر-
پە، كىيىم - كېچەك، ئاشلىق، ئاشخانا ۋە تۇرمۇش
بۇيۇملىرىنى تولۇقلاپ بېرىپ، شەرت - شارائىت
يارىتىپ بېرىشى نەتىجىسىدە 1987 - يىلى 4 - ئاي-
نىڭ 1 - كۈنى قاراقاش ناھىيىلىك يېتىم بالىلار
پاراۋانلىق مەكتىپى رەسمىي قۇرۇلۇپ خىزمەتكە كى-
رىشتى. بۇ چاغدا مەكتەپنىڭ مۇقىم تۇرالغۇ ئورنى
بولمىغاچقا ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى ئۆز
ئىگىدارچىلىقىدىكى ئوبياغ گازارما ئۆيلىرىنى مەك-
تەپنىڭ ۋاقىتلىق ئىشلىتىشىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى.
شۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپتىكى سەككىز نەپەر ئىشچى - خىز-
مەتچىنىڭ كۈچلۈك تىرىشچانلىقى، ھەرقايسى يېزا-
بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ماسلىشىپ ياردەم
بېرىشى نەتىجىسىدە، تۇنجى تۇركۈمدە 16 يېزا - با-
زاردىن 40 نەپەر يېتىم بالا قوبۇل قىلىنىپ 4 -
ئاينىڭ 20 - كۈنى رەسمىي ئوقۇش باشلىدى. بۇ
خۇشخەۋەر ناھايىتى تېزلا جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى
جايلىرىغىچە تارقالدى. نەتىجىدە ئاپتونوم رايونلۇق
مائارىپ نازارىتى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى، خوتەن
ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە، ۋىلايەتلىك سىفەن مەك-

سەيپۇڭچىلىق، موزدۇزلۇق، باقمىچىلىق، ساتراشلىق،
ئاشپەزلىك كەسىپلىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى.
بۇنىڭدىن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار كۆرگەزمى-
گە قويۇلدى ۋە بازارلاردا سېتىلىپ خېلى ياخشى
ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىلدى. مەكتەپ-
نىڭ خىزمەت شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ،
مەكتەپ قوينىغا كىرگەن ئىگە-چاقىسىز يېتىم بالىلار-
نىڭ تۇرمۇشى ھەر جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىنىپلا
قالماستىن يېڭىدىن قوبۇل قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇر-
غان يېتىم بالىلارنىڭ سانى كۆپىيىشكە باشلىدى.
بىراق كازارمىنىڭ ئۆيلىرى يېتىشمەسلىك، پائالى-
يەت سورۇنلىرى بولماسلىق، سىنىپ بولماسلىق
سەۋەبىدىن يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا ئىمكانى-
يەت بولمىدى. بۇ ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئىن-
تايىن زۆرۈر بولغانلىقتىن 1990 - يىلى 3 - ئاينىڭ
17 - كۈنى مۇئاۋىن ۋالىي ئابدۇللا مەخسۇت، ھاكىم
ئابدۇكېرىم تۇردىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مائارىپ باش-
قارمىسى، خەلق ئىشلىرى باشقارمىسى، ناھىيىلىك
مائارىپ ئىدارىسى، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ
مەسئۇللىرى قاتناشقان نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش
يىغىنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە ئۆتكۈزۈلدى.
يىغىندا يېتىم بالىلارنىڭ مەخسۇس ئورنى
بولۇش، 240 نەپەر يېتىم بالىلارنىڭ ئوقۇتۇش شا-
رائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئۆلچەملىك سىنىپ، يا-
تاق، ئاشخانا، تەجرىبىخانا، قىرائەتخانا، ھۈنەر-

نەپەرگە يەتكۈزۈشنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدا يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ئوقۇغۇچى سانى 80 نەپەرگە يەتكۈزۈلۈپ تۆت سىنىپقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق سۈپىتى ياخشى، يوتقان-كۆرپىلىرى پاكىزە، ئوقۇش قوراللىرى تولۇق بولۇش بىلەن يازدا ئىككى قوردىن يېڭى كىيىم بېرىش ھەقىقىي ئەمەلىيلىشىپ، مەكتەپتىكى يېتىم بالىلار ھەر جەھەتتىن خاتىرجەم، خۇشال - خۇرام يېڭى ھاياتىنى باشلىدى.

1989 - يىلى 4 - ئايدا ھاكىم ئابدۇكېرىم تۇردى بېرىپ مەكتەپنىڭ ئومۇمىي خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈش بىلەن مەكتەپتە ئاساسىي مائارىپ بىلەن كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنى زىچ بىرلەشتۈرۈشنى بۇنىڭدا يېشى 16 دىن ئاشقان يېتىم بالىلارغا قارىتا مەدەنىيەت دەرسلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ كەسپىي تېخنىكا ھۈنەر - كەسىپ ئۆگىتىشنى، بۇ ئارقىلىق كەلگۈسىدە يۇقىرى مەكتەپكە چىقالمىغان تەقدىردىمۇ ئۆز ھۈنىرى ئارقىلىق تۇرمۇشنى قامداشنى ئورۇنلاشتۇردى. مەكتەپ دەرھال شەرت - شارائىت ھازىرلىدى.

ھاكىم 10 دانە سەيفىڭ ماشىنىسى بىلەن 10 مىڭ يۈەن پۇل ھەل قىلىپ بەردى. نەتىجىدە مەكتەپتە يېشى 16 گە يەتكەن 18 نەپەر ئوقۇغۇچىنى

لىك مەكتەپ بىناسى سېلىنىپ 1991 - يىلى 7 - ئاي-دا بىنا ئىشلىتىشكە ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئوقۇش باشلاندى. شۇندىن باشلاپ ئوقۇغۇچىلار خۇشال - خۇراملىق ئىچىدە تېخىمۇ ياخشى ئوقۇش تۇرمۇش شارائى-تىغا ئېرىشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ كۈچلۈك قوللىشى، قاراقاش ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى-نىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى، ھەرقايسى يېزا - با-زارلارنىڭ ۋە كەڭ ئاممىنىڭ ياردەم بېرىشى ئارقى-لىق يېتىم بالىلار مەكتىپى ھەر جەھەتتىن تەرەققىي قىلىپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ پاراۋانلىق تۇرمۇش، ئوقۇ-تۇش ئىشلىرى كىشىنى خۇشال قىلارلىق دەرىجىدە ئۈزلۈكسىز ئالغا بېسىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشكەن، ياخشى مۇكەممەل پاراۋانلىق مەكتىپى بولۇپ قالدى. 1994-يىلىغا كەلگەندە بۇ مەكتەپنىڭ نامى — «ئۆسمۈرلەر پاراۋانلىق تەربىيىلەش مەركىزى» گە ئۆزگەرتىلدى. ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچى سانى 22 نەپەرگە، ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانى 161 نەپەرگە يەتتى. ئوقۇغۇچىلار-نىڭ 1 - سىنىپتىن 8 - يىللىققىچە ئوقۇش ئىشلىرىغا چوڭقۇر ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكتىن 94 - يىلى 10 - ئايدا بۇ مەكتەپنىڭ 8 - سىنىپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇ-غۇچىلىرىدىن 18 نەپىرى ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئوقۇش-

سەنئەت ئۆيلىرى ۋە ئەسلىھەلىرى تولۇق، تەنتەربىيە شارائىتى ياخشى بولۇشتەك ئەڭ ياخشى مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىش قارار قىلىندى. شۇندىن باشلاپ ھاكىم ئابدۇكېرىم تۇردى بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىنى قانداق سېلىش، كېتەرلىك مەبلەغنى قانداق ھەل قىلىشقا قارىتا پۈتۈن زېھنىي- قۇۋۋىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بۇ خىزمەتنى كۆندىلىك خىزمەتنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى قىلىپ تۇتتى. نەتىجىدە 1990-يىلى 9 - ئايغىچە ناھىيىمىز تەۋەسىدىكى بارلىق يېزا، ئىدارە - ئورگانلارنىڭ باشلىقلىرىنى سەپەرۋەر قىلىشىدىن باشقا يەنە بېيىغان كەسپىي ئائىلىلەر، يەككە تىجارەتچىلەر، ھەتتا ناھىيىمىزدىن چىقىپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە مۇراجەتنامە چىقىرىپ بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىنى سېلىشقا مەبلەغ ئىئانە قىلىشقا چاقىرىق قىلدى. بۇنىڭ بىلەن كەڭ ئامما قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، ئىقتىدارى بارلار ئىقتىدارىنى چىقاردى. ھەر ساھەدىن ئەمەلىي ياردەم قىلدى. يەككە تىجارەتچىلەر، بېيىغان كەسپىي ئائىلىلەر ئالدى ئۈچ مىڭ يۈەنگە قەدەر نەق پۇل ئىئانە قىلدى. باج ئىدارىسى قۇرۇلۇش بېجىنى كەچۈرۈم قىلدى. شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇش، گۇۋاھنامە رەسىمىيەتلىرىنى ھەقسىز بېجىرىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن 700 مىڭ يۈەن ئىئانە توپلىنىپ قاراقاش شەھەر ئىچى بوستان كوچىسىنىڭ ئەڭ ياخشى يېرىدىن 12 مو يەرگە 2200 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى ئۈچ قەۋەت-

ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەن. ئوتتۇرا تېخنىكۇم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە.

1973 - يىلىدىن باشلاپ مائارىپ ساھەسىدە ئىشلەپ مەكتەپ كاسسىرى، مەكتەپ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1982 - يىلىدىن 1987 - يىلىغىچە قاراقاش ناھىيىلىك ۋە قاراساي يېزىلىق 7 - نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان. 1991 - يىلىدىن ئېتىبارەن سىياسىي كېڭەش قاراقاش ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى. ھازىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىيدەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى كەسپىي تېخنىكا - ئۇنۋانىغا، مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى شەرەپ گۇۋاھنامىسىغا ئىگە.

يولداش ھېمىت قاسىم 1987 - يىلى 4 - ئايدا قاراقاش ناھىيىلىك ئۆسمۈرلەر پاراۋانلىق تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەندىن باشلاپ ھازىرغىچە شۇ مەكتەپتە ئىشلىمەكتە.

قا باردى. 39 نەپەرى ھەرخىل ھۈنەر - كەسىپ- لەرنى ئىگىلەپ مەكتەپنىڭ مۇۋاپىق ياردىمى بىلەن جەمئىيەتكە چىقىپ ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزى قامداش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار، ئو- قۇتقۇچى خىزمەتچىلەرنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى نەتىجىسىدە، ھازىر سۈپەتلىك تاماق، يېڭى كىيىم - كېچەك، پاكىز، ئورۇن - كۆرپە، ۋە بارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئىللىق تەربىيىدىن يېتەر- لىك بەھرىمەن بولۇپ خاتىرجەملىك بىلەن تىرىش- چان ھەم ئىنتىزامچان بولۇپ ئەتراپلىق تەربىيىلىنمەكتە.

مەكتەپنىڭ ھازىر 780 مىڭ يۈەنلىك مۇقىم مۈلكى، 70 مو كۆلەمدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى، ئىككى ماشىنىسى، 1 تراكتورى، كەسپىي كارخانىلى- رى، 30 تۇياق كالا، قوي چارۋىلىرى بولۇپ، ئۆز- ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە خېلى ياخشى ئىقتىسادىي ئاساسقا ئىگە بولدى.

بۇ مەكتەپنىڭ ۋە بۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىستىقبالىدىن ئۈمىد ئىنتايىن زور.

## ھىممەت قاسىم

ھىممەت قاسىم 1948 - يىلى 3 - ئايدا قارا قاش ناھىيىسىدىكى قاراساي يېزىسىغا قاراشلىق پەغەزدۆڭ كەنتىدە تۇغۇلغان. 1968 - يىلى خوتەن

روزىباقى، شى يەجۇ، ئۇ شىنجيەن قاتارلىق 14 كىـ
شىدىن تەركىب تاپقان دەسلەپكى داۋالاش ئورنى
تەسىس قىلىنغان. بۇ چاغدا يۇەنجاڭ ماشىۋى، دوختۇر
روزىباقى بىلەن شى يەجۇ، دورىگەر ئۇشىنچۇەن قاتارـ
لىق كىشىلەر بولۇپ، بەش نەپەر دوختۇر، ئالتە نەپەر
سېسترادىن تەركىب تاپقان. شۇ ۋاقىتتا ئامبۇلاتۇـ
رىيە تۆت ئېغىز (64$m^2$) كېسەلخانا، ئوپېراتسىيە بۆـ
لۈم بولۇپ يەتتە ئېغىز (112$m^2$) ئۆي بار ئىدى.
پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ — سەھىيە
خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى «ئىشچى، دېھقان،
ئەسكەرلەرگە قارىتىش، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس،
داۋالاشنى قوشۇمچە قىلىش، غەربچە داۋالاش
بىلەن جۇڭگوچە داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈش، سەھىيە
خىزمىتىنى ئاممىۋى ھەرىكەتلەر بىلەن زىچ بىرـ
لەشتۈرۈش» تىن ئىبارەت بىر قاتار سەھىيە خىزـ
مەت فاڭجېنىغا ئاساسەن 1956 - يىلى قاراقاش
ناھىيىلىك سەھىيە بۆلۈم قۇرۇلۇپ، بۆلۈم باشلىقـ
لىقىنى باقى مۇسا ئۆتىگەن. 1958 - يىلى توختى
بەختى كېجاڭ بولغان. 1960 - يىلى ئابدۇللا داموللا
ھاجى (ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنىي جەمـ
ئىيىتىنىڭ رەئىسى) كېجاڭ بولۇپ ئىشلىگەن. سۇڭ
لەيىڭ كۇەيجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. بۇلار قاراـ
قاشنىڭ دەسلەپكى سەھىيە خىزمىتىنى مەمۇرىي باشـ
قۇرغۇچىلار ئىدى. شۇندىن باشلاپ بۇ ناھىيىدە
سەھىيە ئىشلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ تەرەقـ

## سەھىيە ئىشلىرى

### مۇھەممەت پولات

قاراقاش ناھىيىسى — تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان نوپۇسى كۆپ، يەر، ھاۋاسى قۇرغاق، چىلىقى ئاز ناھىيە. ئېغىر، نۆۋەتتىكى قاتناش، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن، خەلق تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن، ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشى زىچ بولۇپ، ھەرخىل يۇقۇملۇق ۋە يۇقۇمسىز ئاغرىق - سىلاقلار بىر قەدەر كۆپ يۈز بېرىدىغان ناھىيىلەرنىڭ بىرى. بۇ ناھىيە خەلقى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مىللىي تىبابەت دورىلىرى بىلەن داۋالىنىشقا ئادەتلىنىپ كەلگەن. ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر مىللىي تىبابىتى قاراقاشتا تەرەققىي قىلىپ، نۇرغۇن تېۋىپلار مەيدانغا كەلگەن. ئۇلار مىللىي، ئەنئەنىۋى داۋالاش ئۇسۇلىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى قوغداشتا دائىم چىقارغان.

1953 - يىلى قاراقاش ناھىيىسىدە تۇنجى قېتىم غەربچە داۋالاش خادىملىرىدىن ماشىنۇى،

# ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تەرەققىياتى

ليۇ تيەنيۇ

1955 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ قاراقاش ناھىيىسى ۋە قاراقاشتىكى ھەر مىللەت خەلقى يېڭى بىر تارىخى دەۋرگە قەدەم قويدى. لېكىن تارىخي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قاراقاش خەلقىنىڭ تۇرمۇشى يەنىلا نامرات ھالەتتە تۇراتتى. بولۇپمۇ تېبابەت داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىغا كاپالەتلىك قىلىش تولىمۇ ئارقىدا ئىدى. ساقلىقنى ساقلاش، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىشلىرىنى تۇتقىلىمۇ ئادەم يوق ئىدى. تۈرلۈك يەرلىك كېسەللىك ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر شەھەر يېزا دائىرىسىدە يامراپ خەلققە تەھدىت سېلىپ تۇراتتى.

قاراقاشتىكى كەڭ ئاممىنىڭ تەن سالامەتلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن،

قىي قىلىشقا يۈزلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە كېسەل-
لىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە ئۈچ كىشىدىن. تەركىب
تاپقان تۇنجى ئالدىنى ئېلىش ئاپپاراتىمۇ شەكىللەنـ
گەن. بۇنىڭ مەسئۇللۇقىنى مەرھۇم ئەمەتجان
ئۆتىگەن.

1960 - يىللاردا ناھىيىلىك دوختۇرخانا تەد-
رىجىي تەرەققىي قىلىپ خادىملار سانى 30 غا، ئۆي
ئېغىز سانى 20 گە يەتكەن، داۋالاش، تەكشۈرۈش
ئۈسكۈنىلىرىمۇ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كۆپ
ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنىڭ داۋالىنىش ئېھتىيا-
جى قاندۇرۇلۇشقا باشلىغان.

1960 - يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ
باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى نىشكۈك ئۆتىگەن.

1972 - يىلى قاراقاشتا سەھىيە ئىدارىسى
تەسىس قىلىنىپ، ئىدارە باشلىقى سادىق مۇسا
بولغان. 1987 - يىلى مەتتىمىن مۇسا، جۇفىڭچۈەن
قاتارلىقلار ئىلگىرى ئاخىرى بولۇپ سەھىيە ئىدا-
رىسىنىڭ باشلىقى بولغان.

1995 - يىلى 2 - ئايدا سەھىيە سىستېمىسى
پارتكومى قۇرۇلۇپ، پارتكوم شۇجىسى گۈلباھار
ياسىن، فۇشۇجى ياڭ شىفىن، سەھىيە ئىدارىسىنىڭ
باشلىقى ياڭ شىفىن، مۇئاۋىن باشلىقى گۈلباھار
ياسىن بولغان.

قاراقاشتا سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا
ئەگىشىپ، غەربچە داۋالاش، جۇڭگوچە داۋالاش،
مىللىي تىبابەت دورىلىرى بىلەن داۋالاش ئىشلىرى
تەڭ تەرەققىي قىلىپ كەلمەكتە.

بەرمەيدى، 10 نەچچە يىل ئىچىدە دوختۇرخانىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى بىر نەچچە قېتىم ئالماشتۇرۇلغان بولسىمۇ دوختۇرخانىنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىر ئىزدا توختاپ تەرەققىي قىلالمىدى.

ۋاقىت دەريا سۈيىدەك توختىماي ئېقىپ كەتتى. تارىخ توختىماي ئىلگىرىلىدى. 1984 - يىلى ئىسلاھاتنىڭ باھار شامىلى قاراقاش ناھىيە زېمىنىنى ئۆزگىچە تۈسكە كىرگۈزدى. دوختۇرخانىنىڭ قالاق قىياپىتىگە قارىتا رەھبەرلىك قايتا كۆز تىكىپ جىددىيلىك تۇيغۇسىغا چۆمدى. ئىسلاھات جەريانىدا دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى دوختۇرخانىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ كەسپىي ئىقتىدارى يۇقىرى، باشقۇرۇش قابىلىيىتى كۈچلۈك بولغان يولداش ئابدۇللا ئۆمەرنى ئۆز ۋاقتىدا بايقاپ، ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ يۈەنجاڭلىقىغا بېكىتتى. ھەم ئاكتىپ تەدبىر قوللىنىپ، ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچىنى تەڭشەپ، ناھىيىلىك دوختۇرخانىنى بىر قېتىم يېڭىچە تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگۈزدى.

شۇ يىلى يېڭى قۇرۇلغان رەھبەرلىك ئاپپاراتى دوختۇرخانىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۆلۈم ئىشخانىلارنىڭ ئۈسكۈنىلىرى، خادىملارنى تۇرغۇزۇش قاتارلىق قۇرۇلمىلارنى مۇۋاپىق،

يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ۋە سەھىيە تارماقلىرىنىڭ غەمخورلۇقى زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا 1956 - يىلى 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قاراقاش ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى رەسمىي قۇرۇلغان.

دوختۇرخانا قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە دوختۇرخانا كۆرۈمسىز ھەم ئىنتايىن كىچىك ئىدى. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 300 كۋادرات مېتىرغىمۇ يەتمەيتتى. بۇ ئورۇندا بىر ئامبۇلاتورىيە ۋە ئاز بىر قىسىم بۆلۈملەر بىر ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ ئىش بېجىرىدىغان ئۇنىۋېرسال يالنىست بۆلۈمى تەسىس قىلىپ داۋالاش ئېلىپ بارغان. شۇ ۋاقىتتا 45 كېسەل كارۋىتى 47 نەپەر شتاتى بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكۇم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلار 2 نەپەر، ئوتتۇرا تېخنىكۇم مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 7 نەپەر بولۇپ، قالغانلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇش تارىخى يوق كىشىلەر ئىدى. دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ئىنتايىن ئاددىي، داۋالاش سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇپ، دائىم كۆرۈلىدىغان بەزى كېسەللىكلەرنىلا داۋالىغىلى بولاتتى.

1960 - يىلدىن 1970 - يىللارغىچە سول لۇشيەن، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىي ۋە باشقا ئامىللارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن دوختۇرخانىنىڭ تەرەققىياتى «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىپ داۋالاش»نى چىقىش قىلىپ داۋالاش سۈپىتىگە ئەھمىيەت

ئابدۇللا ئۆمەر ئۆزىنىڭ ساقسىزلىقىغا قارىماي
يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنىڭ باشقۇرۇش،
داۋالاش جەھەتتىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگە-
نىپ كېلىپ، ئۈنۈم بېرىدىغان تەجرىبىلەرنى ئۆز
ئورنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، دوختۇر-
خانىنىڭ كەسپىي ۋە ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچىنى
ئاساس قىلىدىغان نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇ-
لىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، تولۇق ئىقتىسادىي،
كەسپىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن مۇستەھكەم
ئاساس ياراتتى.

1990 - يىلدىن 1994 - يىلغىچە دوختۇرخانى-
نىڭ داۋالاش سۈپىتى يىلسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈ-
لۈپ شانلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا قاراپ ماڭغان.
1989 - يىلى دوختۇرخانىدا نىشانلىق باشقۇ-
رۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قو-
يۇلغاندىن كېيىن دوختۇرخانا رەھبەرلىكى، ناھىيە-
لىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھ-
بەرلىكى ۋە ئاساسلىق باشقۇرغۇچى كەسپىي تارماق-
لارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە چىڭ
تۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى ئاساس
مەقسەت قىلىپ، ئەلا مۇلازىمەت ئارقىلىق ھاياتى
كۈچىنى ساقلاپ قېلىشتەك دوختۇرخانا باشقۇرۇش
فاڭجېنىنى ئاساس قىلىپ، دوختۇرخانا ياچېيكىسى-
نىڭ رەھبەرلىكىدە دوختۇرخانا باشلىقى، ھەر قايسى
بۆلۈم مۇدىرلىرى، سېسترا باشلىقى مەسئۇل بولۇش

چىگە ئالغان بالنىست بىنا سىنى يىڭىدىن سالغان. يەنە 178 مىڭ يۈەن خەجلەپ مەست قىلىش بۆلۈمى، رېنتگېن بۆلۈمىنىڭ بىر قىسىم ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىپ، دوختۇرخانىنىڭ ئاساسلىق ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلىغان.

1988 - يىلى دوختۇرخانىدا مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانا بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى رەسمىي يولغا قويۇپ، بۇ خىزمەت چىڭ تۇتۇلغانلىقتىن داۋالاش ئەخلاقى، داۋالاش ئىستىمالى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، داۋالاش مۇلازىمەت سۈپىتى يەنىمۇ ئۆستى. شۇنىداقلا دوختۇرخانىنىڭ مۇھىتى گۈزەللەشتۈرۈلدى.

1989 - يىلى دوختۇرخانا ئىلگىرى كېيىن بولۇپ بىچاۋ، 300mAx تىپلىق رېنتگېنگە سېلىش ماشىنىسى سېتىۋالدى. يەنە بىر مىليون يۈەن پۇل چىقىرىپ، دورا ياساش ئۆيلىرىنى، قان تەكشۈرۈش ئامبىرىنى قۇرۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دورىخانا، لابراتورىيە، قان تەكشۈرۈش ئامبىرى، رېنتگېن بۆلۈمى، مەست قىلىش بۆلۈمى قاتارلىق بۆلۈملەرنى بىر گەۋدە قىلىپ، داۋالاش بۆلۈمىنى قۇرۇش ئارقىلىق دوختۇرخانىنىڭ ئاساسى ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ۋە تۈرلۈك داۋالاش تەكشۈرۈش سەۋىيىسى ئۆسۈپ ۋىلايەت بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنى باھالاپ سېلىشتۇرۇشتا بىرىنچى بولۇپ تەقدىرلەندى. شۇ يىلى دوختۇرخانا باشلىقى

قۇرۇش، دوختۇرخانا قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ۋە گۈللەندۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

دوختۇرخانىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆركەملىشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمىمۇ كۈنسايىن ئۆسۈۋاتىدۇ. 94 - يىلى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىپ يىللىق ئومۇمىي كىرىمى 2 مىليون 701 مىڭ 700 يۈەنگە، داۋالاپ ساقايتقان كېسەل 45085 ئادەم قېتىمغا يەتكەن.

دوختۇرخانا بۈگۈنكى كۈندە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار ئورۇن»، «ئىلغار كوللېكتىپ»، «ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى»، «مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانا» دېگەن شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشىپ ۋىلايەت ۋە ناھىيىنىڭ كۆپ قېتىم تەقدىرلىشىگە ۋە مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشكەن.

## تۇنجى غەربچە داۋالاش دوختۇرى
## ئەمەتجان

مەمەت پولات

ئەمەتجان 1922 - يىلى 10 - ئايدا قاراقاش ناھىيىسىنىڭ كۈيا يېزىسىدىكى قايغۇلۇق كەنتىدە بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1932 - يىلىدىن 1934 - يىلىغىچە ئائىلە تەربىيىسىگە بىرلەشتۈرۈپ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 1934 - يىلىدىن 1938 - يىلغىچە سۇپۇرگە باينىڭ ئۆيىدە يالانما ئىشلەمچى بولۇپ تۇرغان. 1940 - يىلىدىن 1941 - يىلىغىچە خو-

تۇزۇمىنى ئۇزلۇكسىز مۇكەممەللەشتۇرگەن. پۈتۈن دوختۇرخانا ئىچىدە كېسەل كارىۋىتى 180 گە، مۇقىم مۈلكى 12 مىليون يۈەنگە، دوختۇرخانا كۆلىمى 30 مىڭ كۋادرات مېترغا يەتكەن. تېخنىكا كۈچى جەھەتتە دوختۇرخانىنىڭ تۇرلۇك يەرلىك كېسەللىكلەرنى، دائىم كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ۋاسىتىلىرىگە پۈتۈنلەي ئىگە بولغان. مەسىلەن، پوفاق ئوپېراتسىيىسى قىلىش، ئۆتىنى ئېلىۋېتىش، ئاياللارنىڭ جىنسى يولىنى ئېچىش، بالا ياتقۇسىنى ئوپېراتسىيە قىلىش، ئۇرۇقدان خالتىسىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشىنى ئوپېراتسىيە قىلىش. شۇنداقلا چوڭ تەرەت، كىچىك تەرەت ئارقىلىق مىكروپ يېتىشتۇرۇش قاتارلىق تېخنىكىلارنى تولۇق ئىگىلىگەن. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان دوختۇرخانا ئاساسىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ئۇزلۇكسىز كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، دوختۇرخانىنىڭ قىياپىتىنى يېڭى تۈسكە كىرگۈزدى. يەنە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مەبلەغ توپلاش ئارقىلىق ۋىلايەت بويىچە 1 - دەرىجىلىك تېخنىكا بولغان دورا ياساش ئۆيى ۋە ئۇسكۈنىلىرى، قان بىلەن تەمىنلەش ئامبىرى، ئاشقازاننى كۆرۈش ئۇسكۈنىسى ۋە ئۆيلىرىنى قۇرغاندىن باشقا ياندىن ۋە ئالدىن تاۋابات رايونلىرىنى پىلان بويىچە رېمونت قىلىپ ياساپ چىقتى. شۇنداقلا دوختۇرخانىدىكى دوختۇر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا تىرىشچانلىق بىلەن، دوختۇرخانا

## پېشقەدەم دوختۇر — روزىباقى مەتتۇرسۇن

**مەمەت پولات**

قاراقاشتا تۇنجى يېتىشىپ چىققان غەربچە داۋالاشنىڭ ئۇيغۇر دوختۇر روزىباقى مەتتۇرسۇن 1926 - يىلى قوچى يېزىسىنىڭ قازاق كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 13 ييشىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. 1939 - يىلىدىن 1940 - يىلغىچە ئائىلە ئىشلىرىغا بىرلەشتۇرۇپ دىنى مەكتەپتە ئوقۇغان. 1940 - يىلىدىن 1941 - يىلغىچە خوتەن ۋىلايىتىدە تۇنجى قېتىم ئېچىلغان ئىپتىدائىي تىببىي مەكتەپتە ئوقۇغان. ئوقۇش نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولۇپ، 1941 - يىلىدىن 1947 - يىلغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا دوختۇر بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ئىچكى كېسەل، بالىلار كېسەللىكى قاتارلىقلارغا دائىر ماتېرىيال بىلىملىرىنى توپلاپ، ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۇرگەن ھالدا كەسپىي قابىلىيىتىنى تېرىشىپ ئۆستۇرۇپ، كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللەرنى ئۇقتىلىق تەتقىق قىلىپ داۋالاش جەريانىدا خەلقنىڭ قىزغىن ھۆرمىتىگە ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. كەسپىي جەھەتتە ئىزدىنىپ، ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى توپلىغان. ئۇ ئۆز تەجرىبىلىرىنى كەڭ ئاممىنىڭ تەن ساغلاملىقىغا بېغىشلىغان.

تەن ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا ئېچىلغان تۇنجى باشلانغۇچ قەدەمدىكى سەھىيە ساقلىقنى ساقلاش خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوقۇغان.

1941 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىنىڭ دورىگەرلىك بۆلۈمىدە مەسئۇل خادىم بولۇپ ئىشلىگەن.

1956 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا تۇردى ئاخۇن يۈەنجاڭ دېگەن كىشىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن پارتىيىگە قوبۇل قىلىنغان. 1958 - يىلى قاراقاش ناھىيىسىگە قايتىپ كېلىپ ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا مەسئۇل دورىگەر بولۇپ ئىشلىگەن. 1961 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە زاۋا يېزىلىق دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى بولغان.

10 يىللىق مالىمانچىلىق پېشقەدەم دوختۇر ئەمەتجاننى ئازادلىقتىن ئىلگىرى خىزمەتكە قاتناشقان، گومىنداڭ ئەزاسى بولۇشى مۇمكىن دېگەن گۇمان بىلەن بىر مەزگىل مەسىلە تاپشۇرۇشقا قىستاش بىلەن ئازار يېگەن. تەكشۈرۈش ئارقىلىق پاكىتلىق مەسىلە بولمىغاچقا خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرغان.

ئەمەتجان 1993 - يىلى ۋاپات بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قاراقاشتا تۇنجى غەربچە داۋالاش تېخنىكىسىنى ئىشلىتىشتىكى تۆھپىسى، شۇنداقلا پۈتۈن قەلبىنى خەلقنى داۋالاش ئىشلىرىغا بېغىشلاپ سەھىيەنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى بولۇشتىكى ئوبرازى خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان.

تۇردى. 1971 - يىلى «لىگىسى» شىتتات بىلەن 1980-
يىلغىچە ئىشلىگەن. بۇ جەريانىدا پۇچاقچى بىزنىسىغا
قاراشلىق تۇزلۇقئۇتاغ بوز يەر مەيدانىدا بىر دا-
ۋالاش ئورنى تەشكىل قىلىپ، ناھىيە بازىرىغا 100
كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ يىراق جايدا ئاممىنىڭ دا-
ۋالىنىش ئېھتىياجىنى ئىزچىل قاندۇرۇپ كەلگەن.
دورا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قاتناش قولايسىز بولغان شا-
رائىت ئاستىدا ئەستايىدىل ئىزدىنىپ يەرلىك ئوت-
چۆپ دورىلارنى يىغىپ قايىنىتىپ كېسەل داۋالاش
ئارقىلىق ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغان. روزىباقى
ئۆزى يېتىشەلمەي قالغاندا يولدىشى پاتىمىخاننى
ياردەملەشتۈرۈپ خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولغان.
مەسىلەن، سالول بىلەن ئوروتروفىننى بىرلەشتۈرۈپ
سۇيدۇك يول يۇقۇملىنىشىنى داۋالاپ، بىر قانچە قو-
ۋۇققا جىددى سۇيدۇك يىغىلىپ قالغان كېسەللەرنى
ئازابتىن قۇتۇلدۇرغان. يولدىشى پاتىمىخان بولسا
نۇرغۇن قىيىن تۇغۇتنى تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ،
بىر تەرەپ قىلىپ ئانا ۋە بالىلارنىڭ ھاياتىنى ساق-
لاپ قالغان.

قاراقاشنىڭ تۇنجى ئۇيغۇر غەربىچە داۋالاش
دوختۇرلىرىنىڭ بىرى بولغان روزىباقى تەكلىماكان
قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بۇ كەنتىدە
تىللاردا داستان بولغىدەك تۆھپە قالدۇرغان. ئۇ
1988 - يىلى پېنسىيىگە چىققان بولسىمۇ يەنىلا خەلق-
نى داۋالاش بىلەن مەشغۇل.

1947 - يىلدىن 1953 - يىلغىچە كىرىيە ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ باش دوختۇرى بولۇپ ئىشلەپ، كىرىيە ناھىيىسىدە دەسلەپكى قەدەمدە ناھىيىلىك دوختۇرخانا بەرپا قىلىپ، خەلقنىڭ داۋالاش مەسىلىسىنى ھەل قىلغان.
1953 - يىلى 10 - ئايدا ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى قاراقاش ناھىيىسىگە كېلىپ، قاراقاش ناھىيىسىدە دەسلەپكى داۋالاش ئورنىنى تەسىس قىلغان. (بۇ ۋاقىتتا قاراقاشتا دوختۇر ياكى دوختۇرخانا يوق ئىدى) شۇندىن باشلاپ جۇڭگوچە، شي يىجۇ، چاڭ شۇچىڭ قاتارلىق دوختۇرلار يېتىپ كېلىپ 1953- يىلى ناھىيىمىزدە بىر داۋالاش ئورنى (ھازىرقى فا-يۈەننىڭ ئورنىدا) تەسىس قىلىنغان. 1958 - يىلى خوجىيەن كۆچىسى (ھازىرقى پوچاقچى يېزىسى) غا يۆتكىلىپ كېلىپ بۇ يېزىدا دەسلەپكى داۋالاش ئورنى تەسىس قىلغان. 1967 - يىلدىكى 10 يىللىق مەدەنىيەت ئىنقىلابى قالايمىقانچىلىقى بىلەن پېشقەدەم دوختۇر روزىباقىنىڭ نامى «كومىنداڭ قالدۇقى»، «داشقال» دېگەندەك بەتنام لار بىلەن ئاتىلىپ ئۇنىڭ تۆھپىلىرى كۆمۈلۈپ تاشلىنىپلا قالماستىن خىزمەتتىن بوشىتىۋېتىلدى. روزىباقى بۇ مەزگىلدە قىلچىمۇ مەيۈسلۈك ھېس قىلمىدى. ئۇ ئىزچىل ھالدا خەلقنىڭ كېسەللىنى داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن بىمارلارنى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇردى. توغرا سىياسەت ۋە خەلق رايى ئۇنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەل-

زېھنى - كۈچىنى خەلقنى داۋالاش ئىشلىرىغا بېغىشلە-
غان. ئۇ ئەسلى ئىچكى بۆلۈم دوختۇرى بولسىمۇ ئېھ-
تىياجنى نەزەردە تۇتۇپ باشقا تۈردىكى كېسەللىك-
لەرنىمۇ تەتقىق قىلىپ ئۆگىنىپ پىششىق ئىگىلىدى.
دوختۇرخانىدىكى كەسپىي خادىملارنى كەسپىي جە-
ھەتتىن يېتەكلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، كەس-
پىي سەۋىيە تۆۋەن بولۇش ھالىتىنى تۈپتىن ئۆز-
گەرتتى. ھەر خىل ئىچكى كېسەللىك ۋە بالىلار كې-
سەللىكى ساھەسىدىكى كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىك-
لەرنى ئۆزى مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلىپ ساقايتىپ
قاراقاش خەلقىنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن زور تۆھپە
قوشقان.

جۇ فىڭچۈەن دوختۇرخانا باشلىقى، سەھىيە
ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا
كەسپىي خىزمەتلەرنى تۇتۇپلا قالماستىن تېخنىكا
ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى
تولۇقلاش، داۋالاش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە باشتىن-
ئاياق ئەھمىيەت بەرگەن. ھەر قايسى يېزا - بازار
دوختۇرخانا خادىملىرىغا تېببىي ئەخلاق، تېببىي ئىس-
تىل تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، كەسپىي خادىم-
لارنىڭ بىمارلار ئۈچۈن ئەلا مۇلازىمەت قىلىش
پوزىتسىيىسىنى يېتىلدۈردى.

جۇ فىڭچۈەن قاراقاش داۋالاش ساقلىقنى
ساقلاش تارىخىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن شەخس سۈپىتىدە
تىلغا ئېلىشقا مۇناسىپ.

## دوختۇر — جۇفىڭچۈن

مەھەممەت پولات

جۇفىڭچۈەن 1936 - يىلى 3 - ئايدا لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ چاڭتۇشەن ناھىيىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1946 - يىلدىن 1956 - يىلغىچە لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ چاڭتۇشەن مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1959 - يىلى لياۋنىڭ ئۆلكىلىك تىبابەت مەكتەپىنى پۈتتۈرۈپ ۋاراقاش ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا كېلىپ ئىچكى كېسەللىكلەر باش دوختۇرى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ شۇنىدىن بۇيانقى 30 نەچچە يىل مابەينىدە 73 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق دوختۇرخانىدا بىلىم ئاشۇرۇپ كېلىپ ئىزچىل ھالدا ئۆزىنىڭ داۋالاش — تېخنىكىسىنى قاراقاشتىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن بەخش ئېتىپ، ئىزچىل ھالدا خەلققە ياخشى ئىش قىلىپ ياخشى تەسىر قالدۇرغان. ئۇ 1984 - يىلدىن 1987 - يىلغىچە قاراقاش ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى، سەھىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1995 - يىلغىچە سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ھازىر پېنسىيىگە چىققانغا قەدەر بولغان ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ماسلىشىپ ۋە ھۆرمەت قىلىپ، دوختۇرخادىملار ئاز، تېخنىكا تۆۋەن، شارائىت ناچار بولغان ئەھۋال ئاستىدا جاپاغا چىداپ ئىشلەپ بارلىق

## تىبابەت ئالىمى — جامالىدىن ئاقسارايى

### ھاجى ئەخمەت

جامالىدىن ئاقسارايى 19 – ئەسىردە ئۆتكەن
ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى. ئۇ، قاراقاش ناھىيىسى-
نىڭ ئاقساراي كەنتىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. باش-
لانغۇچ ساۋادىنى ئۆز يېزىسىدىكى دىنىي مەكتەپلەر-
دە چىقارغاندىن كېيىن، خوتەن مەدرىسىلىرىدە ئى-
لىم تەھسىل قىلىپ، ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىنى
پۇختا ئۆزلەشتۈرۈۋالغاندىن باشقا، ئەدەبىيات، ئىل-
مى نۇجۇم، تىبابەت، دىن شەرىئەت ئىلمى قاتار-
لىق ساھەلەردە ئەتراپلىق بىلىم ئىگىسى بولۇپ
يېتىشكەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ تىبابەتچىلىك ئىلمىدە
قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى كەۋدىلىك بولۇپ
يەرلىك تېۋىپلارنىڭ كېسەل كۆرۈش ۋە داۋالاش ئۇ-
سۇللىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنى ئىلمىي يۈكسەكلىككە
كۆتۈرگەن ھالدا داۋالاش رېتسېپلىرىنى تۈزگەن،
ھەر خىل شىپالىق دورىلارنى ياسىغان، يىراق - يې-
قىندىن كەلگەن بىمارلارنى داۋالاپ ساقايتىش بى-
لەن خەلقىنىڭ دەردىگە دەرمان بولغان.

جامالىدىن ئاقسارايى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى-
نىڭ كۆپ ئەسىرلىك تەجرىبىلىرىنى توپلاش، تەت-
قىق قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە داۋالاش ئەمەلى-

## ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى

قاراقاش ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى تەرەققىي قىلـغان يۇرتلارنىڭ بىرى بولۇپ، بىر قانچە مىڭ يىللاردىن بىرى بۇ دىياردا ياشىغان ئەمگەكچان مەرىپەتپەرۋەر ئەجدادلىرىمىز ئىچىدىن نۇرغۇنلىغان تىبابەت ئالىملىرى ۋە مەشھۇر تېۋىپلار يېتىشىپ چىققان. بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تارىخى ماتېرىيالىرى يېزىلىپ قالدۇرۇلمىغانلىقى ئۈچۈن بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

يەقەت 19 ـ ئەسىردە ياشىغان تىبابەت ئالىمى جامالىددىن ئاقسارايي ئىمىن ھاجىم تېۋىپ (يېڭىجان)، ئەخمەت خەلپە ھاجىملار بولۇپ، بۇلارنىڭ شاگىرتلىرى ھازىرغىچە قاراقاشتىكى ئاساسلىق تېۋىپلار بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئىمىن ھاجىم تېۋىپنىڭ شاگىرتى، توختاخىنا جىم شاگىرتى ماخسۇر ھاجىم تېۋىپ ۋە ئۇنىڭ بەش ئوغلى. ئەخمەت خەلپە ھاجىمنىڭ شاگىرتى ئەيسا ھاجىم تېۋىپ ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى قاتارلىقلار.

خونۇم مەرىپەتپەرۋەر دېھقان بولغانچقا، ئۇنى كى-
چىكىدىن تارتىپ بىلىم ئۆگىنىشكە يېتەكلىگەن.
توختىئاخۇن ھاجىم مەدرىستە ئوقۇۋاتقان چاغلىرى-
دىلا ئەرەب، پارس، چاغاتاي تىللىرىنى پۇختا ئۆ-
گەنگەن. توختىئاخۇن ھاجىم دەسلەپتە سودا - سې-
تىق ئىشلىرىنى قىلغان، كېيىن گۈزە مەھەللىسىدىكى
ئىمىن ھاجىم يېڭىجانىدىن تىبابەتچىلىك ئىلمىنى
ئۆگەنگەن. توختىئاخۇن ھاجىم ئۆزى تىرىشچان، زې-
رەك بولغاچقا، بىر تەرەپتىن ئۇستازىدىن تەلىم
ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن تىبابەتچىلىك ئىلمىگە
دائىر كىتابلارنى مەخسۇس دەرسلىك قىلىپ ئوقۇپ،
ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىپ بىلىمىنى پۇختىلىغان.
ئۇ، ئەرەب، پارس، چاغاتاي تىللىرىنى ياخ-
شى ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن «قارابادىن قادىر»،
«تىببى ئەكبەر»، «قارابادىن ئەزەم ۋە ئەكمەل» قا-
تارلىق تىبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك ئىلمىگە دا-
ئىر كلاسسىك كىتابلارنى مەخسۇس دەرسلىك قىلىپ
ئۆگىنىپ تىبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك ئىلمىنىڭ
نەزەرىيىلىرىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ
پۇختا مۇكەممەللەشتۈرگەن.
ئۇ، ئۆزى مۇستەقىل ھالدا داۋالاش ۋە دورى-
گەرلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن، بىر
تەرەپتىن داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانسا،
يەنە بىر تەرەپتىن باشقا جايلارغا بېرىپ دورا يۆت-
كەپ كېلىپ، يۇرتىمىزدىكى دورا يېتىشمەسلىك مەسى-

يىتىمدىن ھاسىل قىلىنغان تەجرىبە - ساۋاقلارنى يە-
كۈنلەش ئاساسىدا «كىتابى تىبب ئاقسارايى» ناملىق
ئەسەرنى يېزىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر
تىبابەتچىلىكىنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇن - قائىدىلىرى،
كېسەل كۆرۈش، داۋالاش ئۇسۇللىرى، شىپالىق دورى-
لارنى ياساش، ئىشلىتىش ئۆلچەملىرى، دورىگەرلىك
سايمانلىرى ۋە دورا مەنبەلىرى قاتارلىق مەزمۇن-
لار تونۇشتۇرۇلغان. ئالىمنىڭ ئەرەب تىلىدا يېزىل-
غان بۇ ئەسىرى 1899 - يىلى ھىندىستاننىڭ لاكنو
شەھىرىدە نەشىر قىلىنغان ۋە مۇشۇ ئەسەرنىڭ 30 -
يىللىرىغا قەدەر ھىندىستاننىڭ دېھلى شەھىردىكى
ئىسلام تىبابىتى دارىلفۇنۇدا رەسمىي دەرسلىك قىلى-
نىپ ئوقۇلۇپ كەلگەن، جامالىدىن ئاقسارايى تى-
بابەتچىلىك ئىلمى ساھەسىدە خەلقئاراغا يۈزلەنگەن
مۇتەۋەر ئالىم سۈپىتىدە مەدەنىيەت تارىخىمىزدىن
ئورۇن ئالىدۇ.¹

¹ «دېھقان ئۆلچەملىرى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

## مەشھۇر تېۋىپ توختى ئاخۇن ھاجىم

### مەلىكە مۇھەممەت

توختى ئاخۇن ھاجىم تېۋىپ 1870 - يىلى قا-
راقاش ناھىيىسىنىڭ سەزىكە نىتىمدە ئوقۇمۇشلۇق
دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى ھېرزا-

ئمزاخۇن تېۋىپ، ئالتۇنچىلىق توختىئمزاخۇن تې-
ۋىپ قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلارنى توختى ئاخۇن ھاجىم تې-
ۋىپ تەربىيىلەپ ئۇستا تېۋىپلاردىن قىلىپ يېتىشتۈ-
رۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىدا تې-
بابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ داۋالاش ۋە كېسەل
كۆرۈش ئىشلىرىنى قىلغان.
توختى ئاخۇن ھاجىم خېلى كۆپ شاگىرت
ئىزباسارلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەندىن كېيىن،
ئايالى ھەنىپىخانىنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى ماڭسۇر
ھاجىنى ئۆز ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئۆيىگە
ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، بارلىق كىتاب، رېتسېپ،
دورىلارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ 1935 - يىلى ھەج
قىلىش ۋە دورا ئەكىلىش ئۈچۈن ئەرەبىستانغا كەت-
كەن. بىراق بەختىگە قارشى 1936 - يىلى ھەج
قىلىش جەريانىدا ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىپ، 65 يې-
شىدا ئەرەبىستاندا ئالەمدىن ئۆتكەن، شۇندىن باشلاپ
ماڭسۇر ھاجىم تېۋىپ توختى ئاخۇن ھاجىم تېۋىپنىڭ
ئىزىنى بېسىپ قاراقاشتا تىبابەتچىلىكنى داۋام-
لاشتۇرغان.

## داڭلىق تېۋىپ — ماڭسۇر ھاجى

### ئابلىز ساتتار

داڭلىق تېۋىپ ماڭسۇر ھاجى — 1890 - يىلى
قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئاقساراي يېزا، قۇمباغ كەن-

لىمىشىنى ھەل قىلىنغان ۋە ئۆز رايونىمىزدا تېرىلى-
ئۆستۈرۈشكە بولىدىغان دورىلارنى سىزى، زاۋا ۋە
كۆيا قاتارلىق باغلىرىدا ئۆستۈرۈپ، دورىلارنى
پىششىقلاپ ئىشلەپ ياساپ، ئاممىنى داۋالىغان. توختى
ئاخۇن ھاجىم دورا ئەكېلىش ئۈچۈن سىرتلارغا
چىقىش باشقا ۋاقىتلاردا ئۆز ئۆيىدە تۇرۇپ كې-
سەل كۆرۈش ۋە داۋالاش ئىشىنى ئېلىپ بارغان.
يىراق - يېقىنلاردىن ئاغرىقلار كېلىپ كۆرۈنگەن،
باشقا يۇرتلارغىمۇ ئۇنىڭ مەشھۇر نامى تارالغان.
توختى ئاخۇن ھاجىم بىر تەرەپتىن داۋالاش ئىشلىرى-
نى ئېلىپ بارسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەجرىبىلەرنى
يەكۈنلەپ، ئۈنۈملۈك نۇسخىلارنى توپلاپ، قەدىمى تىبا-
بەتچىلىك ئىلمى كىتابى «قارابادىن قادىرى»، «تىببى
ئەكبەر»، «قارابادىن ئەزەم ۋە ئەكمەل»، قاتارلىق تىبا-
بەتچىلىك ۋە دورىگەرلىككە دائىر كىتابلاردىن پايدىلىنىپ
دەرسلىك تۈزۈپ شاگىرت تەربىيىلەشكە ئالاھىدە
كۈچ سەرپ قىلغان. توختى ئاخۇن ھاجىم ناھايىتى
تەلەپچان كىشى بولغاچقا، شاگىرتلىرىغا قاتتىق تە-
لەپ قويۇپ، كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىگەچكە، شا-
گىرتلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇستا تېۋىپلاردىن
بولۇپ يېتىشىپ چىققان. مەسىلەن، قۇمباغلىق مان-
سۇر ھاجىم تېۋىپ، زاۋۇتلىق پاسىراخۇنۇم تېۋىپ، كۆ-
يالىق تالىپاخۇنۇم تېۋىپ، قوشلۇقلۇق ئەخمەتا-
خۇن تېۋىپ، كېرىيەلىك روزاخۇن تېۋىپ، كۆيالىق

بۇ دورىلارنىڭ بىر قىسمىنى تېرىپ ئۆستۈرۈپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورىلىرىنىڭ كەمچىل بولۇشىدەك بوشلۇقنى تولدۇرغان.

1954 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئاقساراي يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا، مەنسۇر ھاجى بىر تەرەپتىن دورا تېرىپ ئۆستۈرۈش ۋە تاغلىق رايونلاردىن دورا يىغىش ئىشلىرىنى بىۋاسىتە قول تىقىپ ئىشلەپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك يەككە دورىلىرىنىڭ يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن شىپالىق، ئۈنۈمى يۇقىرى، ئادەتتىكى رېتسېپلار ئارقىلىق جىددىي ئاجىزلىق كېسىلى، بالىيا تقۇراكى، قەنت سىيىش كېسەللىكى، تېرە كېسەللىكلىرى، بالىلار كېسەللىكلىرى، ئاياللار كېسەللىكلىرى، بەش ئەزا كېسەللىكلىرى، نېرۋا كېسەللىكلىرى، نەپەس سىستېما كېسەللىكلىرى ۋە ھەزىم قىلىش سىستېما ئەزا كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا بىر قەدەر ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، كېسەللەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

مەنسۇر ھاجى — قاراقاش ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىدا 10 يىلدىن ئارتۇق ئىشلەپ، ئۆز يېشىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي، كېسەللەرگە دىئاگنوز قويۇش، داۋالاش جەھەتلەردىكى ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىلىرىنى، تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسېپلىرىنى توپلاش، رەتلەش ھەم شاگىرت تەر-

تىندە مەرلىپە تپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن.
1898 – يىلىدىن 1905 – يىلىغىچە قاراقاش ئا-
ھىيىسىنىڭ كۆزەكۆل بېشى مەھەللىسىدىكى دىنى مە-
دىرستە ئوقۇپ، ئەرەب، پارس، چاغاتاي تىللىرىنى
ياخشى ئۆگەنگەن.
1905 – يىلىدىن 1915 – يىلىغىچە نەۋرە ئاكىسى
مەشھۇر تېۋىپ— توختى ئاخۇن ھاجىمغا شاگىرت بو-
لۇپ، بىر تەرەپتىن «قارا بارىسىن قادىرى»، «تىببىي
ئەكبەر» قاتارلىق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ۋە دورىگەر-
لىك توغرىسىدىكى كلاسسىك كىتابلارنى مەخسۇس
دەرسلىك قىلىپ ئوقۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن داۋالاش
ھەم دورىگەرلىك ئىلمىنى ئۆگىنىپ، ئۇيغۇر تىبابەتـ
چىلىكىنىڭ نەزەرىيە بىلىملىرىنى ۋە ئەمەلىيەت بە-
لىملىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن.
1915 – يىلىدىن باشلاپ، ئۆزى مۇستەقىل ھالـ
دا قاراقاش ناھىيىسى ۋە گۇما ناھىيىسىنىڭ زاڭگوي،
پىيالما، مۇجا، دۇۋا قاتارلىق يېزا – كەنتلىرىدە دا-
ۋالاش ۋە دورىگەرلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.
1949 – يىلى ئەرەبىستانغا چىقىپ، ھەج قىلىپ
كىرىش يولىنى يادىلىنىپ، پاكىستاندا بىر يىل
ئەتراپىدا تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن داۋالاش ئىشلىرى
بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن رايونىمىزدا
كەمچىل بولۇۋاتقان بىر قىسىم يەككە دورىلارنى يىغـ
ىش، توپلاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، قايتىشـ
دا نۇرغۇن يەككە دورىلارنى يۆتكەپ ئەكىرگەن.

مائسۇر ھاجىم — ئۆزىنىڭ بەش ئوغلىنى كۆ-
ڭۈل قويۇپ تەربىيلەپ، تىبابەتچىلىك ئىلىمىنى
ئۆگىتىپ يېتىشتۈرۈپ چىققان. ئۇنىڭ ئىككىنچى
ئوغلى — مۇھەممەت ئەمەر ھاجىم ئۈرۈمچىدە تۇنجى
ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىنى قۇرغۇچىلارنىڭ
بىرى بولۇپ، ھازىر تۈركىيىدە تىبابەتچىلىك بىلەن
شۇغۇللانماقتا.

تۆتىنچى ئوغلى مۇھەممەت روزى ھاجىم ئۈرۈم-
چىدە ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىدا، بىرىنچى ئوغلى
مەھەممەت ئىمىن ھاجىم، ئۈچىنچى ئوغلى مەھەممەت
سالى ھاجىم، بەشىنچى ئوغلى مەھەممەت سىدىق
ھاجىملار ھازىر ئىشلەۋاتىدۇ. قاراقاشتا دادىسى-
نىڭ ئىزىنى بېسىپ تىبابەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن
شۇغۇللانماقتا.

## داڭلىق تېۋىپ ئەيسا ھاجىم

### ئابابەكرى جۇمە

ئەيسا ھاجىم 1900 - يىلى سابىق «ماي»
كۆكشىبىنىڭ قاياش كەنتىدە (ھازىرقى مەگلەي يېزى-
سىغا قاراشلىق) تۇغۇلۇپ 1907 - يىلىغىچە ئائىلە
تەربىيىسىدە بولغان. 1907 - يىلدىن 1927 - يىلى-
غىچە قارامان كەنتىدىكى ئابدۇراخمان داموللا-
نىڭ دىنىي مەكتىپىدە ئوقۇغان.

1927 - يىلدىن 1934 - يىلىغا قەدەر ئەخمەت

جىمىلەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، قەنت سېيىش كېسەللىكىنى ئۇيغۇر تىبابىتىدە داۋالاش ھەققىدە دېگەن كىتابىنى يېزىپ قالدۇرۇپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئۇ، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن شاگىرتلار ھەر قايسى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىلىرىدا ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىدە ئاساسلىق تېۋىپلاردىن بولۇپ ئىشلىمەكتە.

مەرھۇم قالدۇرۇپ كەتكەن رېتسېپلارنىڭ كۆپ قىسمى ھېلىھەم ھەر قايسى شىپاخانىلاردا ئاساسلىق رېتسېپلار ئورنىدا ئىشلىتىلمەكتە.

ماخسۇر ھاجىمغا، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك جەھەتتىكى ئىقتىدارى ۋە خىزمەتتىكى تۆھپىلىرىگە ئاساسەن 1987 - يىلى مۇدىر ۋراچلىق ئۇنۋانى بېرىلگەن.

مەرھۇم تېۋىپ ماخسۇر ھاجى پۈتۈن ئۆمرىدە 73 يىل تىبابەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1988 - يىلى 8 - ئايدا قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئاقساراي يېزا قۇمباغ كەنتىدە كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 98 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئۇ، ھايات ۋاقتىدا بىر نەچچە نۆۋەت قاراقاش ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولغان.

بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ تەتقىق قىلىش بىلەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزى بىۋاسىتە كېسەللەرگە دىئاگنوز قويۇپ، ھەر بىر كېسەلنىڭ ئۆزىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن داۋالاشنى چىڭ تۇتقان. ئۇ ھەر ۋاقىت نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ كەلگەندىن باشقا ئۇيغۇر مىللىي تىبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان. شۇنداقلا بىر قەدەر ئىلمىي بولغان مول تەجرىبىلەرنى توپلىغان.

ئۇ داۋالاش جەريانىدا «تىببىي ئەكبەر»، «قارابارىن، ئەزەم ۋە ئەكمەل»، «قارابارىن قادىرى» قاتارلىق مەشھۇر تىببىي كىتابلاردىن پايدىلىنىپ داۋالاشنى ئېلىپ بارغان. داۋالاش ئۇسۇلى جەھەتتە تومۇر تۇتۇپ تەكشۈرۈش، تومۇر ئارقىلىق دىئاگنوز قويۇپ داۋالاشنى ئاساس قىلغاندىن باشقا تۈرلۈك كېسەللەرگە كېتەرلىك بولغان ھەر خىل دورىلارنى ئۆزى بىۋاسىتە ياساپ داۋالىغان. ئەيسا ھاجىم كىچىك پېئىل، خۇشچاقچاق بولۇپ بىمارلارغا خۇددى ئۆز ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدەك كۆيۈنگەن. داۋالاشتا روھى جەھەتتىن داۋالاش بىلەن دورا ئارقىلىق داۋالاشنى زىچ بىرلەشتۈرگەنلىكتىن كېسەللەرگە قويغان دىئاگنوزى 95% گە يېتىپ، ساقىيىش نىسبىتى 90% دىن ئاشقان. ئۇ ئۇيغۇر مىللىي تىبابەتچى-

خەلپە ھاجىمىدىن مىللىي تىبابەت ئىلمىنى ئۆگەنگەن. 1934 - يىلىدىن 1956 - يىلىغىچە قاراقاش گۇما ناھىيىلىرىدە سەييارە تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. 1956 - يىلىدىن 1961 - يىلىغىچە سابىق «ماي» كۆكشىبىسى دوختۇرخانىدا «لىمگىسى» تېۋىپ بولۇپ ئىشلىگەن. 1961 - يىلى رەسمىي دۆلەت شتاتىدىكى مىللىي تىبابەت كەسپىي خادىمى بولغان. 1961 - يىلىدىن 1978 - يىلىغىچە ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا، 1978 - يىلىدىن 1988 - يىلىغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مىللىي شىپاخانىسىدا مۇئاۋىن دوختۇر ۋراچ بولۇپ داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ 1988 - يىلى شەرەپ بىلەن دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ مىللىي تىبابەتچىلىك ئىلمىي بويىچە ئالىي تېخنىكۇم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە.

ئەيسا ھاجىم ھازىر بەك ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ دەم ئېلىشنى ئاساس قىلغاچ داۋالاش ئىشلىرىنى توختىتىپ قويمىدى. ئۇ ھازىر بىر تەرەپتىن داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانسا يەنە بىر تەرەپتىن مىللىي تىبابەت ئىلمىدە ھاسىل قىلغان 60 نەچچە يىللىق مول ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى «تەجرىبىلىك نۇسخىلار توپلىمى» دېگەن تېما ئاستىدا توپلاپ يېزىپ ئۆز ئۆمرىدە بىر تىبىي ئەسەر قالدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ.

ئۇ 60 نەچچە يىللىق مىللىي تىبابەتچىلىك

بودا كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن.

1940 - يىلدىن 1947 - يىلغىچە ئۆز يېزىسىدىكى دىنىي مەدرىستە ئوقۇپ، ئەرەبچە دىنىي كىتاب ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلالايدىغان سەۋىيىگە ئىگە بولغان.

1947 - يىلدىن 1954 - يىلغىچە قەشقەر شەھىرىدىكى دىنىي مەدرىستە بىلىم ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلىنى پۇختا ئۆگەنگەن.

1954 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە قەشقەر شەھىرىدىكى مەشھۇر تېۋىپ ۋە دورىگەر يۇسۇپ ھاجىمغا شاگىرت بولۇپ داۋالاش ۋە دورىگەرلىك ئەمەلىيىتىنى ئۆگەنگەن، يەنە بىر تەرەپتىن «تىببىي ئەكبەر»، «قارابادىنى قادىرى»، «ئىكسىر ئەزەم»، «مىزان تىب» قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك توغرىسىدىكى كلاسسىك تىببىي كىتابلارنى مەخسۇس دەرسلىك قىلىپ ئوقۇپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىي داۋالاش ئىقتىدارى جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەن.

1958 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە ئۆز يۇرتىدا خۇسۇسىي تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ نۇرغۇن كېسەللەرنى داۋالاپ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

1960 - يىلى پوچاقچى يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئۇيغۇر تىبابەت بۆلۈمىدە داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كىشىلەرنىڭ تەرىپلىشىگە ئىگە بولغان.

لىنىڭ ئىلمىدە، كېسەللەرگە بەرگەن دورىسىنىڭ ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەنلا ئەمەس بەلكى داۋالاشتىكى ماھارىتى بىلەنمۇ ناھىيىمىز جۇملىدىن ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن.

ئۇ 60 نەچچە يىللىق ئۇيغۇر مىللىي تىبابەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا نەچچە مىڭلىغان بىمارلارنى داۋالاپ ساقايتقاندىن باشقا شاگىرت تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن.

ھەتتا ئۆزىنىڭ ئۈچ ئوغلىنىمۇ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلەپ ۋە ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشقان.

ئۇنىڭ بىرىنچى ئوغلى ھېبىبۇللاھاجىم ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە، ئۈچىنچى ئوغلى مەھەممەت ئابدۇللا ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە، ئىككىنچى ئوغلى مۇھبۇللاھاجىم ناھىيىلىك مىللىي شىپاخانىدا دوختۇر ۋراچ بولۇپ داۋالاش ئىشلىرىدا تايانچلىق رول ئويناپ كېلىۋاتىدۇ.

## ئۇستا تېۋىپ — مۇھەممەت ئىمىن داموللام

ئابلىز ساتتار

پېشقەدەم تېۋىپ — مۇھەممەت ئىمىن داموللام 1934 - يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ پۇچاقچى يېزا

## ناھىيىمىز سۇ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا

ئابدۇكېرىم تۇردى

تارىخىي مەلۇماتلاردىن قارىغاندا قاراقاش دەرياسى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن «جەيھۇن»، «بوۋراك» دەرياسى دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ دەريانىڭ سۈيى دۆلىتىمىز چېگرىسىدىن باشلىنىپ، كۇئېنلۇن تاغ تىزمىلىرى ئارقىلىق نۇرغۇن پارچە جىلغا ئېقىنلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن چوڭ دەريا ئېقىنىنى ھاسىل قىلىپ، خوتەن، قاراقاش ئىككى ناھىيىنىڭ بىر مىليون مودىن ئارتۇق زېمىنىنى كۆكەرتىپ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ لوپنوردىكى تەبىئىي چوڭ كۆلگە قۇيۇلىدۇ.

ئومۇمىي ئەھۋال

1950-يىللاردا قاراقاش ناھىيىسىنىڭ نوپۇسى 180 مىڭ ئۆپچۆرىسىدە، تېرىلغۇ كۆلىمى 420 مىڭ مو ئەتراپىدا بولۇپ، مەزكۇر يەرلەرنى سۇغۇرۇشتا

1966 - يىلى ئۆز كەنتىگە قايتىپ كېسەل داۋالاش بىلەن مەشغۇل بولغان.

1969 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ھەر قايسى يېزا - قىشلاقلىرىدا سەييارە داۋالاش دورىگەرلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن، داۋالاش بىر قەدەر قىيىن بولغان يۈرەك، ئۆپكە، مېڭە، جىگەر، ئاشقازان ۋە بوغۇم قاتارلىق ئەزالارنىڭ ھەر خىل كېسەللىكلىرىنى ئۈنۈملۈك داۋالاپ خەلق ئاممىسى ئىچىدە يۇقىرى ئابروي ۋە يۇقىرى ئىناۋەتكە ئېرىشكەن.

1979 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسىغا يۆتكىلىپ، ئۆز ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكەن ئاددىي ۋە تەننەرقى ئەرزان رېتسېپلىرى بىلەن ھەر قايسى ئەزالارنىڭ ھەر خىل كېسەللىرىنى داۋالاش بىلەن بىرگە ئىز باسار تېۋىپلارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ كۆپلىگەن شاگىرت تەربىيىلىگەن. ئۇنىڭ يېتىشتۈرگەن شاگىرتلىرى ھازىر خوتەن، قاراقاش قاتارلىق جايلاردا تايانچىلاردىن بولۇپ ئىشلىمەكتە.

مەرھۇم قالدۇرۇپ كەتكەن قول يازمىلىرى ۋە رېتسېپلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ھېلىھەم ھەر قايسى شىپاخانىلاردا ئاساسلىق رېتسېپ سۈپىتىدە قوللىنىلماقتا.

مەرھۇم مۇھەممەت ئىمىن داموللام ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى بىلىم ئېلىش ۋە تىبابەتچىلىك ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلاپ 1984 - يىلى 3 - ئايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن 51 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

1940 - يىللىرى كۆيا يېزىسىنىڭ پاۋان كەنتىدە بولغان سۇ ئاپىتى پاۋاندىكى شەنبە كۈنلۈكتە قىزىيدىغان بازارنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىپلا قالماستىن 20 دىن ئارتۇق ئاھالىنى سۇ ئېقىتىپ كەتكەن. ئازادلىقتىن ئىلگىرى قاراقاشنىڭ ھەر قايسى ئۆستەڭلىرىدە دېگۈدەك سۇ ئاپىتى يۈز بېرىپ تۇراتتى. شۇنداق بولغانلىقتىن دەريا قورۇلۇشى، ئۆستەڭ، ئازمىلارنى رېمونت قىلىش ئىشلىرى، ئۈچۈن نەچچە يۈز مىڭ ئەمگەكچى، نەچچە ئون توننا شاخ-شۇمبا، نەچچە يۈز كۇبمېتىر ياغاچ سەرپ قىلىنغان بولسىمۇ ئەپسۇسكى ھەر يىللىق كەلكۈن مەزگىلىدە بۇ نەرسىلەر قىلچە ئۈنۈم بەرمەي ھەممىسى ئېقىپ تۈگەپ كېتەتتى. بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى يەنىلا ئىنتايىن تۆۋەن ھالەتتە قېلىۋەرگەن ئىدى.

## ئازادلىقتىن كېيىنكى سۇ ئىشلىرى تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭغا ئاساسلىق تۆھپە قوشقانلار

1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىندى. قاراقاش خەلقىمۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئوخشاش ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئازادلىقنىڭ ھايات بەخش نۇرلىرىغا چۆمدى.

پۈتكۈل ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن سۇغىرىش شارائىتىنى ياخشىلاشقا، دەريا، ئۆستەڭلەرنىڭ قىياپىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ، بىپايان ئېتىز - ئېرىقلارنى

ئالتە چوڭ ئۆستەڭگە تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلاتتى. بۇلار ماكۇيا، بەھران سۇيى، زاۋا، كۇيا، قاراساي، ياۋا قاتارلىق ئالتە ئۆستەڭ بولۇپ 1960 - يىللارغىچە كونا، قالاق قىياپەتتە ئەگرى - بۈگرى ئاقاتتى. ياغاچ، شاختىن ياسالغان ئىپتىدائىي ئازمىلار، توغراق غوللىرىدىن ياسالغان ئايرىش قوغاچلىرى بىلەن بىر قىسىم يەرلەر سۇغىرىلاتتى. بىر قىسىم ئېكىنزارلار سۇ كىرمەي قۇرۇپ كېتەتتى. سۇ سىغىمچانلىق بىلەن ئۆستەڭلەر ماسلىشالمىغانلىقى، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئېگىز-پەس بولۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سۇ ئىسراپچىلىقى ناھايىتى ئېغىر ئىدى. ئېرىق-ئۆستەڭلەرنىڭ قالاقلىقى خەلققە كەلكۈن مەزگىلىدە تۈگىمەس بالايى - ئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلەتتى. ھەر يىلى كەلكۈن مەزگىلىدە بۇ ئۆستەڭلەرنىڭ نەچچە ئون يېرىدىن يار ئېلىپ كېتىپ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال مۈلكى خەۋپ ئاستىدا قالاتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى بەھران سۇيى ئۆستىڭىنىڭ ئىككى جايىدىن يار كېتىپ، كەلكۈن سۇيى قاراقاش ناھىيە بازىرىنىڭ ھازىرقى مال دوختۇرخانىسى يېنىدىكى يولدىن كېسىپ ئۆتۈپ تاناي بېشى مەھەللىسىنى پۈتۈنلەي ئويۇپ ۋەيران قىلىپ يارغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. بۇ يارنىڭ ئورنى ھازىر، ئۇ چوڭقۇر ھالەتتە بولۇپ، ھازىرقى تاناي بېشى مەھەللىسى ئاھالىلىرى پەسكە جايلاشقان. ئۆز ۋاقتىدىكى ھالەتنى ھېلىھەم ئېنىق ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

تى. ئوخشاش ۋاقىت ۋە سۇ ئىچىدىكى سۇغىرىش كۆ-
لىمى ئېشىپلا قالماستىن سۇغىرىش قېتىم سانىمۇ كۆ-
پەيدى. مۇشۇنداق بولغانلىقتىن 1949 - يىلى ئاش-
لىقنىڭ بىر لىك مو بېشى مەھسۇلاتى 116 كىلو گرام
بولغان بولسا 1994 - يىلىغا كەلگەندە 651 كىلو
گرامغا يەتتى. ناھىيىمىزدە 1954 - يىلدىن 1975 -
يىلغا قەدەر ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 13 سۇ ئامبى-
رى قۇرۇلۇپ ئۇنىڭ زاپاس سۇ ساقلاش مىقدارى
70 مىليون كوبادىن ئاشقان. ھازىر ساقلىنىپ قال-
غىنى سەككىز سۇ ئامبىرى بولۇپ ئۇنىڭ زاپاس سۇ
ساقلاش مىقدارى 55 مىليون كۇبمېتىر بولماقتا. بۇ-
لار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) شەرق شامىلى سۇ ئامبىرى، بۇ ئامبار 1960-
يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئومۇمىي سۇ سىغىمچانلىقى
لايىھەدىكى 50 مىليون كۇبمېتىر، ھازىر قىسمى 25
مىليون كۇبمېتىر. بۇ سۇ ئامبىرىنى قۇرۇشقا كەتكەن
مەبلەغ 2 مىليون 226 مىڭ يۈەن بولۇپ دۆلەت بەر-
گىنى 740 مىڭ يۈەن، خەلق چىقارغىنى بىر مىليون
486 مىڭ يۈەن. بۇ سۇ ئامبىرىنى خوتەن ۋىلايەت-
لىك سۇ باشقارمىسىدىن جاۋداۋجى لايىھىلىگەن ھەم
نازارەت قىلىپ ئىشلىگەن.

2) قارا ساي سۇ ئامبىرى، 1957 - يىلى ئىش-
لەنگەن، لايىھەدىكى ئومۇمىي سۇ سىغىمچانلىقى 20
مىليون كۇبمېتىر، ھازىرقى ئەمەلىي سۇ سىغىمچانلى-
قى سەككىز مىليون كۇبمېتىر. بۇ سۇ ئامبار قۇرۇلۇ-

رەتلەشكە، سالالاشتۇرۇشقا توغرا كەلدى، ئەمما نا-
ھىيە نامرات، خەلق نامرات بولغانلىقتىن ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە تېخنىكا كۈچى بولمىغانلىقتىن دەرھال بۇ ئىشقا
قول سېلىش شارائىتى يوق ئىدى. بۇنداق ئەھۋال
ئاستىدا 1959 - يىلىغا قەدەر كونا سۇغىرىش رايون-
لىرىنى ئۆزگەرتىش ئاساسىدا ئەمگەك كۈچى بىلەن
ئىشلىنىدىغان قۇرۇلۇشلارنى تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ
بېرىلدى. لېكىن بۇ قۇرۇلۇشلار شۇ يىللىق ئىشلەپچى-
قىرىشنى نەزەردە تۇتۇپ ئىشلەنگەن بولغاچقا ئۇزاق
مۇددەتلىك پىلانغا كىرگۈزۈشكە بولمايتتى. 1959 -
يىلىدىن باشلاپ كونا سۇغىرىش رايونلىرىغا قارىتا
پىلانلىق ھالدا ئۆزگەرتىش پىلانى تۈزۈلۈپ، بىر تە-
رەپتىن لايىھىلەش، يەنە بىر تەرەپتىن قۇرۇلۇش ئېلىپ
بېرىش بىلەن قاراقاش ناھىيىسىنىڭ سۇ ئىشلىرى
خىزمىتىدە زور يۈكسىلىشلەر بولدى.

1958 - يىلىدىن 1966 - يىلىغىچە بىرىنچى زاكو
ۋە 15 ئۆستەڭ كۆيخۇا بويىچە قايتا قېزىلدى ۋە يې-
ڭىدىن ياسىلىپ پۈتۈن ناھىيىنىڭ بىخەتەر سۇغىرىش
شارائىتى ياخشىلاندى. ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى 25%
بولغان سۇدىن پايدىلىنىش نۇنۇمى 1970 - يىلىغا
كەلگەندە 35% ئەتراپىدا بولدى. 1970 - يىللارنىڭ
ئاخىرىدىن باشلاپ چوڭ - كىچىك ئېرىق - ئۆستەڭ-
لەر قايتىدىن تەرتىپكە سېلىنىپ، سۇ سىڭىپ كېتىشنىڭ
ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىپ ھازىرغا
كەلگەندە سۇدىن پايدىلىنىش نۇنۇمى 49% گە يەت-

يىلى قۇرۇلغان. بىر مىليون 500 مىڭ كۇبا سۇ سىغىدۇ.

1984 - يىلىغا كەلگەندە مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مەبلەغ جەھەتتە ياردەم قىلىشى بىلەن قارا قاش دەرياسى ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى شۇ يىلى 10 - ئايدا رەسمىي باشلاندى. بەش يىلدا پۈتكۈزۈش پىلانلانغان بۇ قۇرۇلۇش خوتەن ۋە قاراقاش ئىككى ناھىيە خەلقىنىڭ زور كۈچ سەرپ قىلىشى بىلەن 1987 - يىلى 11 - ئايدا ئاخىرلىشىپ مۇددەتتىن ئىككى يىل بۇرۇن ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. بۇ سۇ قۇرۇلۇشى ناھىيە تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ. ئىشلىتىش ئۈنۈمى ئەڭ يۇقىرى بولغان قۇرۇلۇش بولۇپ توسما ئېگىزلىكى 138 مېتىر، توسما ئۇزۇنلۇقى 400 مېتىر، ئومۇمىي سۇ سىغىمچانلىقى 340 مىليون كۇبا. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ كەلكۈن سۈيىنى چىقىرىۋېتىش ئىقتىدارى 1300 كۇبا. قۇرۇلۇش ئۈچۈن كەتكەن ئومۇمىي مەبلەغ 860 مىليون يۈەن.

بۇ سۇ قۇرۇلۇشى دەريانى ئادەم كۈچى ۋەشاخ، ياغاچ، تاشلار بىلەن باغلاپ (توغانلاپ) سۇ ئىچىشتەك قىيىن ھەم قالاق ھالەتكە خاتىمە بەردى. قالايا سۇ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تۆت چوڭ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ يىللىق توك چىقىرىش مىقدارى 200 مىليون كىلوۋاتقا يېتىپ، ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە سانائەت تەرەققىياتىدا زور رول ئوينىدى.

شىدا 710 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بولۇپ، دۆ-
لەت بەرگىنى 240 مىڭ يۈەن. لايىھىلىگۈچى خوتەن
ۋىلايەتلىك سۇ باشقارمىسىدىن جاۋداۋجى، قاراقاش
سۇ ئىدارىسىدىن لى مىنجى.

3) ياۋا بىرىنچى سۇ ئامبىرى، 1958 - يىلى
قۇرۇلغان بولۇپ سۇ سىغىش مىقدارى لايىھىدىكى
ئالتە مىليون. هازىرقى ئۈچ مىليون كۇبمېتىر.

4) ياۋا ئىككىنچى سۇ ئامبىرى، 1959 - يىلى
قۇرۇلغان بولۇپ، هازىرقى سۇ سىغىش مىقدارى
بەش مىليون كۇبمېتىر، بۇ ئىككى سۇ ئامبىرىنى لا-
يىھىلەپ پۈتتۈرگۈچى يەرلىك پېشقەدەم مۇتەخەسسىس
ئېلى توختى بولۇپ بۇ كىشى 1993 - يىلى ئۆلۈپ
كەتكەن.

5) لەمپە سۇ ئامبىرى، 1964 - يىلى قۇرۇلغان
بولۇپ لايىھىدىكى سۇ سىغىمچانلىقى يەتتە مىليون
كۇبمېتىر، ئەمەلىي سىغىۋاتقان سۇ توققۇز مىليون
كۇبمېتىر. بۇ سۇ ئامبىرىدىن كاۋاك يېزىسى پايدى-
لىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

6) شىنجيەن سۇ ئامبىرى، بۇ ئامبار 1967 -
يىلى قۇرۇلغان. ئىككى مىليون كۇبمېتىر سۇ سىغىدۇ.
بۇ ئامباردىن ياۋا يېزىسى پايدىلىنىۋاتىدۇ.

7) تۇزلۇقۇمتاغ 1 - سۇ ئامبىرى بۇ ئامبار
1963 - يىلى قۇرۇلغان. ئىككى مىليون 300 مىڭ كۇ-
بىا سۇ سىغىدۇ.

8) تۇزلۇقۇمتاغ 2 - سۇ ئامبىرى، 1975 -

روزى مەھەممەت ناسىر، ئىزىز مەتناسىرلار ئىلگىرى
كېيىن بولۇپ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولغان.
ھازىر سۇ ئىدارىسىدا پارتكوم قۇرۇلۇپ ۋاك
يىچۈن پارتكوم شۇجىسى ۋە مۇئاۋىن ئىدارە باشلىق-
لىقىغا تەيىنلەندى.
ھازىر سۇ ئىدارىسىدە بەش پونكىت، بىر قۇ-
رۇلۇش ئەترىتى، بىر ئېلېكتر شىركىتى 228 نەپەر سۇ
ئىشلىرى خىزمەتچىسى قاتارلىقلار بار. بەش نەپەر
ئىنژېنېر، 31 نەپەر ياردەمچى ئىنژېنېر بولۇپ بۇلار
پۈتكۈل ناھىيىنىڭ سۇ ئىشلىرى تەرەققىياتىدا زور
رول ئويناپ كەلمەكتە.
ئازادلىقتىن كېيىنكى نەچچە ئون يىل ئىچىدە
ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى
سۇ ئىشلىرىنى مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇش خىز-
مىتىنى ئاساسلىق ئىشلار قاتارىدا تۇتۇپ نۇرغۇن
ياخشى ئىشلارنى قىلدى.
سۇ ئىشلىرىغا بىۋاسىتە مەسئۇل بولۇپ ئەمەلىي
تۆھپە ياراتقانلاردىن (1950 - يىلدىن 1959 - يىل-
غىچە) مۇئاۋىن ھاكىم لياڭ چىڭسەن، (1959 - يىلى-
دىن 1961 - يىلغىچە) مۇئاۋىن ھاكىم لى چىڭفۇ،
(1961 - يىلىدىن 1962 - يىلغىچە) مۇئاۋىن ھاكىم
توختى بەختى، (1963 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە)
مۇئاۋىن ھاكىم بارى تۇردى، (1979 - يىلىدىن
1987 - يىلىغىچە) پارتكوم مۇئاۋىن شۇجىسى ئابدۇ-
كېرىم تۇردى، (1987 - يىلىدىن 1995 - يىللارغىچە)
مۇئاۋىن ھاكىم روزى مەھەممەت ياسىن قاتارلىقلار
بار. بۇ رەھبەرلەر قاراقاشنىڭ سۇ ئىشلىرى تەرەق-

بۇ ئىستانسىلارنى لايىھىلىگۈچىلەر: ئالىي ئىنژېنېر سى جىچۈن، ئىنژېنېر مىيودالىن، سۇنجەنگالىلار بولۇپ، يېتەكلىگۈچى سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، سۇ ئىشلىرى ئىنژېنېرى جاۋزوڭفالىڭ. ناھىيە رەھبەرلىرىدىن قوماندانلىق قىلغۇچىلار:

ئاقساراي ئىستانسىسىغا بارى تۇردى، غالىبىيەت 1 - ئىستانسىسى غالىبىيەت 2 - سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى، ئۇچات 1 - سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىغا ئابدۇكېرىم تۇردى قوماندانلىق قىلغان. توك ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى سۇڭ جىيەنگالىڭ، ۋاڭ يىچۈن، ئېزىز مەتناسىر.

## سۇ ئېلېكتىر ئىشلىرىدىكى تەشكىلىي ئاپپارات ۋە مۇھىم شەخسلەر

ئازادلىقتىن كېيىن 1960 - يىلغا قەدەر ناھىيەنىڭ سۇ ئىشلىرىنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قارمىقىدىكى يېزا ئىگىلىك بۆلۈمى باشقۇرۇپ كەلگەن ئىدى. 1960 - يىلى سۇ بۆلۈم تەسىس قىلىنىپ 1973 - يىلى 9 - ئايغا قەدەر ھاپىز يۈسۈپ بۆلۈم باشلىقى، لياڭ گەنزى مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1973 - يىلى 9 - ئايدىن 1977 - يىلى 1 - ئايغىچە ئابدۇكېرىم تۇردى ئىدارە باشلىقى، لياڭ گەنزى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولغان. 1977 - يىلى 1 - ئايدىن 1995 - يىلغىچە قەدەر يۈسۈپ ناسىر ئىدارە باشلىقى، لياڭ گەنزى، جاۋزوڭفالىڭ. ماخمۇت قۇربان، سۇڭ جەنگالىڭ. ئابابەكرى تاش تۆمۈر

## ھاپىز يۈسۈپ

ھاپىز يۈسۈپ 1926 - يىلى قاراقاش ناھىيە-
سىنىڭ قارامان كەنتىدە تۇغۇلغان. 1936 - يىلى-
غىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. 1946 - يىلغىچە
دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ۋە يەتتە يىل بايلار-
غا يىللىقچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1951 - يىلغىچە بۆز
توقۇش ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

1951 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. 1954 -
يىلغىچە يەر ئىسلاھاتى، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش
خىزمەتلىرىگە قاتناشقان. 1954 - يىلى 6 - ئايدىن
1955 - يىلى 9 - ئايغا قەدەر 9 - رايونغا شېجاڭ
بولغان (ھازىرقى پوچاقچى، قوچى يېزىسى) 1955 -
يىلدىن 1973 - يىل 9 - ئايغىچە ناھىيىلىك قورۇ-
لۇش بۆلۈمگە مۇئاۋىن كېجاڭ، كېجاڭ، سۇ بۆلۈمى-
نىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1973 -
يىلى 9 - ئايدىن 1976 - يىلى 9 - ئايغىچە تىۋەت
يېزىسىدا شېجاڭ، 1976 - يىلدىن 1981 - يىلغىچە
كاۋاك يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى 1981 - يىلدىن
1986 - يىلى 12 - ئايغىچە تىۋەت يېزىلىق پارتكوم-
نىڭ شۇجىسى ۋە مەسلىھەتچى بولۇپ ئىشلىگەن. شۇ
يىلى دەم ئېلىشقا چىقىپ تۇرمۇش ئۆتكۈزمەكتە.

يولداش ھاپىز يۈسۈپ ئۇزۇن يىل يېزا خىز-
مىتى ۋە سۇ ئىشلىرى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ
خەلقنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ۋە سۇ
ئىشلىرىغا كۆپ ئەجرى سىڭدۈرگەن پېشقەدەم كا-
دىرلارنىڭ بىرى.

قىيا تىدا كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەپ، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش جەڭ مەيدانلىرىدا شىددەتلىك كەلكۈن سۈيىنىڭ يالماپ كېتىشىدىن قورقماي خەلق بىلەن جەڭ مەيدانىدا بىللە تۇرۇپ ئىشلىگەن ئىش-ئىزلىرى خەلقنىڭ تىلىدا داستان بولغان. دەۋرنىڭ خاتىرىسى بولغان — گېزىتلەردىمۇ بېسىلغان.

## يۈسۈپ ناسىر

يۈسۈپ ناسىر 1942 - يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ پۇچاقچى يېزىسىدىكى قۇدۇغلا كەنتىدە تۇغۇلغان.

1950 - يىلدىن 1956 - يىلغىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان.

1956 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە قۇدۇغلا كەنتىدە بوغالتىر ۋە كۆمۈلچۈي ئىتتىپاق شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1960 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە قۇدۇغلا كەنتىنىڭ دادۈيجاڭى بولغان.

1965 - يىلدىن 1966 - يىلى 6 - ئايغىچە تۇز-لۇقۇتاغ - دېھقانچىلىق مەيدانىدا مۇئاۋىن جاڭجياڭ ۋە جاڭجياڭ بولغان.

1966 - يىلدىن 1975 - يىلغىچە پۇچاقچى (ئەينى چاغدا خوجەن گۇڭشېسى) يېزىسىغا شې جاڭ بولغان. 1975 - يىلدىن 1976 - يىلىغىچە پۇچاقچى يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى بولغان. 1976 - يىلدىن ھازىرغىچە ناھىيىلىك سۇ ئىلىكترو ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇ ھازىر قاراقاش ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى.

## ناھىيىمىزنىڭ يول قۇرۇلۇشى توغرىسىدا

ج. رەھىمى

قاراقاش ناھىيىسى بىر قەدەر چوڭ ناھىيە بولۇپ، 1985 - يىلدىن بۇرۇن بۇ ناھىيىدە بىر كىلومېتىرمۇ قاراماي يلاشقان يول يوق ئىدى. ناھىيىمىزنى كېسىپ ئۆتىدىغان 315 - نومۇرلۇق دۆلەت يولىدىن باشقا يوللار ئاساسەن تەبىئىي توپىلىق يوللار بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ قاتناش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقى ھەقىقەتەن ئېغىر ئىدى.

ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، يۇقىرى قاتناش تارماقلىرىنىڭ مەدەت بېرىشى، ناھىيىلىك قاتناش ئىدارىسىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە 1984 - يىلى قاراقاش بازىرىدىن ئۈرچى يېزىسىغىچە بولغان 17 كىلومېتىر يولنى قايتىدىن ئۆلچەملىك ياساپ، تاش يېيىپ تەييارلاپ 1985 - يىلى بۇ يولغا پۈتۈنلەي قاراماي يائتقۇزۇپ پۈتتۈرۈلگەن. 1985 - يىلى قاراقاش نا-

## مەخمۇت قۇربان

مەخمۇت قۇربان 1940 - يىلى پۇچا قچى يېزىسىنىڭ جۇمە بازىرى كەنتىدە تۇغۇلغان. 1956 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنىڭ سۇچىلىق كەسپىدە ئوقۇغان. ئالىي تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە. ھازىر قاراقاش ناھىيىلىك رايونلاشتۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنۇپ ئەچىش ئىشخا نىسىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەكتە.

مەخمۇت قۇربان 1959 - يىلدىن 1984 - يىلى 9 - ئايغىچە بولغان ئىچىدە سۇ ئىشلار بۆلۈمى، سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئۇزۇن يىل سۇ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەريانىدا يېزا قىشلاقلارغا بېرىپ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدا ئۆلچەش، سىزىش، لايىھىلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، سۇ ساھەسىدە كۆپ تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغان.

1984 - يىلدىن، 1990 - يىلى 12 - ئايغىچە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى بولغان. بۇ جەريانىدا ئىدارە ئېچى قۇرۇلغا نلىقتىن ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ناھىيە بازىرىنىڭ كۆيخۇاسىنى ۋە 16 يېزا - بازارنىڭ ئورگان قۇرۇلۇشلىرىنى لايىھىلەش قاتارلىق خىزمەتلەردە يول ئېچىپ ئىلگىرلەپ كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان.

ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كىشىلەر بۇ ھەقىقەتەن ئەمەلدارلىق كىبىرىسى يوق كىشى ئىكەن دەپ تەسىرلەنگەن. يولداش مەتتوختى ئابدۇراخمان كاۋاك يولدا ئىشلىگەندە بەزىدە تاماق ئۈزۈلۈپ قېلىپ ئاچ قالغاندىمۇ قىلچە ۋايسىماي، بۇ خەلق ماڭىدىغان يول، مەڭگۈلۈك يول، خەلقنىڭ قەلبىگە ياقىدىغان ئىش قىلىشتىن ئارتۇق شەرەپ بولمىسا كېرەك دېگەننى كۆڭلىگە پۈكۈپ كېچە - كۈندۈز جاپالىق ئىشلىگەن. ئۇ لاي سۇ ئىچىپ، زاغرا يەپ خەلق بىلەن بىللە تۇرۇپ ئىشلىگەنلىكتىن خەلق ئۇنى شۇنچە ياقتۇرۇپ قالغان.

يول قۇرۇلۇشىدىكى بۇ تۆھپىكار — 1985 - يىلى ۋە 1986 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا، 1988 - يىلى، 1990 - يىلى، 1993 - يىلى ئۇدا ئۈچ يىل ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا، 1991 - يىلى خوتەن ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشكەن.

ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئەگرى - بۈگرى توپىلىق يوللار ھازىر كۆمۈشتەك يالتىراپ تۇرىدىغان ماي يولغا ئايلاندى. كەلگۈسىدىكى مەھەللە كوچىلىرىنىڭ شۇنداق بولۇشىنى بۇ تارىخنى ئوقۇغان ھەر قانداق كىشى تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ.

ھىيە مەركىزىدىن قاراساي يېزىسى ۋە 47 - تۇەن-
گىچە بولغان 36 كىلومېتر تۇپا يول قايتىدىن ئۆل-
چەملىك ياساپ چىقىپ، تاش يېيىتىپ 1986 - يىلى
قاراماي ياتقۇزۇپ پۈتكۈزۈلگەن.

1989 - يىلى قاراقاش ناھىيە مەركىزىدىن،
ئاقساراي يېزىسىغا بارىدىغان سەككىز كىلومېتر
يول، جاھانباغ يېزىسىغا بارىدىغان 10 كىلومېتر
يول، ساياباغ يېزىسىغا بارىدىغان توققۇز كىلومېتر
يول، جەمئىي 27 كىلومېتر يول قاراماي يولى قى-
لىپ ياساپ چىقىلغان.

1990 - يىلدىن 1993 - يىلغا قەدەر بولغان
ئۈچ يىل ئىچىدە تۈۋەت يېزىسىدىن كاۋاك يېزىسىغا
بارىدىغان 48 كىلومېتر يول ۋە پۈتكۈل كاۋاك يې-
زىسىنىڭ يوللىرى، 16 يېزىغا بارىدىغان بارلىق
يوللار ئۆلچەملەشتۈرۈلۈپ قاراماي ياتقۇزۇلۇپ، نا-
ھىيىنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلق-
نىڭ يول يۈرۈش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشتا غايەت
زور تۆھپە يارىتىلدى. ناھىيە دائىرىسىدىكى 187
كىلومېتر قاراماي يولنى ياساشتا يولداش مەت-
توختى ئابدۇراخمان باشتىن - ئاخىر قوماندانلىق
قىلدى، ئۇ ھاۋانىڭ قاتتىق ئىسسىپ كەتكەن كۈنلى-
رى، ياكى قىشنىڭ زىمىستان سوغۇق كۈنلىرى بول-
مىسۇن ئىش ئورنىدىن ئايرىلمىدى. ئۇنىڭ يۈز قول-
لىرى تۇپا، كىيىملىرى قاراماي يۇقۇندىلىرى بىلەن
بۇلغانغان ھالەتتە ئىشچىلار بىلەن تىنىم تاپماي

قاراقاشنىڭ تانايي بىبشى گۆزە يول ئېغىزى (ھازىرقى ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىنىڭ ئورنى)دا قاراقاش بويىچە تۇنجى ھېيتگاھ جامەسىنى بەرپا قىلغان. 19-ئەسىرنىڭ 60- يىللىرى قاراقاشلىق ئەمەت ھاجىم ئىنتىقادچى ئامىمىنىڭ ياردىمى بىلەن قاراقاش ھېيتگاھ جامەسىنى كېڭەيتىپ رېمونت قىلىپ، جامە ئىچىگە مىيت نامىزى ئوقۇش مەيدانى، جەسەت يۇيۇش، مۇھاپىزەت قىلىش ئۆيلىرىنى سېلىپ. جامەنىڭ ئۇزۇنلۇقى 110 مېتر، توغرىسى 25 مېتر كېلىدىغان، بەش مىڭ جاماەت ئازادە سىغىدىغان ئون مو (2750 كۋادرات مېتر)غا كېڭەيتكەن.جامەنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى قەشقەر ھېيتگاھ جامە قۇرۇلۇشىغا تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، ياغاچلىرى خىل، ئۈستى جۈپ ۋاسىلىق، ئوتتۇرا توسانجىسى ياغاچ توقۇلما دەرەۋزۇن، تام، تاقىنىڭ ھولى پىششىق خىشتىن قوپۇرۇلغان، ياغاچ ۋە تاملىرىغا نەپىس ئويما نەقىشلەر چېكىلىپ سىر بېرىلگەن. بۇ جامە ئەينى دەۋردىكى قاراقاشنىڭ بىردىنبىر كاتتا دىنىي پائالىيەت سورۇنى بولۇپ كۈندىلىك بەش ۋاخ نامازدىن باشقا جۈمە، روزا ھېيت، قۇربان ھېيت نامازلىرى ئوقۇلاتتى.

1968- يىلى 8- ئايدا مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئىچكى مالىمانچىلىقىدا ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى كەنتلەرنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتلىرى كىچىدە جامە قۇرۇلۇشىنى يىقىپ كەتكەن. شۇ چاغدىكى ناھىيىنىڭ

# قارا قاش ھېيتگاھ جامەسى

**توختى مۇھەممەت نۇر مۇھەممەت**

بەزى تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا قاراقاش ھېيتگاھ جامەسى 200 يىل بۇرۇن سېلىنىپ، 90 يىل ئىلگىرى كېڭەيتىپ رېمونت قىلىنىغان دەپ قەيت قىلىنىدۇ، جامەنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى توغرىسىدا ھەقىقىي تارىخىي پاكىتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن قاراقاشنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ھىجرىيىنىڭ 1205- يىلى (مىلادىيە 1790- يىللىرى) قاراقاشتا باغدات، سەمەرقەنتنىكى نۇسقىلار ئاساسىدا مەدرىس، مەسچىت، خانىقا، مازار، گۈمبەزلەر ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، مەھكىمە شەرئىينىڭ مەسئۇلى قازى كالان، شەرىئەتنى ئىجرا قىلىدىغان قازى رەئىس ھەمدە موپتى، ئىمام، خاتىپ قاتارلىق خادىملار قويۇلغان. شۇ دەۋرلەردە قارا قاشلىق ئۇشتۇر خەلپىمۇ ئۆز مەبلىغىگە تايىنىپ

يىلى 8- ئاينىڭ 7- كۈنى قاراقاش ھېيتگاھ جامە-
سىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا تەستىق چۈشۈر-
گەن، ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى
مۇزاكىرە قىلىپ، جامە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن توققۇز
مو 13 پۇڭ (ئالتە مىڭ 84 كۋادرات مېتىر) كۆلەمدە
يەر ئاجرىتىپ بېرىش، قۇرۇلۇش ئورنىدىكى 13 ئائى-
لىنى كۆچۈرۈپ ئۇلارغا ئولتۇراق زېمىن كۆرسىتىپ
بېرىش، جامەنىڭ زايا بولغان ياغاچ تاشلىرىغا
ئورۇنلار ھەق قايتۇرماسلىق، جامە ئورنى ئۈچۈن
ئىشلەتكەن يەرگە ھەق تاپشۇرماسلىق قاتارلىق كونكرېت
ئىشلار قارار قىلىندى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى
يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى 1986- يىلى 9- ئاينىڭ
29- كۈنى 4- نومۇرلۇق ھۆججەت تارقىتىپ، يۇقى-
رىدىكى قارار بويىچە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ئاڭلىق
ئەمەل قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ھەمدە ناھىيە بازىرى-
نىڭ شەرقىي - شىمالىي تەرىپىدىكى يېپ بازىرى
كوچا ئېغىزىدىن يەر ئورنى كۆرسىتىپ بېرىلدى.
17 كىشىدىن تەركىب تاپقان يېڭى ھېيتگاھ جامە
قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.
ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، ناھىيىلىك شە-
ھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى، ئىنژېنېر
مۇھەممەت نىياز تۇرسۇن كۈننى تۈنگە ئۇلاپ جامە
قۇرۇلۇشىنىڭ لايىھە خەرىتىسىنى خالىس
ئىشلەپ چىقتى ۋە باش نازارەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئال-
دى، 1987- يىلى 2- ئاينىڭ 1- كۈنى قاراقاش

ئومۇمىي خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىنىۋاتقان ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللىرىدىن سىياسىي كومىسسار سەي رۇچى قوراللىق بۆلۈمىنىڭ كادىرلىرىنى نەق مەيدانغا باشلاپ بېرىپ، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ كاتتىباشلىرىنى تەنقىدلەپ، جامەنىڭ ياغاچ تاشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، جامەنىڭ ئورنىغا يىغدۇرۇپ قويغان، ئەمما مەخسۇس قارايدىغان ئادەم قويۇلمىغاچقا بىر قىسىم ياغاچ تاشلار يەنە زايا بولۇپ كېتىپ، بىر بۆلۈكىنى ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى تاپشۇرۇۋالغان، ئىسپاتلىنىشىچە، جامەنىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادىي قىممىتى 253 مىڭ يۈەن ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، 19 مىڭ يۈەندىن كۆپرەكى قالايمىقانچىلىقتا ۋەيران بولۇپ كەتكەن.

پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنلا ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، نورمال دىنىي پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن گوۋۇيۈەن ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆججىتىگە ئاساسەن قاراقاش ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى، سىياسىي كېڭەش، مىللىي دىنىي ئىشلار ئىدارىسى بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، قاراقاش ھېيتگاھ جامەسىنىڭ تارىخىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ ۋىلايەتكە يوللىغان، ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى 1986-

بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى بىلەن ئالتە تۇرلۇك
ڨانۇنىي دەگۋار تۈزۈپ، شىركەت دىرېكتورى تۇر
قاسىمنىڭ يەر قاتلىمى قاتارلىقلارنى ئىنچىكە ھې-
سابلىشىشى بىلەن ئابلىزخاننىڭ بىر ئەترەت تېخنىك
ئىشچىلارنى باشلاپ كېلىپ جاپالىق ئىشلىشى نەتىجى-
سىدە جامەنىڭ كۆلتاجىسى سۈپىتىدە ھەيۋەتلىك چوڭ
دەرۋازا قۇرۇلۇشى پىلانىدىكىدىنمۇ ئاشۇرۇپ ئىشلەن-
دى، ئەپسۇسلىنارلىقى قۇرۇلۇش ئىشچىسى تۇرسۇن
ئاخۇن قۇرۇلۇش تاماملانغانىدا ئىش ئورنىدا ھادى-
سىگە ئۇچراپ بەختىگە قارشى ڨازا قىلدى.

جامە قۇرۇلۇشى غەربتىن شەرققە قارىتىپ ئىش-
لەنگەن بولۇپ، شىمالىي تەرىپىدە ئۈچ چوڭ دەرۋازا،
جەنۇبىي تەرىپىدە يان ئىشىك قويۇلغان، پىيادىلار،
قاتناش ۋاسىتىلىرى ماڭىدىغان دەرۋازىلاردىن باشقا
ئادەتتىكى كۈنلەردە چوڭ دەرۋازا تاقاغلىق تۇرىدۇ.
جامە ئالدىدا ئىككى قەۋەتلىك 73 ئېغىز دۇكان ئۆي-
لىرى بولۇپ، دۇكان ئىجارىسى بىلەن جامائەتلەرنىڭ
كۈندىلىك ئىشلەتكەن توك، سۇ راسخوتى تاپشۇرۇلى-
دۇ، جامەنىڭ ئىچىدە ئۇزۇنلۇقى 60 مېتر، كەڭلىكى
36 مېتر كېلىدىغان 3 مو 6 لى كۆلەمدە ئىچكى —
تاشقى، يان ۋە ئۇدۇلدىكى خانىقا، مېھراپ، مۇنبەر-
نىڭ ھەممىسىگە ئېلېكتىر ئەسلىھەلىرى ئورنىتىلىپ،
خاتىپ، ئىمامنىڭ تەپسىر، خۇتبە ئوقۇيدىغان مۇن-
بەردە سىمسىز مىكرافون ئىشلىتىلىدۇ. مېھراپتىن كايە-
ۋانغىچە كۆن نۇر چىرىقى ئارتىلغان، تام بويلاپ

ئاھىيىلىك 2- يېزىنىڭ سانائەت ئىدارىسى قۇرۇلۇش
كوپراتىپىنىڭ مەسئۇلى مەمتىمىن قاسىم (ھاجىم)
بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە ئىشلەش پىلانلانغان ئىككى
مىڭ 35 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش توختىمى تۈزۈلدى.
قۇرۇلۇش لايىھىسى باشتىن - ئاخىر خىش - بېتون
قۇرۇلما بىلەن ئىشلىنىپ، ئوت، سۇ، يەر تەۋرەش
قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىـ
غان قىلىپ پىلانلاندى، قۇرۇلۇش ئورنىنى كۆتۈـ
رۈش، ھولىنى كولاش ئىشلىرىغا 3000 دىن ئارتۇق
ئادەم-خالىسانە ئەمگەككە قاتناشتى، 97 ئاپتوموبىل،
تراكتور، ھارۋىدا تۆت مىڭ 780 كۇب مېتىر توپا
يۆتكەپ كېلىندى، يەتتە مىڭ 741 يۈەن قىممىتىدىـ
كى تاش، شېغىل، ياغاچ، تۆمۈر قاتارلىق ماددىي
بۇيۇملار ئىئانە قىلىنىپ، ئەمگەك كۈچى، تۇشۇش
ھەققى بولۇپ 28 مىڭ 866 يۈەندىن ئارتۇق ياردەم
قىلىندى، ئۇنىڭدىن باشقا قۇرۇلۇش ئىشلىنىۋاتقان
تۆت يىلدا ناھىيە بويىچە سۇ يولىغا قۇربانلىق قويـ
نىڭ تېرە، ئۈچەيلىرىنى جامە قۇرۇلۇش رەھبەرلىك
گۇرۇپپىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىلدى، پېشقەدەم ئۆلىما
ئەخمەت ئاخۇن داموللاجىم قۇرۇلۇش باشلىنىپ
ئاياغلاشقانغا قەدەر ئىش ئورنىدا يېتىپ - قوپۇپ،
ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي قۇرۇلۇش پىلانىنىڭ
ۋاقتىدا، سۈپەتلىك لايىھىدە ئورۇنلىنىشىغا يېتەكچىلىك
قىلدى. جامەنىڭ چوڭ دەرۋازىسى قۇرۇلۇشى مۇرەككە-
كەپ بولغانلىقتىن قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيىلىك

ئېغىزلىرىغا پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي، مىللىي سىياسەت، قائىدە - نىزاملىرى ئەينەك رامكىلارغا ئېلىنىپ چىرايلىق ئېسىلغان، قۇرۇلۇش، مۈلۈكلەرگە 731 مىڭ 863 يۈەن 61 فۇڭ مەبلەغ سەرپ قىلىنىپ جامە يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، تەكرار قېتىملىق ئەگرى - توقاي توسالغۇلار ئىچىدە كىچىككىنىلىكتىن چوڭىيىپ، 43 مىڭ 328 يۈەن قىممىتىدىكى 55 تۈر- لۈك مۇقىم مۈلۈككە ئىگە مۇكەممەل دىنىي پائالى- يەت سورۇنىغا ئايلانغان، ۋىلايەتلىك پارتكوم بىر- لىكسەپ بۆلۈمى، مىللىي دىنىي ئىشلار باشقارمىسى- نىڭ «بەشتە ياخشى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ» ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مىللىي دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ «بەشتە ياخشى مەسچىت» ناھىيىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى- نىڭ «مەدەنىيەتلىك مەسچىت» دېگەن شەرەپلىك نامى- غا ئېرىشكەن، ھىجرىيىنىڭ 1409، 1410 - يىلان يىلى ماھى جامادىيەل ئاخىرىنىڭ 23 - كۈنى چارشەنبە (مىلادىيە 1989 - يىلى 22 - نويابىر) بىرىنچى باس- قۇچلۇق جامە قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈش مۇناسىۋىتى بىلەن ئون مىڭدىن ئارتۇق ئەر - ئايال جامائەت قاتناشقان تەبرىكلەش مۇراسىمى جامە مەيدانىدا تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى، ئىككىنچى باسقۇچلۇق قۇ- رۇلۇش چىقىمى ئۈچۈن ئەرلەر نەق پۇل، ئاياللار قول، قۇلاقلىرىدىكى قىممەت باھالىق زىننەت بۇ- يۇملىرىنى تەبرىكلەش مەيدانىدا تەقدىم قىلدى.

ئويۇق، تەكچىلەرگە گەجدىن نەقىشلەپ ئىشلەنگەن. سېمونت تۈۋرۈكلەر ئارقىلىق تۆشۈكلۈك بېتون تاختايدا ئۈستى يېپىلىپ رەڭدار نەقىشلەر چېكىلگەن، مېيىتنامىزى ئوقۇش. قاتناش ۋاسىتىلىرى توختىتىش ئۈچۈن 1 مىڭ 965 كۋادرات مېتىرلىق ئاسپالت مەيدانغا ئارىلاپ گۈل ئېتىزلىرى ياسىلىپ، ھەر خىل گۈل - گىياھ، زىننەت دەرەخلىرى ئەھيا قىلىنغان. ئەر - ئاياللار ئۈچۈن ئايرىم - ئايرىم ھاجەتخانا، ئىسسىنجا، تارەتخانا ئۈچۈن 146 دانە جۈمەك ئورنىتىلغان، تۆت تونىلىقتىن ئىككى پار قازىنى قۇراشتۇرۇلۇپ، قىش كۈنلىرى تاھارەت ئېلىش، مۇنچىغا چۈشۈشنى ئاسانلاشتۇرۇپ، كېچە كۈندۈز ۋودوپىروۋود سۈيى ئۈزۈلمەي، جامائەتلەرنىڭ پاك تاھارەت بىلەن ئىستىقامەت قىلىشىغا قولايلىق شارائىت يارىتىلغان. جەسەت يۇيۇش يۆتكىمە تەڭنە، تاۋۇت ئەسلىھەلىرى تەقلەپ قويۇلغان. جامە ئۆز راسخوتىغا جىپ ماشىنا، قول تراكتورى سېتىۋالغاندىن باشقا ئالدىن بېيىغان ئېتىقادچى ئاممىمىز مىنىبۇس ماشىنا ئىئانە قىلىپ، ئۆلۈم - يېتىم، دەپنە ئىشلىرىنى راۋانلاشتۇرغان. مۇھاپىزەت، پار قازىنى، تىروبا سۈيى، ئېلېكتر ئەسلىھەلىرىنى قوغداش، ئاسراش، تېخنىكىلىق باشقۇرۇشقا مەخسۇس ئادەم قويۇلغان. جامەنىڭ توك، سۇ ئىشلىرى يۈرۈشلەشتۈرۈلۈپ، ئىسكىلات، مۇھاپىزەت، ماشىنا ساقلاش ئۆيى، ئىشخانىلار پۇختا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان. كىرىش

ىنىڭ دىنىي پائالىيەت، مەدەنىيەت، سودا مەركىزى
بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن غەربىي ئاسىيا، ئاف-
رىقا قاتارلىق بىر قانچە ئىسلام ئەللىرىدىن كەل-
گەن ئەزىز مېھمانلار، دۆلەت ئىچىدىكى تارىخچىلار،
تاۋابچىلار، گۈزەل سەنئەتچىلەر، چەت، يىراق يېزا-
قىشلاقلاردىن كەلگەن زىيارەتچىلەرنىڭ سۆيۈنىدى-
غان سەيلىگاھى بولماقتا. كىنو، تېلېۋىزىيە فىلىم-
لىرىدە كۆرۈنۈشكە ئېلىنماقتا.

چوڭ دەرۋازىغا ئالتۇن، كۈمۈش ھەل بىلەن
ئويۇلغان ئايەت شېرىپ، نەقىشلار. ئىسلامىيەتنىڭ
بۈيۈك سىمۋولى بولغان يېرىم ئاي شەكلى يۇلتۇز-
لار كۆز چاقنىتىپ، تاقى مېھراپ ئۈستىدە جۇلالى-
نىپ تۇرغان مۇنار، گۈمبەز، قۇببىلار ئۇيغۇر مېمار
چىلىق سەنئىتىنىڭ نەمۇنىسىنى نامايەن قىلماقتا.

سۆيۈملۈك ئانا دىيارىمىزدا قەد كۆتۈرگەن
قاراقاش ھېيتگاھ جامەسى ئىخلاسمەن قاراقاش
خەلقى ئۆزىنىڭ زېھنى قۇۋۋىتىنى بېغىشلاپ، مەبلەغ،
ئەمگەك كۈچى چىقىرىپ ساۋابلىق يولىدا سىڭدۈر-
گەن ئەمگىكى، ھالال ۋەجى بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىپ،
بۈگۈنكىلەر ئۈچۈن پەخرى غۇرۇر، كېيىنكىلەر
ئۈچۈن ئۆچمەس ئابىدە تىكلەپ بەردى.

جامە باشقۇرۇش رەھبەرلىك ئاپپاراتى تەسىس قىلىن-
مىغان، ناھىيىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەتى ئەخمەت ئاخۇن داموللا ھاجىم جامەنىڭ خاتىپلىقىغا تەيىنلەندى.

ھېيتگاھ جامەسى، ئەرەب، پارس تىلىدا «ھېيتتا جەم بولىدىغان سورۇن» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. دېمىسىمۇ ھېيت - ئايەم كۈنلىرى ھېيتگاھ جامەسى ئۈستىدە سۇبھىدىن باشلاپ ياڭرىغان يېقىملىق ناغرا - سۇناي ساداسى قاراقاش ئاسمىنىنى لەرزىگە كەلتۈرىدۇ. مىڭلىغان ئەر مۇسۇلمانلار پاك تاھارەتى بىلەن ھېيت نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن جامەگە قاراپ سەلدەك ئاقىدۇ. ھېيت نامىزىدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن جامەنىڭ ئىچى - تېشى، يول، رەستىلەر يارىشىملىق ئايەم كىيىملىرىنى كىيگەن مۇسۇلمانلار بىلەن ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ. قايناق مەنزىرىدىن مۇھەببەت سۇمبا تىلىقتا. كىشىلەر قەلبى بەخت، شادلىققا چۆمىدۇ، يىللار، دەۋرلەردىن بۇيان توقلۇق، كۆڭۈل ئارامى ۋەزىيەتنى ئارزۇلاپ ئارمانىغا يەتكەن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ چېھرىدىن ھۇزۇر زامانىغا قايىللىق تۇيغۇسى ئەكس ئېتىدۇ.

قاراقاش ھېيتگاھ جامەسى قاراقاش خەلقى-

يىلنامىلەردىن بۇ مەسچىتنىڭ بۇندىن 66 يىل
ئىلگىرى سېلىنغانلىقىنى، شۇ چاغدىكى ئاتا - بوۋى-
لارنىڭ گۈزەل سەنئەت ئىقتىدارىنى كۆرگەندەك
بولدۇم ۋە سەنئەت گۈزەللىكىدىن ھوزۇرلاندىم.
مەسچىت بىناسى ۋە مەسچىت ئىچىگە بېكىتىلگەن
تۆت تۈۋرۈكنىڭ نەقىشلىك بوغۇملىرى ئارىلىقىدى-
كى قىر بەلگىلىرىگە مېھراپ شەكلىدە ئويۇلغان نە-
قىشلەر كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپلا قالماستىن،
تۈۋرۈكلەرنىڭ بىر قېلىپتىن چىققاندەك ئوخشاشلى-
قىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. مەسچىتنىڭ تو-
رۇسلىرى ۋە ياسىيان، كەۋزە، پەرماللىرىغا گىئو-
مېتىرىيىلىك شەكىللەر ئاساسىدا ئىشلەنگەن نەقىش-
لەر، سىزىلغان نەقىشلىك پەتنۇس رامكا ئىچىدىكى
رەڭلىك تەشتەك گۈلى، تەخسىگە تىزىلغان ئانار،
تاۋۇز، ھەشقىپىچەك گۈلى، گۈل - چېچەك، قۇببىلىق
ئىمارەت بېزىدىكى مەجنۇنتال دەرىخى ۋە تاملاردى-
كى كۆپتۈرمە گەج ئويمىلار ئۇيغۇر يېقىنقى زامان
گۈزەل سەنئەت ئېستېتىكىسىنى نامايان قىلىپ تۇرات-
تى. مەن بۇ كىچىككىنە كونا مەسچىتتىن ئۇيغۇر
خەلقىنىڭ بىناكارلىق، نەققاشلىق، خەتتاتلىق،
شۇنداقلا رەسساملىق سەنئىتىدىكى ئۈزلۈكسىزلا ئە-
مەس، بەلكى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ئىلگىرىكى
ئېستېتىك قىزىقىشلىرى ۋە گۈزەللىكنى سۆيىدىغان
قىزغىن روھىغا ئاپىرىن ئوقۇدۇم!

## شاخلىق مەسچىتى

### جاپپار رەھمى

ياز ئېيىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، مەن قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزىسىدىكى شاخلىق كەنتىنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ بىر كونا مەسچىتكە كۆزۈم چۈشتى. مەسچىت ناھايىتى كونا بولسىمۇ، ئۇنىڭ تۈۋرۈك، تام - تورۇسلىرىدا جۇلالىنىپ تۇرغان گۈزەل سەنئەت ئىزلىرى مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. گۈزەل سەنئەت تەۋەررۈكلىرى قانچە كونىرىغانسېرى ئۇنىڭ جەزبىدارلىقى شۇنچە ئاشىدۇ.

مەن ئاۋۋال مەسچىت سەيناسىنىڭ ئۇدۇلى ۋە سولى تەرىپىدىكى كەڭ پەرماللارغا ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ «جەللى سۇلۇس» نۇسخىسىدا يېزىلغان خەتلەرگە نەزەر سالدىم. بۇ «قۇرئان كەرىم» دىكى ئايەتلەر بولۇپ، ئىنتايىن نەپىس يېزىلغان ئىدى. ئاخىرىدىكى جايىغا كىچىك ھەرىپلەر بىلەن يېزىلغان، بىراق ئۆچۈپ كەتكەچكە ئوقۇشقا مۇمكىن بولمىدى. ھىجرىيە 1330- يىلى دېگەن ئەرەبچە رەقەم بۇ مەسچىت ۋە ھۈنەر - سەنئەتنىڭ 1926- يىلى پۈتكەنلىكىگە شاھىدلىق قىلاتتى. مەن بۇ

ئەگمە تورۇس قىلىپ يېپىلغان. تورۇسقا بۇغا، ما-رال، كەپتەر، قارلىغاچ، كاككۇك، تورغاي قاتارلىق تۈرلۈك - تۈمەن ھايۋانات ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭ رەڭلىك رەسىملىرى سىزىلغاندىن سىرت كۆۋرۈكنىڭ سالاسۇن ۋە باشقا قىسىملىرى ھەر خىل نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن ئىدى. بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈچىلەر ئۇنىڭدىكى ئاجايىپ سەنئەتلەرنى بىر ھازا تاماشا قىلماي ماڭمايتتى.

1960- يىللاردا بەھرام سۇيى ئۆستىڭى غەربكە بىر نەچچە كىلومېتر يۆتكىلىپ، زامانىۋى تاش ئۆستەڭگە ئۆزگەرتىلگەندە «گۈللۈك كۆۋرۈك» مۇ غايىب بولدى. «گۈللۈك كۆۋرۈك»تە 30- يىللار قاراقاش مىمارچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى ۋە رەسساملىق، نەققاشلىق گۈزەل سەنئىتىنىڭ يۈكسەكلىكى نامايان قىلىنغان.

1934- يىلى ماخۇسەن قوشۇنلىرى خوتەنگە بېسىپ كەلگەندىن كېيىن، ماخۇسەننىڭ قاراقاشقا ئەۋەتكەن ئادىمى تەيۇۋلەن (خۇيزۇ) نىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇ كۆۋرۈك لايىھەلىنىپ سېلىنغان. كۆۋرۈكنىڭ باش تېخنىكى تۆمۈر ئاخۇن ئاقساقال كۆۋرۈك خەرىتىسىنى ئۆزى سىزىپ تەيۇۋلەنگە ئەۋەتكەندىن كېيىن، قاراقاش ناھىيىسى بويىچە داڭلانغان ئۇستا خارەتلەرنى يىغىپ ئىش ماڭدۇرغان. نەتىجىدە بۇ كۆۋرۈك تۆمۈر ئاخۇن ئاقساقالنىڭ تېخنىكىلىق رىياسەتچىلىكىدە كىشىلەرنى تاڭ قال-

## كونا بەھرام سۇيى ئۆستىڭىدىكى «گۈللۈك كۆۋرۈك» توغرىسىدا

### جاپپار رەھىمى

ھازىرقى بەھرام سۇيى ئۆستىڭى 1960- يىللارغىچە بۈگۈنكى قاراقاش ناھىيە بازىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان كىچىك ئۆستەڭنىڭ ئورنىدىن ئەگرى- بۈگرى ئېقىپ ھاسىل قىلىپ ئاقاتتى. بۇ ئۆستەڭنىڭ تاشقى سوۋدا ئىدارىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى قىسمىدا بىر كۆۋرۈكى بولۇپ، ئۇنى كىشىلەر «گۈللۈك كۆۋرۈك» دەپ ئاتىشاتتى.

«گۈللۈك كۆۋرۈك» شۇ زاماندىكى قاراقاش ناھىيىسىگە نىسبەتەن ئالاھىدە، ئۆزگىچە شەكىلدە ئىشلەنگەن كۆۋرۈك بولۇپ، كىشىلەرنى ئۆزگىچە جەلپ قىلىشتىكى ئالاھىدە قۇرۇلۇش ھېسابلىناتتى. كۆۋرۈك ئۈچ ئۆتۈشمىگە بۆلۈنگەن. ئوتتۇرىسىدىن ئاتلىق ۋە ھارۋىلىق كىشىلەر، ئىككى ياندىكى ئۆتۈشمىدىن پىيادىلەر ماڭاتتى. ھەر بىر ئۆتۈشمىنىڭ يان سالاسۇنلىرىنى ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەن. ئۈستى قىسمى پەنەركە بىلەن كېمىر شەكىلدە

ئاخۇن ئاق ساقال 1890- يىلى قاراقاش ناھىيە با-
زىرىدا باققال ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئاز ۋاقىت
دىنىي ساۋاتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن ياغاچچىلىق
ھۈنەر سەنئىتىگە ئىشتىياق باغلاپ، داڭلىق ئۇستىلار-
نىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن. ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي مۇس-
تەقىل ھۈنەرۋەنچىلىكنى باشلاپ، ئىشىك، تۈۋرۈك،
دېرىزە ئەگمىلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئىشلىنىدىغان ياغاچ
ئويما نەقىش، كۆپتۈرمە نەقىش، چاپلىما نەقىش،
ئەنكاپلاش قاتارلىق ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ
ئىنچىكە مەشغۇلاتلىرىنى ئىگىلەپ، پۈتۈن ناھىيە تە-
ۋەسىدە داڭلىق بىناكارلىق ئۇستىسى بولۇپ تونۇل-
غان. ئۇ ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ
تۈتكۈل مەشغۇلاتلىرىدا قوللىنىدىغان - پۈتكۈل
سەنئەتلىك ھۈنىرىنى ئۆگىنىشتىن تاشقىرى قاراقاش-
نىڭ ئەينى دەۋردىكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى قورۇ-
لۇشى، جامە، ئۆستەڭ، دەريا كۆۋرۈكلىرى، زىننەتلىك
ئايۋان - سارايلارنى بىنا قىلىشتا پۈتۈن ناھىيە بو-
يىچە ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان ئۇستا يوق ئىدى.
شۇڭا ئۇ ناھىيە تەۋەسىدىكى ياغاچچى ئۇستىلارنىڭ ئاق
ساقىلى دېگەن نامغا ئىگە بولغان.

1934- يىلى ئۇ «گۈللۈك كۆۋرۈك» نى ئىشلەپ
پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئۇنىڭ نامى تېخىمۇ زور ھۆر-
مەتكە ئېرىشتى. 1940- يىلى قاراقاش دەرياسىنىڭ
ياغاچ كۆۋرۈكىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك پۈتكۈزۈشكە رىيا-
سەتچىلىك قىلىپ ئۇنىڭ نامى تېخىمۇ مەشھۇر بولدى.
1955- يىلى قاراقاش ناھىيىلىك دەلق بانكىسىنىڭ

دۇرىدىغان دەرىجىدە سۈپەتلىك پۈتكەن.

كۆۋرۈكنىڭ تورۇسلىرىغا ۋە سالاسۇنلىرىغا ئىشلەنگەن رەسىم، نەقىشلەرنى خوتەننىڭ سېپىل يا قىسى توزغاق بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر ئۇيغۇر رەسسام ئىشلىگەن. (بۇ رەسسامنىڭ ئىسمىنى ھازىرغىچە ئېنىقلاش مۇمكىن بولمىدى) بۇ رەسسام مەنگۇ يىللىرىدا خوتەندە سېلىنغان بۇتخانىلارغا رەسىم سىزىش ۋە ھەيكەل ئىشلەش بىلەن داڭلانغان. ئۇ شۇ چاغدا ئۇرۇمچىگە تەكلىپ قىلىنىپ، ئۇرۇمچىدىكى بۇتخانا، ئىمارەتلەرنىڭ رەسىم، نەقىشلىرىنىمۇ ئىشلەپ بەرگەن.

رەسىم سىزىش گۇناھ ھېسابلانغان شۇ دەۋردە ئۇنىڭ گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى كىشىلەر قەلبىدە زوقلىنىش تۇيغۇسى پەيدا قىلغان بولسىمۇ ئۇنىڭ نام شەرىپىنى ئېغىزغا ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. لېكىن، ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسەرلەر مەسچىت، ئىبادەتخانا، كۆۋرۈك ۋە ئېسىل ئۆي ئىمارەتلەردە جۇلالىنىپ، بەدىئىي دىتقا ئىگە گۈزەل سەنئەت ئىشقىۋازلىرىنىڭ قەلبىي دىۋارلىرىغا ئويۇلدى.

## داڭلىق بىناكارلىق ئۇستىسى تۆمۈر ئاخۇن ئاقساقال.

جاپپار رەھىمى

داڭلىق خارەت، بىناكارلىق ئۇستىسى – تۆمۈر-

ئەزاسى، ناھىيىلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدادىسىنىڭ باشلىقى، كومپارتىيە ئەزاسى مۇھەممەت نىياز تۇرسۇن قاراقاش ناھىيىلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان ياش ئىنژېنېر. ئۇ ھازىرقى زامان قاراقاش تارىخىدا ئەۋلادلار ئەبەدىي ئۇنتۇمىغۇدەك ياد نامىلارنى قالدۇردى.

مۇھەممەتنىياز تۇرسۇن 1951- يىلى قاراقاش ناھىيە قاراقاش بازارلىق ئاراباغ كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1957- يىلدىن 1964- يىلىغىچە ئاتباش باشلانغۇچ مەكتىپى ۋە قاراقاش 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1964- يىلدىن 1967- يىلىغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. 1967- يىلدىن 1979- يىلىغىچە قاراقاش بازىرى، ئۈرۈمچى يېزىلىرىدا يېزا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1979- يىلى ناھىيىلىك پىلان كومىتېتىغا يۆتكىلىپ ئىلگىرى ئاخىر بولۇپ، ئۈرۈمچى بىناكارلىق مەكتىپى، خوتەن قۇرۇلۇش لايىھەلەش ئورۇنلىرىدا ئىككى يىل بىلىم ئالغان. ھازىر قۇرۇلۇش لايىھەلەش ئىنژېنېرى، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىدارە باشلىقى بولۇپ ئىشلىمەكتە. مەتنىياز تۇرسۇن خىزمەتكە قاتنىشقان 26 يىل مابەينىدە خەنزۇ تىلى ۋە باشقا بىلىملەرنى پىششىق ئىگىلىگەندىن باشقا ئۆزى قىزىقىپ كەلگەن ئۆلچەش سىزىش كەسپىدە زەپەر قۇچۇپ ئانا يۇرتى ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى. ئۇ يېزا ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تارمىقى بولغان بىناكارلىق ئىقتى-

قۇرۇلۇشنى تەلەپكە لايىق ئىشلەپ پارتىيە ۋە خەلق-نىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش ھازىرمۇ باش-قا ئىش ئورنى قىلىنىپ ئىشلىتىلمەكتە.

قاراقاش دەرياسىنىڭ ياغاچ كۆۋرۈكىنى بۇزۇپ، زامانىۋى كۆۋرۈك قۇرۇلۇشنى ئىشلەشكە كەلگەن بىر تۈركۈم خەنزۇ ئىنژېنېر - تېخنىكلار كۆۋرۈكنى بۇزۇش جەريانىدا ياغاچ كۆۋرۈكنىڭ يەر ئاستى قىسمىغا قوللانغان تېخنىكىلىق ئۇسۇللارنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشقان ۋە بۇ كۆۋرۈكنى ئىشلىگەن تېخنىكنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورۇشتە قىلىپ، ئۇنىڭ 1968- يىلى يوقىلاڭ بەتنامىلار بىلەن سۇيىقەستچىلەر تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئىش توختىتىپ باش كىيىمىنى ئېلىپ تۆمۈرئاخۇن ئاق ساقالغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرۈشكەن.

تۆمۈرئاخۇن ئاق ساقال ئۆز ھاياتىدا قاراقاشنىڭ بىناكارلىق تەرەققىياتى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆي - جاي قۇرۇلۇش تەرەققىياتىغا ئۇنتۇلماس تۆھپە قوشۇپ، خەلقنىڭ قەلبىدىن ئۆچمەس ئورۇن ئالدى. ئۇنىڭ نامى تارىختىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

## قاراقاشنىڭ بىناكارلىق تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقان ياش ئىنژېنېر مۇھەممەتنىياز تۇرسۇن

توختىسمۇھەممەت نۇرمەھەممەت

قاراقاش ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ

يى دەرس ئۆتۈش، سۈپەت ۋە چىداملىق بولۇش تەلىپىگە كاپالەتلىك قىلىش، پۈتكۈل قۇرۇلۇشلارنى دۆلەت ئۆلچىمىگە لايىقلاشتۇرۇپ، ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە قەدەر تېخنىكىلىق ئۆتكەلنى چىڭ تۇتۇپ، قۇرۇلۇش ئورنىغا دائىم بېرىپ نازارەت قىلىپ، تۈر، بۆلەكلەر بويىچە بەش قېتىمدىن ئارتۇق نەق مەيدان باھالاپ-سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، لايىقلاشقانلىرىنى تەكشۈرۈپ - تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۆلچەمگە توشمىغانلىرىنى قايتا ئىشلەتكۈزۈپ، مۇكاپات - جازانى نەخلەشتۈرۈپ، تېخنىك ئۆتكەلنى چىڭ ئىگىلەپ دۆلەت ئۆلچىمىگە يەتكۈزدى، ئۇ، 1985-، 1986- يىللىرى مائارىپنىڭ 17 ئورۇندىكى خەتەرلىك قۇرۇلۇشلىرىنى يېڭىلاپ ئىشلەش خىراجىتىنى ھەقسىز لايىھەلەپ، خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن 21 مىڭ 300 يۈەن چىقىمىنى تېجەپ بەرگەن.

ئىگىلىنىشىچە، ئۇ، خىراجەتلەرنى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا لايىھىلىگەن بولۇپ، قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بېرىلىدىغان 30 پىرسەنت (3 مىڭ - 600 يۈەن) سىمىنا قوشۇپ بېرىش ھەققىنىمۇ ئالمىغان، 1989- يىلى ناھىيە بويىچە 48 مەكتەپنىڭ 17 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق ئۈچ يېرىم مىليون يۈەن قىممىتىدىكى قۇرۇلۇش خىراجەتلىرىنى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىككى خىل يېزىقتا چۈشەندۈرۈش يېزىپ لايىھەلەپ چىققان، ئۇ، ئۆلچەم بويىچە مائارىپ ئىدارىسى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك

سادشۇناسلىقىنىڭ چەكسىز، چوڭقۇرىغىچە تەجرىبە،
تەتقىق قىلىنىشقا كىرىشتى. دائىرىسى كەڭ، ئاھالىسى
كۆپ بىر ناھىيىنىڭ قۇرۇلۇشلىرىنى ماتېماتىكا،
گېئومېتىر بىيىلىك ھېساب، فىزىكىلىق ئانالىز، خىمىيىۋى-
لىك تەجرىبىلەر بىلەن پىلانلاش، ئۆلچەش، لايىھى-
لەش ۋەزىپىسىنى تارىخى يوسۇندا زىممىسىگە ئالغان
ئۇ، كۈچلۈك دەۋر ھېسسىياتى، روشەن مىللىي ئۇس-
لۇپ ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە، قەۋەتلىك، نا-
زۇك، مۇرەككەپ، زامانىۋى يېڭى پاسونلىكى قۇ-
رۇلۇشلارنى كۆڭۈل قويۇپ لايىھىلەپ، ناھىيە مەركى-
زىدىن يېزىلارغىچە دولقۇنسىمان مۇزىكا رىتىمىدەك
كۆركەم بىنالار قەد كۆتۈرۈپ، قاراقاش خەلقىنىڭ ھا-
ياتلىق - ماكانى بولغان بۇ كەڭ زېمىنغا جىلۋىدار
ھۆسن قوشقان، ناھىيە بويىچە مائارىپ سىستېمىسى-
دىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك
قۇرۇلۇشلىرىنى ئۆزگەرتىش، يېڭىلاپ سېلىش جەريا-
نىدا قىش - ياز، كۈن - تۈن دېمەي تىنىمسىز خالىس
تۆھپە قوشۇش روھى بىلەن ئوخشىمىغان ئۆلچەم،
ئوخشىمىغان ئۇسلۇبتىكى دەرسخانا، تەجرىبىخا-
نا، ئىشخانا، ياتاق قاتارلىق 66 مەكتەپنىڭ 25 مىڭ
كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق قۇرۇلۇشىنى كۆزدىن
كۆچۈرۈش، خەرىتىسىنى ئىشلەش، خام چوتىنى تۈ-
زەش، قۇرۇلۇش ئىشلىگۈچىلەرنى تەشكىللەپ ئورۇن-
لاشتۇرۇش، دىڭۋارلاشقۇچى ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى-
گە دوسكا ئالدىدا تۇرۇپ، ئىككى خىل تىلدا كۆنىبو-

قىلغاندا مۇھەممەت نىياز تۇرسۇن ئۇنىڭغا خەرىتە لايىھىلەپ بېرىپ 2 مىڭ يۈەن ھەققىنى كەچۈرۈم قىلدى.

ئۇ، قۇرۇلۇش ھۆددە ئالغۇچى كارخانىلارنىڭ مەسئۇللىرى، تېخنىك ئىشچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى، سىياسىي تەربىيىنى كۈچەيتىپ، خەنزۇ تېخنىك ئىشچىلارنىڭ چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقىگە ياردەم بېرىشتە ئالدى بىلەن پەن - تېخنىكا، مائارىپتىن باشلاش، ئۇيغۇر تېخنىك ئىشچىلار ئۆز يۇرت، ئەۋلادلىرىنىڭ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى ئۈچۈن مەبلەغ ۋە ئەقىل ياردەم قىلىشى توغرىسىدىكى تەشۋىق - تەربىيىسى كۈچەيتىپ، ۋەزىپە، نىشانلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېتەكچى ئىدىيە ۋە كونكرېت تەدبىرلەرنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ھەر كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش باھاسىدىن 7 يۈەندىن 10 يۈەنگىچە تۆۋەنلىتىپ، ئەسلىدىكى قۇرۇلۇش پىلانىدىن 921 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش، 25 تۆمۈر دەرۋازا ئارتۇق ئىشلىنىپ، 425 مىڭ يۈەن چىقىم تېجەپ قېلىندى. ئۇ، قۇرۇلۇش باش تېخنىكا قوماندانلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، قۇرۇلۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ھەققىگە تاپشۇرىدىغان 10 مىڭ 500 يۈەندىن 7 مىڭ 500 يۈەننى مائارىپقا ياردەم قىلغان.

ئۇ، ناھىيە بويىچە 1200 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت تېخنىك ئىشچىلارنى تەشكىللەپ ۋە يېتەكلەپ، قۇرۇلۇشلارنىڭ قۇرۇلمىسى پۇختا، 50 يىلدىن ئار-

بولغان 35 مىڭ يۈەن، قۇرۇلۇش خام چوتى ئۈچۈن
ئاجرىتىلغان 10 مىڭ 500 يۈەن، ئۆزىگە تېگىشلىك
بولغان 30 پىرسەنت ھەقنىمۇ قوشۇپ كەچۈرۈم قى-
لىپ، پەقەت قەغەز، قەلەم رەڭ قاتارلىق لازىمەتلىك-
لەر ئۈچۈن ئىدارىسىگە 7 مىڭ يۈەن راسخوت كى-
رىم قىلغان. ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 مىل-
يون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان 3 مىڭ 883 كۋادرات
مېتىر كۆلەمدىكى ئۈچ قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناسىنى
ئۆزى لايىھىلەپ، ئىش ئورنىدا بىۋاسىتە يېتەكچىلىك
قىلىپ قۇرۇلۇشنى سان - سۈپەتكە لايىق بىخەتەر
پۈتكۈزۈپ، 17 مىڭ يۈەن قۇرۇلۇش لايىھىلەش ھەق-
قى ئۈچۈن 7 مىڭ يۈەن ئېلىپ 10 مىڭ يۈەنىنى
كەچۈرۈم قىلدى.

ناھىيىلىك يېتىم بالىلار پاراۋانلىق مەكتىپىنىڭ
ئۈنۋېرسال ئوقۇتۇش بىناسى، ياتاق، ئاشخانا،
ئوقۇتقۇچىلار ياتىقى، دەرۋازا، رېشاتكا، ھاجەتخانا
قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ توققۇز مىڭ يۈەنلىك خە-
رىتە لايىھىلەشكە ئۆزىنىڭ 30 پىرسەنت ھەققىنى يار-
دەم قىلغاندىن باشقا ھەر مىللەت قۇرۇلۇش تېخنىك،
ئىشچىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ يېتىم بالىلار پاراۋان-
لىق مەكتىپىگە 60 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ۋە
ماددىي ئەشيالارنى ياردەم قىلدى.

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مائارىپنى قوللاش
نەمۇنىچىسى قاسىم ئىمىن ئۆز يۇرتىغا 100 مىڭ
يۈەن خەجلەپ مەكتەپ سېلىپ بېرىش تەييارلىقىنى

ئوبيېكتىپ قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن يېڭىلاش پۇرس-
تىگە ئېرىشەلمىگەن مەكتەپلەر ئۇنىڭ ئاققۇزغان تەر-
سىڭدۈرگەن ئەجرى نەتىجىسى بىلەن يۇرت - يۇرت-
لاردا كۆركەم مەكتەپ بىنالىرى قەد كۆتۈرۈپ، ساد-
دا سەھرا بالىلىرىنىڭ قەلبى ئىلىم نۇرىدا يورۇش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىنغان، ناھىيىنىڭ ئىككى خىل
مائارىپىدا خۇشاللىنارلىق ۋەزىيەت بارلىققا كەل-
دى، پۈتۈن مائارىپ سېپىدە ئۇنىڭ ئىجادى، ئىجتى-
ھات، ئەجرى ئارقىلىق يورۇق، ئازادە دەرسخانىلار،
كەڭرى مەيدانلار، ئىشخانا، ياتاقلار ۋۇجۇدقا كېلىپ،
بۇ ياش ئىنژېنېر ئەقلىنى ئۇلۇغ ئىشقا سەرپ قى-
لىپ، خەلق قەلبىدە مەڭگۈ قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان
ئەمگەك مۇنارى ياسىدى.

تۇق چىداش ئىقتىدارى بولۇش، سۈپەتلىك، چىداملىق بولۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. ئۆز يۇرتى، چەت، نامرات ناھىيەنىڭ مائارىپ ئىشلىرى 242 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلىغىنى مائارىپقا ئۆتۈنۈپ يار - يۆلەك بولغان ۋە يار - يۆلەك بولۇشقا ئۈندىگەن.

مۇھەممەت نىياز تۇرسۇن قولدىن قىلالايدىغان، بولمىغاننى بۇزۇپ تۈزەلەيدىغان ئەمدى 43 ياشقا قەدەم قويغان ئاتاغلىق بىناكارلىق لايىھەلەش ئۇستىسى. ئۇ، گويا ئەقىللىق ئوغۇلنىڭ ئانا سۈتىنىڭ ھەق ھۆرمىتى ئۈچۈن ئانىغا چەكسىز كۆيەشلىك قىلغىنىدەك، ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا دىيارىنىڭ پەن - مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن كۆيۈپ پىشقان، خەتەرلىك كونا قۇرۇلۇشلاردا غەم ئەندىشە ئىچىدە ئوقۇ - ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمىگەن. كىشىلەرنىڭ قىممەت قارشى ۋە روھىي قىياپىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئۇ پۇلپەرەسلىككە، راھەتپەرەسلىككە، چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىكتىن ھەزەر قىلىپ، ئۆزىگە نېسىپ بولغان نېسىدىن كېچىپ، ئىككىلەنمەي مائارىپنى قوللاپ، ئەۋلادلارنى ئويلاپ، ئۆزىگە ئىلىم سىڭدۈرۈپ قاتارغا قوشقان مائارىپ ئۈچۈن، يۇرت پەرزەنتلىرىنى خاتىرجەم ئوقۇش شارائىتىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن تەقدىم قىلغان، تەبىئىي شارائىت،

مىلتىقنىڭ نەيزىسى بىلەن سانچىغانىكەن، توڭگۇز چىرقىرىغانچە قېچىپتۇ. پاۋان ھاردۇق ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇدۇل تەرەپتىن تونۇش پاۋانىلار كېلىپ، تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن:

— مىلتىقلىرىنىڭ پايىنىكى سۇنۇق تۇرىدىغۇ — دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى پاۋان بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى بايان قىلىپتۇ. ئۇنىڭ سۆزىدە «ئۇر» دېگەن سۆز كۆپ تەكرارلانغانلىقتىن، پاۋانلار بۇ يەرنى «ئۇرچى» دەپ ئاتاپتۇ. كېيىنچە بۇ يەردىن ئۆتكەن-كەچكەنلەر «ئۇرچىغا باردۇق»، «ئۇرچىدىن ئۆتتۇق» دېگەن گەپلەرنى تەكرارلىشىپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ جاينىڭ نامى كىشىلەرنىڭ تىلىغا «ئۇرچى» دەپ ئۆزلىشىپ قاپتۇ.

19- ئەسىرنىڭ 70- يىللىرىدا خوتەننىڭ باش ئەمەلدارى ھەزتۇللا پۇقرالارنى قوزغاپ، ھازىرقى زاۋا يېزىسىنىڭ غەربىي - شىمال تەرىپىدە بوز يەر ئېچىپ يۇرت بىنا قىلىپ، بۇ يۇرتنى «ئۇرچى» دەپ ئاتاپتۇ. قاراقاش ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان 1919- يىلىدىن باشلاپ 1974- يىلىغىچە «ئۇرچى» دېگەن يۇرت زاۋا يېزىسىغا تەۋە بولغان. 1975- يىلى «جىددىي ئىلگىرىلەش» (ھازىرقى زاۋا يېزىسى)، «سەكوەش» (ھازىرقى ئاقساراي يېزىسى)، «نۇرلۇق» (ھازىرقى كۇيا يېزىسى)، «1- ماي» (ھازىرقى قاراقاش بازىرى) كوممۇنىلىرى باشقۇرغان تۆت دېھقانچىلىق مەيدانى بىرلەشتۈرۈلۈپ «شەرق شا-

## كاۋاك ۋە ئۆرچى يېزىلىرىنىڭ يەر ناملىرى توغرىسىدا

م : قۇربان

### ئۆرچى دېگەن ئاتالغۇ توغرىسىدا

ئۈچ يۈز يىل بۇرۇن بۇ يەر يانتاق - قومۇشلار قاپلىغان جاڭگال ئىكەن. پاۋانلار بۇ جايغا كېلىپ ياۋايى هاۋانلارنى ئوۋلايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر پاۋان تۈلكە ئوۋلاپ كېلىۋېتىپ، ئۇشتۇمتۇت بەش - ئالتە ياۋا توڭگۇزغا ئۇچراپ قاپتۇ. توڭگۇزلار مەرگەن چىشلىرىنى پارقىرىتىپ بۇ يالغۇز ئادەمگە خىرىس قىپتۇ. پاۋان مىلتىقىغا ئوق بەتلەپ ئۆلگۈرەلمەسلىكىنى چاغلاپ يېقىن كەلگەنلىكى توڭگۇزنى مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇرۇپ، نەيزىسى بىلەن سانجىپ يېرىم سائەتچە جەڭلەشكەندىن كېيىن، يارىلانغان توڭگۇزلار قېچىپتۇ. پاۋاننىڭ مىلتىقىنىڭ پاينىكىمۇ سۇنۇپتۇ، پاۋانمۇ هېرىپتۇ. هېچ يېرى زەخىملەنمىگەن بىر توڭگۇز پاۋانغا خىرىس قىلىشتىن توختىماپتۇ. پاۋان ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋېلىپ، خورۇلداپ كەلگەن توڭگۇزنىڭ تۇمشۇقىغا

باينىڭ يىللىقچىلىرى مەغرىپ تەرەپتىن، غوجا خۇن
هاجىمنىڭ يىللىقچىلىرى مەشرىق تەرەپتىن قومۇش
ئوراپ ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئۇچرىشىپ قالىدۇ.

— سىلەر كىمدىن سوراپ بىزنىڭ قومۇشلىقى-
مىزغا كەلدىڭلار؟

— بۇ قومۇشلۇق قاچاندىن باشلاپ سىلەرنىڭ
بولۇپ قالغان؟ دېگەندەك سوئال - سوراقلارغا
ئۇلىنىپ ئىككى تەرەپ سوقۇشۇپ قالىدۇ. بارا -
بارا جېدەل ئۇلغىيىپ ئىككىلا تەرەپتىن بىر نەچچە
كىشىنىڭ كاللا - قاپاقلىرى يېرىلىپ، پۇت - قوللى-
رى سۇنىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان جامائەت:

— ئەخمەقلار، قومۇش تالىشىپمۇ سوقۇشقان
بارمۇ؟

— ئۇ يەرنىڭ قومۇشى تاتلىقمىكەن؟

— شېكەر قومۇشى ئىكەن، — دېيىشىپ، ئۇلار-
نى ئەيىبلىشىدۇ.

1958- يىلى «نۇرلۇق» گۇڭشېسى رەھبەرلىكى
2000 نەپەر دېھقاننى يۆتكەپ كىرىپ بۇ ئېگىز-
پەس قومۇشلۇقنى تۈزلەپ زىرائەت تېرىشقا تەش-
كىللىدى. 1964- يىلى بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدا
ئولتۇراقلاشقان ئائىلە 1200 گە، نوپۇس 5000 دىن
كۆپرەككە يەتتى. 19 مىڭ مو يەر باغ - بوستانلىق-
قا ئايلاندى. بۇ دېھقانچىلىق مەيدانى 1975- يىلى
«شەرق شامىلى» گۇڭشېسىغا تەۋە قىلىندى. قومۇش
جىلغىلى بولغان ھېلىقى يەر 6- گۇەنلىچۇي 4- دا-

مىلى» گۇگشېسى تەسىس قىلىندى. 1984- يىلى بۇ جاينىڭ نامى «ئۇرچى» يېزىسىغا ئۆزگەرتىلدى. ھازىر بۇ يەرنىڭ 30 مىڭ 210 مو تېرىلغۇ يېرى، 2000 مو ئوتلاق يېرى، ئېچىشقا بولىدىغان 60 مىڭ مو بوز يېرى بار. ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق بولۇپ، بۇغداي، قوناق، كېۋەز تېرىشقا، قوغۇن - تاۋۇز، ئۈزۈك - شاپتۇل، ئالما - ئانار قاتارلىق مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ. تۇپرىقى قۇمساز بولغاچقا، دەل - دەرەخلەر تېز ئۆسىدۇ. دېھقانلار مۇنبەت ئوتلاقلاردىن پايدىلىنىپ، قوي - كالىلارنى بېقىپ كۆپەيتمەكتە.

1990- يىلىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يېزىدا 123 تەبىئىي كەنت، 19 مەمۇرىي كەنت، 91 مەھەللە، 3030 ئائىلە، 13 مىڭ 618 نوپۇس بار ئىكەن.

### شىكەر قومۇش كەنتى

ئازادلىقتىن بۇرۇن ھازىرقى كۆيا يېزىسىنىڭ ئاچچىغۇي دېگەن يېرىدە مەگسۇر ئاخۇن ۋە غوجاخۇن ھاجىم ئىسىملىك ئىككى ئائىلىلىك كاتتا باي ياشايتتى. بۇلارنىڭ نەچچە مىڭلاپ قوي - ئۆشكىلىرى، ئات كالىلىرى بار ئىدى. چارۋىلىرىغا قىشلىق يەم - خەشەك توپلىۋېلىش ئۈچۈن بۇ بايلار ھەر يىلى ئۆزىنىڭ ياللىقچىلىرىنى قومۇش - ياتاق چېپىشقا ئەۋەتەتتى. 1914- يىلى كۈزدە مەگسۇر ئاخۇن

نان ئائىلە بىر مىڭ 200 گە، نوپۇس 5 مىڭدىن كۆپرەككە، تېرىلغۇ كۆلىمى 19 مىڭ موغا يەتتى. بۇ يەرلەر يىللاردىن - يىللارغا كېڭىيىپ ئاۋاتلىشىپ باغۇ - بوستانلىققا ئايلاندى. 1975 - يىلى بۇ دېھقانچىلىق مەيدانى «شەرق شامىلى» ئۈرچى يېزىسى گۇڭشېسىغا تەۋە بولدى.

قاراقاش ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1984 - يىلى 109 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن ناھىيە بويىچە يۇرت - كەنتلەرنىڭ بۇرۇنقى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

5 - گۇەنلىچۇي 2 - دادۇي دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بۇ كەنتنىڭ ئەسلىدىكى «قوشئاۋات» دېگەن نامى، يېقىنلىق ئاڭلىنىشى ئۈچۈن «خۇشئاۋات» قا ئۆزگەرتىلىپ مۇقىملاشتى.

ھازىر بۇ كەنتتە 209 ئائىلە، 957 نوپۇس، 1190 مو تېرىلغۇ يەر بار.

بىر مازارغا ئۈچ نەزەر

قاراقاش ناھىيىسىدىكى ئۈرمەڭچى يېزىسىنىڭ خۇشئاۋات كەنتىدە بىر قەدىمىي مازار بار، بۇ مازارنى بەزىلەر «قىلىچقان» يەنە بەزىلەر «قىلىچ - قالقان» دەپ ئاتايدۇ. «قىلىچقان» مۇئەممەس، «قىلىچ - قالقان» مۇئەممەس، «خىلىچخان» دەپ ئاتايدىغانلارمۇ بار. «قىلىچقان» دەپ ئاتايدىغانلار بۇ رىۋايەتنى ئاساس كەلتۈرىدۇ: ناھايىتى قەدىمىي زامانلار ئىلگىرى

دۆي بولدى. 1984- يىلى گۇڭشې يېزىغا ئۆزگەرتىلـ
گەندە پېشقەدەملەرنىڭ ئەينى چاغدىكى جېدەلنى
سۆزلەپ، تەكلىپ بېرىشىگە ئاساسەن، بۇ يەرنىڭ
نامى «شېكەر قومۇش» كەنتى دەپ مۇقىمدالدى.
ھازىر بۇ كەنتتە 220 ئائىلە، 985 نوپۇس، 1506
مو تېرىلغۇ يەر بار. بۇ يەرلەر ئۈرچى يېزىسىغا
تەۋە.

## خۇشئاۋات كەنتى

قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئۈرچى يېزىسىدا «خۇشـ
ئاۋات» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر كەنت بار.
ئەللىك يىللار بۇرۇن بۇ يەردىكى ئېگىز قۇمـ
لۇق دۆڭنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككى ئېرىق كولانـ
غان ۋە «قوشئېرىق» دەپ ئاتالغان ئىكەن. كېيىنكى
يىللىرى كىشىلەر «قوشئېرىق» ئەتراپىغا يېشىل مەنـ
زىرە پەيدا بولغىنىغا قاراپ «قوشئاۋات» دەپ
ئاتاپتۇ. ئىككى ئۈچ يىلدىن كېيىن قۇم بوران ھەم
قۇرغاقچىلىقنىڭ ھۇجۇمى بىلەن بۇ قوشئاۋات قايـ
تىدىن چۆلگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ.
1958- يىلى «نۇرلۇق» گۇڭشې (ھازىرقى كۇيا
يېزىسى) رەھبەرلىكى 2 مىڭ نەپەر دېھقاننى يۆتكەپ
كىرىپ، بۇ ئېگىزلـ پەس قۇملۇقنى تۈزلەپ ئېرىق —
ئۆستەڭ قېزىشقا، دەل – دەرەخ سېلىشقا، يەر ئېچىپ
زىرائەت تېرىشقا تەشكىللىدى. 1964- يىلىدىنىڭ
ئاخىرغىچە بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئولتۇراقلاشـ

لەتكە يەتكەن بىر تۆمۈرچى ئۇستام ياشىغان ئىكەن. خوتەن شاھى زاۋا! يېزىسىنىڭ قوغان دېگەن يېرىگە لەشكەر توپلاپ، تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەن دۈشمەن قوشۇنلىرىغا قارشى قانلىق جەڭ قىپتۇ. بۇ تۆمۈرچى خوتەن لەشكەرلىرىگە يارامىلىق قىلىچ - قالقانلارنى ياساپ بېرىپتۇ. خوتەن لەشكەرلىرى قىلىچ بىلەن ھۇجۇم قىلىپ قالقان بىلەن قوغدىنىپ جەڭدە غەلىبە قازىنىپتۇ. خوتەن شاھى تۆمۈرچىنىڭ تۆھپىسى ئۈچۈن ئۇنىڭغا «خوتەننىڭ قىلىچ قالقىنى» دەپ نام بېرىپتۇ. بۇ مازار ئەنە شۇ تۆمۈرچىنىڭ قەبرىسى ئىكەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «قىلىچ - قالقان» دېگەن ئاتالغۇ كىشىلەرنىڭ تىلىغا «قىلىچقان» دەپ سىڭىپ قاپتۇ.

«خىلىچخان مازىرى» دەپ ئاتايدىغانلار بۇ رىۋايەتنى دەلىل كەلتۈرىدۇ: ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بۇ يەرلەر كاتتا شەھەر بولغان ئىكەن. بۇ شەھەردە لوقمان ھېكىم ئىسىملىك كامالەتكە يەتكەن بىر تېۋىپ ياشايدىكەن. ئۇنىڭ سەككىز ياشلىق ئوغلى تامغا مىنىپ ئولتۇرۇپ پادىشاھنىڭ ئاتقا مىنىپ مېڭىشلىرىنى دورايدىكەن، پادىشاھنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن «گۇناھكار»لارنى قامچىلاشقا، دارغا ئېسىشقا بۇيرۇيدىكەن. ئۇنىڭ ئەينەن قاملاشتۇرۇپ دوراشلىرى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈپ ھۇيتىدىكەن. بىر چېقىمچى پادىشاھنى بۇ ئىشتىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇپتۇ، ئاچچىقى قايناپ - تاشقان پادىشاھ جالـ

رى بۇ يەردە كاتتا بىر شەھەر بولغان ئىكەن. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى پۇقرالىرىغا، پۇقرالىرى پادىشاھىغا سادىق ئىكەن، شۇڭا كۆڭۈللەر خاتىرجەم، تۇرمۇشى پاراۋان، يۇرت - مەھەللە ئاۋات ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە يات بىر مەملىكەتنىڭ تۈمەنلىگەن لەشكەرلىرى تۇشتۇمتۇت كېلىپ بۇ شەھەرگە ھۇجۇم قىپتۇ. تەييارلىقسىز تۇرغان بۇ شەھەر خەلقىنى قىرىپ چېپىپ ئېرىقلاپ قان ئاققۇزۇپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى دەرغەزەپ بولۇپ ئېتىغا مىنىپتۇ-دە، ئىككى غۇلاچ قىلىچىنى ئوينىتىپ يا ئۆلۈم يا كۆرۈم دەپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ. قىلىچنى بىر قېتىم ئايلاندۇرۇشتا 5—6 دۈشمەننىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. پادىشاھنىڭ باتۇرلۇقىنى قىلىچىنىڭ ئۆتكۈرلىكىنى، ئېتىنىڭ ئۇچقۇرلۇقىنى كۆرگەن دۈشمەنلەر پاتپاراق بولۇپ قېچىپتۇ، پادىشاھ بىر كېچە-كۈندۈز توختىماي جەڭ قىلىپ تاجاۋۇزچىلارنى تامامەن چېكىندۇرۇپتۇ. پادىشاھ ھېرىپ - ئالجىپ كەتكەنلىكتىن ئوردىسىغا كېلىپلا يېقىلىپ جان ئۈزۈپتۇ. شەھەر خەلقى پادىشاھنى قىلىچى بىللە دەپنە قىلىپ كاتتا قەبرە ياساپ 40 كېچە - كۈندۈز مۇسىبەت تۇتۇپتۇ. «قىلىچقان» دېگەن بۇ مازار ئەنە شۇ قىلىچى قانغا بويۇلۇپ كەتكەن پادىشاھنىڭ قەبرىسى ئىكەن.

بۇ مازارنى «قىلىچ - قالقان» دەپ ئاتايدىغانلار بۇنداق بىر رىۋايەتكە ئاساسلىنىدۇ؛ بۇرۇنقى زاماندا بۇ يەرلەر كاتتا شەھەر بولۇپ ھۈنەردە كاما-

— مەن شۇ، — دەپتۇ. خانىش زور نىيەتنى سۆزلەپ ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، خىزمەتچىلەرگە:
— بۇ كىشىنى كۆتۈرۈپ ئوردىغا ئېلىپ بېرىڭلار، — دەپتۇ.
— ياق، — دەپتۇ ھېكىمى لوقمان، — مەن بەكمۇ زېرىكىپ كەتتىم. قەيېرىمنى تۇتساڭلا شۇ يېرىم بەدىنىمدىن ئاجراپ كېتىدۇ.
— قانداق قىلىمىز ئەمىسە؟ — دەپ سوراپتۇ خانىش ۋە ئۇنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن 14 ياشلىق ئىككى قىزنى ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىگە تېگىپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن بۇ ئىككى قىز ئۆلۈپ ھېكىمى لوقـ ماننىڭ بارماقلىرى ھەرىكەتكە كەپتۇ. يەنە 14 ياشلىق ئىككى قىزنى ھېكىمى لوقماننىڭ ئالدى-ئارقا تەرەپـ لىرىگە تېگىپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن بۇ ئىككى قىزمۇ ئۆلۈپ ھېكىمى لوقمان كۆزىنى ئېچىپتۇ. بۇ ئىش 10 قېتىم تەكرارلىنىپ 20 قىز ئۆلگەندىن كېيىن ھېكىمى لوقمان ماغدۇرىغا كىرىپ تۇرۇپتۇ ۋە 14 ياشلىق قىزدىن يەنە بىرنى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىپتۇ. خانىش خېلىچىمخان ئىسىملىك 14 ياشلىق بىر قىزنى شوتىدىن چۈشۈرۈپتۇ. خېلىچىمخان شوتىنىڭ تۆۋەن بالدىقىغا دەسسەپ تۇرۇپ قولىنى بوۋايغا ئۇزۇتۇپتۇ. بوۋاي قىزنىڭ قولىنى تۇتۇمەن دەپ بىر قەدەم يېقىنلاپتۇ. قىز بىر بالداق ئېگىزگە چىقىپ يەنە قولىنى ئۇزۇتۇپتۇ. ھېكىمى لوقمان قىزنىڭ قولىنى تۇتۇشقا ئىنتىلىپ شوتىغا دەسسەپ بىر بالداق ئېگىزلەپتۇ. قىز يەنە بىر

لاتلارنى بۇيرۇپ دوراچى بالىنى باغلىتىپ كەلتۈرۈپتۇ، پادىشاھ بالىغا بىر قاراپلا «دادىسى ئۆگەتمىسە بۇ بالا مېنى دوراشنى نەدىن بىلسۇن» دەپ ئويلاپتۇ-دە، بالىنى قويۇۋېتىپ، ئۇنىڭ دادىسىنى 30 گەز چوڭقۇرلۇقتىكى زىندانغا تاشلاشنى بۇيرۇپتۇ.

ئون نەچچە يىلدىن كېيىن پادىشاھقا كېسەللىك چاپلىشىپتۇ. 18 مىڭ ئالەمدىكى داڭلىق تېۋىپلارغا كۆرۈنۈپ ئالتۇندىن قىممەت دورىلارنى يەپ بىر نەچچە يىل داۋالانغان بولسىمۇ كېسىلى شىپالىق تاپالماپتۇ. پادىشاھ ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ئەزرائىلنى كۈتۈپ ياتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر قېرى ۋەزىر، — تەقسىر، ھېكىمى لوقمان ئىسىملىك بىر تېۋىپنى زىندانغا تاشلىغان ئىدىلە، شۇ كىشى ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسا ھايات شاملىرى شوخلىنار ئىدى-دەپتۇ. پادىشاھ سۈرۈشتۈرۈپ بىر قېرى جاللاتنىڭ ئەسلىشى بىلەن ھېكىمى لوقماننىڭ قايسى زىندانغا تاشلانغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ. پادىشاھنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن خانىش بىر نەچچە خىزمەتچىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ ھېلىقى زىنداننىڭ تۈڭلۈكىدىن قارىغۇدەك بولسا ئۆلۈك دېسە تىرىكتەك، تىرىك دېسە ئۆلۈكتەك بىر بوۋاي تىزىنى مەيدىسىگە تېگىپ ياتقۇدەك. خانىش شوتا بىلەن زىندانغا چۈشۈپ بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ھېكىمى لوقمان دېگەن تېۋىپ سىزلەرمۇ؟— دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى كۆزىنىمۇ ئاچالماي، ئاڭلانار-ئاڭلانماس ھالسىز ئاۋازى بىلەن:

## يالغۇز ئوغۇلكەنتى

رىۋايەت قىلىنىدۇكى ھەزرىتى ئىمام ئەلىنىڭ ئوغلى ئىمام مۇھەممەت ھەنىپە ئەمەل تالىشىش ۋە مەزھەپ قىرغىنچىلىقىدىن بىزار بولۇپ شاھلىقتىن ۋاز كەچتى. ئۆ مەككىنى تاشلاپ ئاتىسى بۇۋى ھەنىپە خېنىم بىلەن تاغقا چىقىپ كەتتى.

ئۇ مەرئانى① شەرئا②غا ئۆزگەرتىشنى، جەھەت قىلىپ نەچچە يۈز شەھەر خەلقىنى ئىمانغا كەلتۈر- گەندىنمۇ ئۇلۇغ ئىش دەپ ھېسابلايتتى. شۇڭا ئۇ پۇقرالارغا باشلامچىلىق قىلىپ تاغلار ئارىسىدىكى جىلغىلاردا ئېرىق - ئۆستەڭ قېزىپ يەر ئاچتى. كاتتا ئاۋات شەھەر - يۇرتلارنى بىنا قىلغاندىن كېيىن پۇقرالار بىلەن خوشلۇشۇپ بۇ يەردىن ئايرى- لدى. ئۇ بارغانلىكى يېرىدە يەر ئېچىپ چۆل كۆكەر- تىپ نەچچە ئون يىلدىن كېيىن دۇۋا③ دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىپ قالدى. قارىسا دەريا سۇيى شارقىراپ- ئۆركەشلەپ ئېقىۋېتىپتۇ. ئۇ شاخ - قۇمۇشلاردىن كەپە ياساپ ئانىسى بىلەن ماكانلاشتى. ئۇ كېچىدە ئانىسىغا ھەمرا بولۇپ ئۇخلايتتى. ئەتىگەندە قورسىقىنى تويغۇزۇپ پىيالىما④ چۆللىككە بېرىپ

---

① تېرىلمىغان ئولتۇمىز يەر. ② مولبەت باغ - ئېتىزلىق.

③ گۇما داھىيسىگە قاراشلىق تاغلىق يۇرت ④ گۇمىغا قاراشلىق يۇرت

بالداق ئىگىز لەپ قول سۇنۇپتۇ... شۇنداق قىلىپ خىلىچىخانغا ئەگىشىپ ھېكىمى لوقمان زىنداندىن چىقىپتۇ-دە، قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ مېڭىپ ئوردىغا كەپتۇ. شاھ ئالدىغا كىرگەندە خىلىچىخان ماغدۇرىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ ۋە شۇئان جان ئۈزۈپتۇ. ھېكىمى لوقمان قىزلاردىن ئۆتكەن قۇۋۋەت بىلەن جىسمانىي ۋە زېھنىي كۈچى تولۇقلىنىپ 30 ياشلىق قىران دەۋرىگە يېنىپتۇ. ئۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە شاھنى داۋالاپ ساقايتىپتۇ. شاھ ھېكىمى لوقماننى ماغدۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن جېنىدىن ئايرىلغان خىلىچىخان قاتارلىق قىزلارنى كاتتا داغدۇغا، چوڭقۇر تەزىيە بىلەن بۇ يەرگە دەپنە قىلغان ئىكەن. شۇڭا بۇ مازار «خىلىچىخان» دەپ ئاتالغان ئىكەن.

...

× ×

يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل رىۋايەتتە «... بۇ يەردە كاتتا بىر شەھەر بولغان ئىكەن» دېگەندىن ئىبارەت بىر ئورتاقلىق بار. بۇ ئورتاقلىق بىلەن خۇش ئاۋات① كەنتىنىڭ زېمىندا كوزا سۇنۇقلىرى، چېرىپ كەتكەن ئادەم سۆڭەكلىرى... ئۇچرايدىغانلىقىنى بىرلەشتۈرگەندە قەدىمقى بىر زامانلاردا بۇ يەرنىڭ ئادىمىزاتماكانى بولغانلىقىنى قەيت قىلغىلى بولىدۇ.

---

① بۇ كەنت 1958 - يىلىدىن باشلاپ پەيدا بولغان 35 يىللىق تارىخقا ئىگە يۇرت.

خېنىمىم ئوغلىنىڭ قەبرىسىنى ياسىدى ۋە قەبرە يېنىدا بىر نەچچە ئاي يىغلاپ قاخشاپ جان ئۈزدى.

كىشىلەر ئىمام مۇھەممەت ھەنىپەنىڭ يالغۇز ئوغۇل ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇنىڭ قەبرىسىنى «يالغۇز ئوغۇل مازىرى» دەپ ئاتىدى. ھازىرمۇ بۇ مازارنىڭ يېنىدا مېڭدەك كىشى ناماز ئوقۇيالايدىغان كونا غېرىبانە خانىقا بار. بۇ مازاردىن شىمال تەرەپكە بەش - ئالتە يۈز مېتىرغىچە ماڭسىلا بىۋۋى ھەنىپە خېنىمنىڭ مازىرىغا كەلگىلى بولىدۇ. بۇ قەبرىلەرنىڭ ئۈستىدىكى قۇرۇپ كەتكەن قومۇشلار ئېگىز خادىلارغا چىگىپ قويۇلغان قىزىل - يېشىل، كۆك ...... رەڭلىك لاتىلار كىشىگە غېرىبلىق - مىسكىنلىك ھېس قىلدۇرىدۇ.

بۇ رىۋايەتتىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەزەلدىن بۇز يەر ئېچىپ يېڭى يۇرتلارنى بىنا قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس تارىخىي بۇرچى دەپ قارىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ مازارنىڭ ئەتراپىدا قانداق بولۇپ 1525 مو تېرىلغۇ يېرى، 885 نوپۇسلۇق 261 ئائىلىسى بار «يالغۇز ئوغۇل كەنتى» بارلىققا كېلىپ قالدى؟

بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئۈچۈن بۇ مازارنىڭ 16 - ئەۋلاد شەيخى نىياز باقى قارىنىڭ ئەسلىمىسىنى كىتابخانلارغا ئەينەن ھەدىيە قىلىمەن: (مەن ئۇنىڭ بىلەن ئېگىز قىرى تېرەكلەر قورشاپ تۇرغان چوڭ كۆل بويىدا پاراڭلاشتىم.) — مەن مۇشۇ كۆل

يەر ئاچاتتى. چۈشتە كەينىگە كېلىپ غىزالانغانىدىن كېيىن يەنە يەر ئاچقىلى كىرەتتى. كۈنلەرمۇ شۇنداق ئۆتۈۋەردى. بىر كۈنى ھاۋا تونۇردەك قىزىپ كەتتى. ئىمام مۇھەممەت ھەنىپە بۇ كۈنى ئېغىر ئەمگەك قىلىپ ھېرىپ كەتكەنلىكتىن چۈشلۈك غىزاغا كەينىگە بارغۇسى كەلمەي توغراق تۈۋىدە سايىداپ ئولتۇردى. ئوغلىنىڭ چۈشلۈك غىزاغا كەلمىگەنلىكىدىن ئەنسىرەپ قالغان بۈۋى ھەنىپە خېنىم بىر ئاياققا ئاش، بىر قاپاقتا سۇ كۆتۈرۈپ بىر بېسىپ ئىككى بېسىپ ئوغلىنىڭ يېنىغا بېرىپ قالدى. ئىمام مۇھەممەت ھەنىپە تولىمۇ ھايالىق يىگىت ئىدى. كۆينىكىنى سېلىۋېتىپ ئىشتانچاق ئولتۇرغانلىقتىن ئانىسىغا بېرەم — يالىڭاچ كۆرۈنۈپ قالغىنىغا قاتتىق خىجىل بولۇپ يەردەر قاچتى. ئانىسى ئۇنى:

— ۋاي بالام توختا،— دەپ قوغلاۋەردى. ئىمام مۇھەممەت ھەنىپە قاچا — قاچا ھېرىپ ھالىدىن كەتكىلى ئاز قالدى. كەينىگە قارىسا ئانىسى قوغلاپ كېلىۋېرىپتۇ. ئۇ ئانىسىغا قاراشتىن ئەيمىنىپ توختىماي يۈگرەۋەردى. قەدەم ئالغىچىلىك ھالى قالمىغاندا دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ:

— ئەي ئاللانىڭ زېمىنى. ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ قوينىڭنى ئاچ!— دەپ ئىلتىجا قىلدى. ئۇنىڭغا رەھىم كەلگەن زېمىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ چاك بولدى. ئىمام مۇھەممەت ھەنىپە چاك ئىچىگە ئۆزىنى تاشلىدى. زېمىن بىر تەۋرەپلا تۇتىشىپ قالدى. بۈۋى ھەنىپە

قېتىم سوغا تولدۇرغان ئىكەن. مەن 10 ياش ۋاقتىمدا بۇ ئەتراپتا 10 نەچچە يىللىقچى ③ تېرىقچىلىق قىلاتتى. قۇم بوران ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى كەينى كەينىدىن يۈز بېرىپ زىرائەتلەر قۇرۇپ، ئېتىز- ئېرىقلار قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەنلىكتىن ئۇلارمۇ يۇرتلىرىغا چىقىپ كەتكەن ئىدى. بەزى يىللىرى بۇ كۆلگە بىر قېتىم سۇ باشلىغىلى بولماي كۆلنىڭ تېگىنى كولاپ سىزىندى سۇنى ئىچەتتۇق. شىڭشىسەي زامانىغا كەلگەندە ئۇرچى دېگەن يۇرتتىن يۇسۇپ بەگ ھاجى دېگەن كىشى نەچچە يۈز ھاشارنى ئىشقا سېلىپ ئېرىق چېپىپ سۇ باشلاپ كەلدى. ئېرىقنى بىر ئېگىز قۇملۇقتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن 100 ھاشار بىر ھەپتە كەتمەن چاپقان ئىدى. ئۇلارمۇ ئىككى-ئۈچ يىل تېرىقچىلىق قىلغاندىن كېيىن نەپ ئېلىشقا كۆزى يەتمەي پۇشايمان قىلىپ قايتىپ چىقىپ كېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر قايتىدىن چۆللىشىپ كەتتى. ھەر يىلى كەلگۈن مەزگىلىدە دادام بىلەن مەن بىر نەچچە كۈن ئېرىق ياقىلاپ كۆلگە سۇ توشقۇزۇۋالالىساق ياكى 10 مو يېرىمىزنى سۇغىرىۋالساق بىزگە چوڭ خۇشاللىق بولاتتى. بىز تاۋاپچىلارنىڭ گۈرۈچ، بۇغداي، قوناق... لارنى سەدىقە قىلىشقا تايىنىپ كۈن كەچۈرەتتۇق.
1958 - يىلى ياڭغۇز ئوغۇل مازىرىنىڭ ئەتراپىدا 3 - قېتىم يەر ئېچىش باشلاندى. دەسلەپ «1 - ماي»

---

③ بايلارغا يىللىق سېتىلغان ئامرات دېھقانلار.

بۇ يىلدا تۇغۇلۇپ ياشاپ 74 ياشقا كىردىم، — دەپ گەپىنى باشلىدى ئۇ، — بۇ كۆل كولىنىشتىن بۇرۇن دادىلار ۋە تاۋاپچىلار يىراقتىن سۇ توشۇپ كېلىپ ئىچكەن ئىكەن. ئېشەككە قاپاقلارنى ئارتىپ ئەتىگەندە يولغا چىقسا چۈش. پېشىن بىلەن قايتىپ كېلىدىكەن. ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان پەيشەنبە كۈنلۈكتە يىراق- يېقىن يۇرتلاردىن كەلگەن ئەر - ئايال تاۋاپچىلار مازار- نىڭ ئەتراپىدىكى خانىقاگە مىلەردە تۈنەيتتى.① مەن ئەقلىمگە كەلسەم جۈمە كۈنلۈكتە كۆل بويىدا ساي- دا يىدىغان، سۇ ئىچىپ غىزالىنىدىغانلار بىر نەچچە يۈزگە يېتەتتى. يىللار ئۆتكەنسېرى يېقىن يۇرتلار- دىن بىر نەچچە ناۋاي، باققال، ساتىراشلار كېلىپ ھۈنەر قىلىغانلىقتىن كۆلنىڭ بويىدا «جۈمە بازىرى» پەيدا بولۇپ قالدى. 1975 - يىلدىن باشلاپ بۇ بازار- نىڭ ۋاقتى پەيشەنبىگە ئۆزگەرتىلىپ ئورنى ئۇرىچى يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورگىنىنىڭ يېنىغا يۆتكەلدى.

— دادىمنىڭ ئېيتىشىچە، — نىياز باقى قارىم ئەسلىمىسىنى داۋام قىلدى.

قاراقاش ئامبالىق ② بولۇشتىن ئۈچ يىل بۇرۇن ئەپرۇز بەگ دېگەن كىشى ھاشار باشلاپ كېلىپ بۇ كۆلنى چاپتۇرغان. ھەم زاۋا يېزىسىنىڭ ئۆتەڭ دېگەن كەنتىدىن ئېرىق چاپتۇرۇپ كېلىپ بۇ كۆلنى تۇنجى

---

① تۈنەش — كېچىدە ئۇخلىماي سورە - ئايەتلەرنى ئوقۇپ تاڭ ئاتقۇزۇش.

② ١٩١٩ - يىلى قاراقاش ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان.

يىلى زاۋا يېزىسىنىڭ خۇمدان كەنتىدىكى دېھقانلار ئېرىق چېپىۋېتىپ، كۆمۈلۈپ قالغان ياغاچ قوغاچىنى ئۇچرىتىپتۇ. بىر نەچچە يىلەن قوغاچىنى كۆتۈرگەنىكەن، قوغاچىنىڭ ئۈستۈنكى يېرىمى ئاجرىلىپ چىقىپتۇ. ئاستىنقى يېرىمىدا بىر جەسەتنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، كىشىلەر چۆچۈپ كېتىشىپتۇ. جەسەت كىگىز قالپاق، يۇڭ توقۇلمىدىن تون كىيگەن بىر ئەر كىشى ئىكەن، ئۇنىڭ يېنىدا قىلىچ، ئوقيا، كۆمۈش جام بار ئىكەن (ياشانغانلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇرۇنقى زامانلاردا بۇ يەردە قانلىق جەڭ بولغان ئىكەن) كىشىلەر بۇ جەسەتكە قاراپ:

— بۇ بىزنىڭ مىللىتىمىزدىن ئەمەسكەن.

— باشقا بىر مىللەتنىڭ ئادىمى ئىكەن.

— قايسى مىللەتتىن بولغىيدى؟ — دېيىشىپتۇ.

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى:

— بىزنىڭ ئېتىمىزغا مىللەت ئېرىقىدىن سۇ كېلىدۇ.

— مىللەت ئېرىقىنىڭ قېشىنى ئېگىزلەيدىغان بولدۇق.

— مىللەت ئېرىقىنىڭ بويىغا چىرىم سالىمىز، دېگەندەك گەپلەر بىلەن «مىللەت ئېرىق» دېگەن ئاتالغۇ كىشىلەر تىلىغا ئۆزلىشىپ قاپتۇ. خۇمدان كەنتىنىڭ ئاپىغى يانتاق- قومۇچىلار ئۆسكەن بىيايان قۇملۇق ئىدى. 1958-يىلى «جىددىي ئىلگىرىلەش» كۈكشى (ھازىرقى زاۋا يېزىسى) دېھقانلىرى

كۆكشىدىن ① كىرگەن 2400 كىشىلىك بوز يەر ئاچقۇچى قوشۇن يېتىپ كەلگەندە مازار ۋە كۆل ئەتراپىدىكى ئۈچ چوڭ خانىقا 29 ئىشىكلىك ئۆي - كەپىلەرنى ئۇلارنىڭ يېتىپ قوپۇشىغا بىكارلاپ بەردىم. كۆمۈلۈپ كەتكەن ئېتىز - ئېرىقلارنى تېپىشقا يول باشلىدىم ...... ئىياز باقى قارىم يالغۇز ئوغۇل كەنتىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىغا تىرىك شاھىت بولغانلىقى ئۈچۈنلا قەدىرلەشكە سازاۋەر بولۇپ قالماستىن 1985 - يىلدىن باشلاپ مەملىكەتلىك كۆكەرتىش نەمۇنىچىسى دېگەن شان - شەرەپكە ئېرىشكەنلىكى بىلەنمۇ ھۆرمەتكە ئېرىشكەن مۆتىۋەردۇر. ئۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ چۆلنى كۆكەرتىپ يۇرتىنى كېڭەيتىش ئارزۇسىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە رېئاللىققا ئايلىنىۋاتقانلىقىدىن چەكسىز خۇشال. ئۇ 1980 - يىلدىن باشلاپ بالا - چاقىلىرىغا باشلامچىلىق قىلىپ 400 مو يەر ئېچىپ 200 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق تېرەك، جىگدە، سۆگەت ...... كۆچەتلىرىنى تىكتى. ھازىر 50 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق تېرىكى كېسىمگە يەتتى.

### مىللەت ئېرىقى كەنتى

ئۇرچى يېزىسىنىڭ غەربىي - جەنۇب تەرىپىدە «مىللەت ئېرىقى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت بار. بۇ غەلىتە ئاتالغۇ قانداق كېلىپ چىققان؟ 1947 -

---

① ھازىرقى قاراقاش بازىرى

75 ياشلىق روزاخۇن بوۋاينىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە ئىلگىرى بۇ ئەتراپ زاۋا يېزىسىنىڭ ئېگىز ئېرىق كەنتىدىكى يەھياخان، مەمتىلىخان غوجىلارنىڭ يايلىقى ئىكەن، يىللىقچىلار غوجىلارنىڭ مىڭلاپ قوي-ئۆچكە، يۈزلەپ كالا-ئاتلىرىنى مۇشۇ يەرلەردە باقىدىكەن. 1958-يىلى باشلانغان بوز يەر ئېچىش دولقۇنى بۇ يايلاقنىمۇ قايناق ھايات مەنزىرىسىگە كىرگۈزۈپتۇ.

## پارتىيە بالىسى

39 ياشلىق مەتتۇرسۇن ئاخۇنىنىڭ سەرگۈزەشتىسى مېنى ئالاھىدە قىزىقتۇردى. ئۇ بەش ياشىدا ئانىسىدىن، ئالتە ياشىدا دادىسىدىن يېتىم قاپتۇ. 1962-يىلى جامائەت ئاشخانىسى ئەمەلدىن قالغانلىقتىن، ئۇنىڭ قورساقىغا ھېچكىم ئىگە بولماپتۇ. ئۇ بوز يەردە جامائەت ئاشخانىسى بار دەپ ئاڭلاپ، شۇ يىلى كۈزدە «سەكرەش» كۈڭشېسىنىڭ 6-باشقۇرۇش رايونى 4-دادۈي (ھازىرقى ئاقساراي يېزىسىنىڭ ئارىسكۆل كەنتى) دىن كۆچكەنلەرگە ئەگىشىپ، «سەكرەش» كۈڭشېسىنىڭ تاۋىسغاز دېھقانچىلىق مەيدانىغا كىردى. دادۈي پارتىيە ياچېيكىسى ئۇنىڭ ئاش-تاماق، ياتاقلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلدى. ھەتتا يېشىغا يەتكەندە توي قىلىشىغىمۇ غەمخورلۇق قىلدى. شۇڭا خەقلەر ئۇنى «پارتىيە بالىسى» دەپ ئاتاشتى. 1978-يىلىدىن باشلاپ، ئۇلار

بۇ يەرگە يۆتكەپ كىرىپ، ئالتە دادۇيدىن تەركىب تاپقان دېھقانچىلىق مەيدانى قۇردى. خۇمدان كەنتىدىكى «مىللەت ئېرىقى» نىڭ داۋامىنى چېپىپ سۇ باشلاپ كەلدى. بۇ ئېرىقنى يەنىلا «مىللەت ئېرىقى» دەپ ئاتىدى، 1975 - يىلى بۇ دېھقانچىلىق مەيدانى «شەرق شامىلى» گۇڭشېسىغا تەۋە قىلىندى. 1984 - يىلى بۇ كەنت ئاشۇ ئېرىقنىڭ نامى بىلەن «مىللەت ئېرىقى كەنتى» دەپ ئاتالدى. 1990 - يىلى بۇ كەنتتە 156 ئائىلە، 520 نوپۇس، 1389 مو تېرىلغۇ يەر بار ئىدى.

### تاۋىغاز

70 يىل بۇرۇن خوتەن — قەشقەر تاشيولى بۇ يەردىن ئۆتمەيدىكەن. يولنىڭ ئىككى دۆڭلۈكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتىدىغان يېرى تار بولغانلىقتىن كىشىلەر بۇ يەرنى «تار بوغۇز» دەپ ئاتاشقان ئىكەن. شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەت بۇ يەردە مەخسۇس خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ تاموژنا ۋە باج رەسمىيەتلىرىنى بېجىرگەن ئىكەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «تار بوغۇز» دېگەن ئاتالغۇ كىشىلەر تىلىدا «تاۋىغاز» دەپ سىڭىپ قالغان ئىكەن. 1958 - يىل «شەرق شامىلى» سۇ ئامبىرى قۇرۇلغاندا «تار بوغۇز» نىڭ ئورنى سۇ ئامبىرىنىڭ ئىچىدە قالغان بولسىمۇ يېقىن جايدا بىنا بولغان يېڭى كەنت «تاۋىغاز» دەپ ئاتالدى.

يىلى كۆتۈرۈلگەن «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»
شامىلىنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن قۇرۇلۇش مۇددە-
تى ئۈچ ئايغا قىسقارتىلدى. سۇ ئامبىرى قۇرۇلىدىغان
جاينىڭ جەنۇبىي، شەرقىي، ھەم غەرب تەرىپىنىڭ بىر
قىسمى تەبىئىي ئېگىزلىك بولۇپ، شىمالىي ھەم غەرب
تەرەپىنىڭ بىر قىسمىغا 3750 مېتر دامبا ياسىلىشى
لازىم ئىدى. 1959 - يىلى 11 - ئايدا بۇ سۇ ئام-
بىرىنىڭ سۇ يىغىدىن بەھرىمەن بولۇش - بولماسلىقىغا
قارىماي 40 مىڭدىن ئارتۇق ئەمگەكچى سۇ ئامبىرى
قۇرۇلۇشىغا سەپەرۋەر قىلىندى. بۇ ناھىيە بويىچە
ئومۇمىي ئەمگەكچىنىڭ 70% نى ئىگىلەيتتى.
12 - ئايدا قېرى، كېسەلمەنلەردىن باشقىلارنىڭ
ھەممىسى قۇرۇلۇش ئورنىغا يۆتكەپ چىقىلدى.
تەشكىل - تۈزۈم ھەربىيلەشتۈرۈلۈپ، گوڭشې -
پولك (تۇەن)، گوۇنلىچۇي - باتالىيون (يىڭ)،
دادۈي - روتا (لىيەن)، دەپ ئاتالدى. ئىشلار مۇزا-
كىرە - كېڭىشىش بىلەن ئەمەس، بۇيرۇق بىلەن
يۈرگۈزۈلەتتى. چوڭ پولكلاردا 30 دىن، كىچىك پولك-
لاردا 15 تىن ئارتۇق روتا بار ئىدى، گەمە بىلەن ئىش
ئورنىنىڭ ئارىلىقى يەتتە — سەككىز يۈز مېتر كېلەتتى.
دېھقانلار (جەڭچىلەر) ئۈچتىن سەپ بولۇپ روتا كو-
ماندىرىنىڭ كەينىدە مېڭىپ ئىشقا كېلەتتى، ئىشتىن
قايتاتتى، پولك كوماندىرى پۈشتەك چېلىپ تۆت — بەش
مىڭ جەڭچىنىڭ قەدىمىنى بىرلىككە كەلتۈرەتتى.
سەھەردە ئورۇندىن تۇرۇش، تاماقتىن كېيىن يىغى-

ھۆددە ئالغان يېرىگە تەر تۆكۈپ ئىشلەپ، يىلمۇ يىل مول ھوسۇل ئېلىپ تۇرمۇشىنى ياخشىلىدى. 1988 - يىلى ئۆيلىرىنى كۆركەم، ئازادە قىلىپ يېڭىلاپ سېلىۋالدى. ھازىر ئۇلار ئۆز ئۆيىدە قولۇم - قوشنىلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. قوتانلىرىدا 20 نەچچە تۇياق قوي، بىر تۇياق ئات، ئىككى تۇياق كالا بار. 12 مىڭ تۈپ دەرىخى كېسىمگە يەتتى.

**«شەرق شامىلى» سۇ ئامبىرى قانداق دۇنياغا كەلگەن؟**

ئادەمنىڭ قان تومۇرى ئۇنىڭ جىسمىدىكى ئەزالىرىغا ھاياتلىق كۈچى يەتكۈزۈپ بەرگىنىگە ئوخشاش «شەرق شامىلى» سۇ ئامبىرى 32 يىلدىن بۇيان، 30 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆرچى ئۆستىڭى ئارقىلىق 85 كۋادرات كىلومېتىرلىق ئۆرچى زېمىنىغا يېشىل ھايات ئاتا قىلدى، سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغانلارنى سېغىنىش پەزىلىتىمىز بىلەن، سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا قاتناشقانلارنىڭ جاپالىق سەرگۈزەشتىلىرىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتۈشنى زۆرۈر تاپتىم.

ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى نازارىتىدىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھېسابىچە بۇ زور قۇرۇلۇشنى يېرىم يىلدا تاماملىغىلى بولاتتى، شۇ

ئىلگىرى سۈرەتتى. قوماندانلىق شتابى ھەپتىدە ئىككى قېتىم پولكلارنى سېلىشتۇرۇپ باھالايتتى، ئىلغار بولغان پولكقا راكېتانىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن «كۆچمە قىزىل بايراق» تەقدىم قىلىناتتى. بۇ پولكنىڭ كوماندىرلىرى «شان - شەرەپنى قولدىن بەرمەسلىك» ئۈچۈن تەشكىلىي تۈزۈلمىلەرنى تېخىمۇ چىڭىتاتتى. ئايروپىلان، ئاپتوموبىل، تىراكتورلارنىڭ رەسىمى سىزىلغان بايراقلارغا ئېرىشكەن پولكلار «پەرقلەرنى ئىزدەپ» كېيىنكى قېتىملىق باھالاشتا «راكېتا» غا ئېرىشىش ئۈچۈن چارە-تەدبىرلەرنى تۈزەتتى. ئارقىدا قالغان پولكقا كالا ھارۋىسىنىڭ رەسىمى سىزىلغان بايراق بېرىلەتتى. بۇ پولكنىڭ كوماندىرلىرى جەڭچىلەرنى «غەيرەتنى تولۇقلاپ»، «نومۇسنى شان - شەرەپكە ئايلاندۇرۇش» ئۈچۈن تېخىمۇ قاتتىق ئىشلەشكە قىستايتتى. پولكلار باتالىيونلارنى، باتالىيونلار روتىلارنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشنىڭ بېسىمى تېخىمۇ قاتتىق ئىدى، «راكېتا» غا ئېرىشىش «كالا ھارۋىسى» دىن قېچىش ھېسسىياتى ئەۋج ئېلىپ «شىجائەت كۈندىن - كۈنگە ئۆرلەپ» كېتەتتى. ئىش ۋاقتى كۈندىن كۈنگە ئۆرلەپ كېتىۋەردى، چۈشلۈك تاماقنى ئىشلەۋېتىپ يەيدىغان، تېرەك قوۋزىقىنى ياندۇرۇپ تەڭ كېچىگىچە ئىشلەيدىغان يۇقىرى كەيپىيات پۈتۈن ئىش مەيدانىغا ئومۇملاشتى،

10 كۋادرات كىلومېترلىق ئىش مەيدانىدا 50 مىڭ ئادەم چۈمۈلىلەردەك تىنىمسىز ئىشلەيتتى.

لىش پۈشتىكى چېلىنىپ بەش مىنۇت ئىچىدە پولك بويىچە بارلىق جەڭچىلەر تولۇق سەپكە تىزىلىپ بولۇشى لازىم ئىدى، رويىخەتكە ئۈلگۈرەلىگەن جەڭچىلەرنىڭ روتا كوماندىرلىرى قاتتىق تەنقىدكە ئۇچرايتتى، بىر روتا ئادەتتە بىر كۈندە كەڭلىكى 10 مېتر، ئۇزۇنلۇقى 80 مېتر دامبىنى 20 — 30 سانتىمېتر ئېگىزلىتىشى لازىم ئىدى، 200 — 300 مېتر يىراقلىقتىن تاغار بىلەن توپا يۈدۈپ كېلىپ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ھەقىقەتەن مۈشكۈل ئىش ئىدى.

ئۇ يىللاردا ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە دېھقانلارنىڭ كېلى خەلق ئاشخانىسىغا باغلاقلىق بولسىمۇ سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى ئورنىدا ئاشلىق نورمىسى خېلى يۇقىرى ئىدى، لېكىن ئەمگەك ئېغىر، كۈنىگە 15 — 20 سائەت ئىشلىگەچكە قورساقنىڭ تەلىپى خېلىلا جىددى ئىدى. كىم توپىنى تېز ئۇسۇپ بەرسە، كىم توپىنى جىق يۈدسە (بىر تاغار توپا 150 — 180 جىڭ كېلىشى لازىم ئىدى) دائىما ئۈستىگە كىم بۇرۇن چىقسا روتا كوماندىرى (دادۈي پارتىيە ياچېيكىسى شۇجى ياكى دادۈيجاڭ) ئۇلارنىڭ ئاغزىغا بىر تال قەن ياكى بىر چىشلەم زاغرا سېلىپ قوياتتى. بۇنىداق «نەخ مۇكاپات» قورساقتا بىردەم قۇۋۋەت بېرىپ قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرەتتى. قاتلامىمۇ قاتلام سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئىشىنىڭ سۈر ئىتىنى

كەمدە يېتىپتىمەن، ئاڭلىسام مېنىڭ يىقىلغىنىمنى كۆرگەن كىشىلەر مېنى زەمبىلگە سېلىپ كۆتۈرۈپ كەمىگە ئېلىپ كەپتۇ. قومۇش يىلتىزلىرىنى تىرىپ كېلىپ ئوت قالاپ مېنى قاقلاپتۇ. جۇۋىلارنى ئوتقا قاتلاپ ئىسسىتىپ ماڭا يېپىپتۇ، ئاغزىمغا ئىسسىق سۇ قۇيۇپتۇ، ھەر خىل چارە-ئامانلا بىلەن پۈتۈمدىن بەللىرىمگىچە ئېرىتىپ، ھوشۇمغا كەلتۈرۈپتۇ. يىقىلغانلىقىمنى باشقىلار دەرھال كۆرۈپ قالمىغان بولسا ئۆپكە-بۆرەكلىرىمنىمۇ مۇزلاپ ئۆلۈپ قالىدىكەنمەن. ...

مەن 90 ياشلىق تۇرسۇنخان موماي بىلەنمۇ پاراڭلاشتىم.

— مېنىڭ ئېرىم پالەچ ئىدى، — دەپ گېپىنى باشلىدى ئۇ، — دادۇيىمىزگە تەقسىم بولغان چام (ۋەزىنپە) جىق بولغانلىقتىن ئېرى-ياش، ئەر-ئاياللار ھەممىمىز سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا چىققتۇق. سەھەردە پۈشتەككە ئۇلگۈرەلمىسەك ئىزا ئاھانەتكە كۆمۈلۈپ كېتەتتۇق، شۇڭا ئاخشىمى كىيىملىرىمىزنى سالمايلا ئۇخلايتتۇق. مەن كۈن بويى تاغار يۈدۈپ توپا توشايتتىم.

ئاقچى قوغۇن ئاق ناۋات،
كۆكچى قوغۇن كۆك ناۋات.
سۇ ئامبىرى قۇرۇپ بىز،
چۆلنى قىلىمىز ئاۋات.

چوڭ-كىچىك قىزىل بايراقلارنىڭ كۆپلىكىدىن ئىش مەيدانى شاپتۇللار چېچەكلىگەن بىپايان باغقا ئوخشايتتى. شۇ قەدەر جىددىي ئىشلەش ئارقىلىق ئۈچ ئايلىق پىلان $1\frac{1}{2}$ ئايدا ئەمەلگە ئېشىپ 12-ئاينىڭ 18-كۈنى سۇ ئامبىرىنىڭ پۈتكەنلىكى جاكارلاندى. شۇنداق قىلىپ دامبىنىڭ ئېگىزلىكى سەككىز مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 45 مېتىر، ئومۇمىي قىرغاق ئۇزۇنلۇقى توققۇز مىڭ 950 مېتىر، سۇ سىغىمچانلىقى 25 مىليون كۇب مېتىر، 50 مىڭ مو ئېتىزلىقنى ئالتە قېتىم سۇغىرىشقا بولىدىغان «شەرق شامىلى» سۇ ئامبىرى قارقاش ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە پەيدا بولدى.

بۇ يىل 9-ئاينىڭ 4-كۈنى ماڭلاي يېزىسىنىڭ تۆۋەن ماڭلاي كەنتىگە بېرىپ 75 ياشلىق كومپارتىيە ئەزاسى جۇمە نىياز ئاكا بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ ئۆز ئەسلىمىسىنى بۇنداق بايان قىلدى.

— 12-ئاينىڭ باشلىرىدىكى بىر كۈنى چاندىن ئۆتكۈدەك قاتتىق سوغۇق بولدى. مەن توپا ئۇسىدىغان يەردىن 50 قەدەمچە يىراقلىقتا پوستتا تۇراتتىم... مەن خالاغا بېرىش باھانىسى بىلەن بىردەم ئارام ئېلىۋالماقچى بولغانلارنى، ئۇخلىۋېلىش ئۈچۈن كەمگە ماڭغانلارنى چەكلىشىم لازىم ئىدى. مەن ئىش قىلماي ئۆرە تۇرغانلىقىمدىن توڭلاپ قالغىنىمنى سەزمەيلا قاپتىمەن. ھوشۇمغا كېلىپ كۆزۈمنى ئاچسام

## يېڭى مەنزىرە

مەن 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۈرۈمچى يېزىسىنى يەنە بىر قېتىم سەيلە قىلدىم. لىقمۇ لىق سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ، تاناپتەك توپتوز يوللارنىڭ بويىدا قاتار - قاتار ئۆسكەن تېرەك، سۆگەتلەر دىلغا ھۇزۇر، كۆزگە ئارام بېغىشلايتتى. تۇتاش كەتكەن سالا ئېتىزلاردىكى قوناق، كېۋەزلەر مول ھوسۇلغا گۇۋاھلىق قىلاتتى: بۈك باراقسان باغلاردىكى سۇلۇق شاپتۇللار، ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىكى تال باراڭلىرىدا سەيۋە، قىزىل ئۈزۈملەر ياقۇتتەك پارقىراپ، مەمۇرچىلىقنى نامايەن قىلاتتى. دېھقانلار ئۆيى ئالدىدىكى يول ئۈستىگە ئۈزۈم، كاۋا، قاپاق باراڭلىرىنى ياساپ، «ئاسمانىنىمۇ بىكار قويمىغان» ئىدى.

بۇ گۈزەل مەنزىرىلەر ئۈرۈمچى يېزىسىنىڭ تارىخىنى بىلمەيدىغان ساياھەتچىلەرنى ھەيران قالدۇرالمىسىمۇ، يەرلىك كىشىلەر ئۆز تەسىراتلىرىنى بۇ بىر كۇپلېت قوشاق بىلەن ئىپادىلىدى:

ئۇ بازارنىڭ - بۇ بازارنىڭ،
ئۆز ئالدىغا نەرقى بار.
ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈنىنىڭ،
ئاسمان - زېمىن پەرقى بار.

سۇ باشلىساق ئامبارغا،
ئاشلىق تولار تاغارغا.

دېگەندەك ناخشىلارنى ئوقۇپ ئىش مەيدانىنى جانلاندۇرغانلىقىم ئۈچۈن، ماڭا ھەر كۈنى بىر زاغرىنى ئارتۇق بېرەتتى.

ئىشنىڭ ئېغىرلىقىدىن بەزى ئاياللارنىڭ بويىدىن ئاجراپ كەتسەگە ممدەئەككى — ئۈچ كۈن يېتىپلا يەنە ئىشقا چىقاتتى. ئەمگەككە چىدىيالماي ئۆيىگە قېچىپ كەتكەنلەرنى بىر نەچچە ئادەم قوغلاپ تۇتۇپ كېلەتتى. ئۇنداقلارنى كېچىسى ئۇخلىماي مۇنازىرە قىلاتتۇق. مۇنازىرە تىل - ھاقارەت بىلەن باشلىنىپ چاچ - ساقىلىنى تارتىپ سىلكىش، بېقىنىنى چىمداش، مۇشتلاش ئارقىلىق «مىڭ قېتىم تۆۋە قىلدىم» دېگۈزۈش بىلەن تۈگەيتتى ... — دېدى.

جۇمەنىياز ئاكا ۋە تۇرسۇنخان مومايلار بىلەن پاراڭلاشقاندىن كېيىن بۇ سۇ ئامبىرىنىڭ شۇ قەدەر جاپا - مۇشەققەتلەر بىلەن دۇنياغا كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. شەرق شاملى سۇ ئامبىرى مېھنەتكەش ئەمگەكچىلەرنىڭ قان تەرىنىڭ مەھسۇلى، شۇڭا ھەر بىر ئەۋلادلارنىڭ شەرق شاملى سۇ ئامبىرىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ سۈيىدىن لەززەتلەنگەندە، ئەجدادلارنىڭ جاپالىق ئەجرىنى ئەسلەپ تۇرۇشى ئۈچۈن بۇنى كىرگۈزدۈم.

ھېسابلىغاندا لەمپە 30 كىلومېتىر كېلىدۇ. كاۋاك 50 كىلومېتىر، تۇزلۇق ئۇ تاغ 100 كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ راۋانلىشىشى. باغ - ئېتىزلارنىڭ ئورمان بەلباغلىرىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ لەمپە بىلەن كاۋاك ئارىلىقىدىكى ئون نەچچە كىلومېترلىق قۇملۇق مۇساپە تۇتاش يېشىللىققا ئايلىنىپ كەتتى. كاۋاك بىلەن تۇزلۇق ئۇ تاغ ئارىلىقىدىكى قۇملۇقلارمۇ يىلمۇ يىل يېشىللىققا ئورۇن بەرمەكتە.

1993 - يىلى ناھىيە بازىرىدىن كاۋاككا قەدەر 50 كىلومېتىر يولغا ماي ياتقۇزۇلۇپ، قاتناش شارائىتى ياخشىلاندى. 1950 - يىللىرى پىيادە ياكى ئېشەك بىلەن 10 كۈندە، 1970 - يىللىرى ئېشەك هارۋىسى بىلەن ئالتە كۈندە، 1980 - يىللىرى تراكتور بىلەن ئىككى كۈندە كىرىپ چىققىلى بولىدىغان بۇ مۇساپە هازىر ئۈچ سائەتكە قىسقارتىلدى. بۇ يولدا هازىر چوڭ - كىچىك ئاپتوموبىللار توختىماي قاتنىماقتا.

## لەمپە

لەمپە مازار غوجام توغرىسىدا بىرەر يازما خاتىرە تېپىلمىدى. لېكىن ئېغىزدىن قولاققا، قولاقتىن ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن بۇنداق بىر رىۋايەت بار. يۇرتىدىن قېيداپ چىققان بىر موللام كارۋانلار ئۈچۈن ئۆگزىسىنى سېغىز بىلەن سۇۋاپتۇ. يامغۇر ئۆتە-

## كاۋاك يېزىسى

ئېگىز قوملۇقلار ئارىسىدىكى قولتۇق شەكىللىك ئويمانلىقنى كىشىلەر كاۋاك دەپ ئاتىغان بولۇپ، مىڭ يىللاردىن بۇيان قونالغۇ - ئۆتەڭ بولغان ئىكەن. كاۋاك يېزىلىق خەلق ھۆكۈمەت ئورگىنى بۇ يەرگە ئورۇنلاشقانلىقتىن يېزىنىڭ نامىمۇ كاۋاك دەپ ئاتالدى.

1975 - يىلى «راكىتا» ① گۇڭشېنىڭ تۇزلۇق ئۇتاغ، «تىچلىق»② گۇڭشېنىڭ كاۋاك، «يۇقىرى ئۆرلەش» ③ گوڭشىنىڭ لەمپە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بىرلەشتۇرۇلۇپ «شەرق قىزاردى» گۇڭشې قۇرۇلدى. 1984 - يىلى «كاۋاك يېزىسى» دەپ ئاتالدى.

كاۋاك يېزىسىدىكى يەتتە ئوچاستىكا 23 مەمۇرى كەنتتە 2252 ئائىلە 8945 نوپۇس، 26658 مو تېرىلغۇ يەر بار.

1994 - يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 497 يۈەندىن توغرا كەلدى. كاۋاك دېھقانلىرى زىرائەت تېرىشتىن باشقا ئۇزۇمچىلىك ۋە ئورمانچىلىق بىلەن تۇرمۇشىنى ياخشىلىماقتا. كەڭ تەبىئىي ئوتلاقلار چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ياخشى ئىمكانىيىتى بولماقتا. ناھىيە بازىرىدىن

① ھازىرقى يۇچاقچى ② تۇۋەت ③ توخولا يېزىلىرى

1962 - يىلى خانىقا ھوجرىلارىنى بۇزۇپ يا-
غاچلىرى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشخانىلىرىنى سې-
لىشقا ئىشلىتىلدى. ھازىر سالا سۇنلۇق قەبرە، ئېتىمز-
لىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇرماقتا. قەبرە
ئۈستىدىكى قۇرۇپ كەتكەن قۇمۇش يانتاقلار خادى-
لارغا چىگىپ قويۇلغان قىزىل - يېشىل لاتىلار، سا-
مان تىقىلغان قوي، ئۆشكە تېرىلىرى كىشىنىڭ خىيا-
لىنى بىر نەچچە يۈز يىل بۇرۇنقى دىنىي تۇرمۇش
مەنزىرىسىگە قايتۇرۇپ كېتىدۇ.
قاراقاش ناھىيىلىك سىياسى كېڭەشنىڭ رەئى-
سى ئابدۇېلى ھېلىمقۇل ئۆز ئەسلىمىسىنى مۇنداق
بايان قىلدى:
— مەن 1959 - يىلى (26 ياش ۋاقتىمدا) سا-
بىق «يۇقىرى ئۆرلەش» ① گۇڭشېسىنىڭ مۇئاۋىن باش-
لىقى ئىدىم. 2500 كىشىنى باشلاپ كىرىسىپ لەمپىدە
يەر ئېچىشقا يېتەكچىلىك قىلدىم. 70 ياشلىق سەيدى-
كام لەمپىدە ئولتۇرۇشلۇق بىردىن بىر ئائىلە ئىكەن.
ئېرىق كولاپ سۇ باشلاپ كېلەلىگەنلىكتىن زىرائەت-
تېرىلمايدىكەن. ئاش - ئوزۇقنى كەنتتىن ئېلىپ
كىرىدىكەن.
كەتمەن بىلەن كولىۋالغان قۇدۇقىغا يىغىلغان
سىزىندى سۇ ئۇنىڭ ۋە قوي ئۆشكىلىرىنىڭ ئۇسسۇز-
لۇقىنى قاندۇرىدىكەن. ئۇ بىزنىڭ تېرىقنى نەدىن

① ھازىرقى ئوخۇلار يېزىسى

ـمەيدىغان چوڭ لەمپە، ئات - ئۇلاغلىرىنىڭ ئاپتاپتا
يامغۇردا قالماسلىقى ئۈچۈن كەڭ ئازادىچە قىلىپ ياساپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر كارۋان يولۇچىلىرىنىڭ
كۆڭۈلدىكىدەك قونالغۇسىغا ئايلىنىپتۇ.

— لەمپىدە قوندۇق.

— يەنە قانچىلىك ماڭساق لەمپىگە بارىمىز؟

— لەمپىدە ئۈچ كېچىلى — دېگەندەك گەپلەر تەك-
رارلىنىۋېرىپ بۇ قونالغۇغا لەمپە دەپ نام سىڭىپ
قاپتۇ.

موللام بۇ يەردە توختىغان يولۇچىلارغا ئىمام
بولۇپ ناماز باشلاپ ئوقۇيدىكەن. دىنىي بىلىملەرنى
قايىل قىلارلىق سۆزلەيدىكەن. شۇڭا كارۋانلارنىڭ
نەزىرىدە بۇ موللام يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولۇپ
كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ سەدىقە - ساخاۋەتلىرى بىلەن
موللام نۇرغۇن مال - دۇنياغا ئىگە بولۇپ قونالغۇ-
نىڭ شارائىتىنى ياخشىلاپتۇ. خانىقا ۋە ھوجرىلارنى
سالدۇرۇپتۇ. موللام ئۆلگەندىن كېيىن چاكارلىرى
ئۇنى قومۇلۇق دۆۋىسىنىڭ باغرىغا دەپنە قىپتۇ. «مو-
للام» دەپ چاقىرىلغانلىقتىن ھېچكىم ئۇنىڭ ئىسمىنى
بىلمەيدىكەن. شۇڭا بۇ قەۋرە «لەمپە مازار غوجام»
دەپ ئاتىلىپ قالغان ئىكەن. بۇ يەردە ئوتتۇن شاخ
كۆپ، ئوت قالاپ ئىسسىنىش ئىمكانىيىتى ئوبدان
بولغاچقا ھەر يىلى قاتتىق سوغۇق مەزگىللەردە يە-
راق - يېقىنلاردىن نەچچە يۈزلىگەن كىشى بۇ مازار-
نى تاۋاپ قىلغىلى كېلىدىكەن.

تىزلىق باغلارنى بىنا قىلدۇق.

شۇ چاغدىكى ۋىلايەت ھەم ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى لەمپىدە يېڭى يۇرت بىنا بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن رازى بولدى. 1962-يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن بىللە تيەنئەنمېن راۋىقىغا چىقىپ دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 14 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە قاتناشتىم.

× × ×

ئاشلىدىكى لەمپە تەۋەلىكىدە بولغان چىنىۋاغ، شاخلىق، لەمپە، بوستان، ئىنچىكە، دۆڭكۆلدىن ئىبارەت ئالتە كەنت ھازىر كاۋاك يېزىسىنىڭ 1 - ۋە 2 - ئوچاستكىسى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

## يۇمۇلاق

لەمپىنىڭ چىنىۋاغ كەنتىدە «يۇمۇلاق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەھەللە بار. 1959 - يىلى ئەتىيازدا توخولا يېزىسىنىڭ بازار بويى كەنتىدىن قوناخۇن يۇمۇلاق دېگەن كىشى تونجى بولۇپ بۇ يەركە كۆچۈپ كىرىپ ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر بۇ مەھەللىنى قوناخۇننىڭ لەقىمى بىلەن «يۇمۇلاق» دەپ ئاتىغان ئىكەن.

چېپىش يەرنى قەيەردىن ئېچىش ھەققىدىكى سوئاللى-
رىمىزغا پايدىلىق جاۋابلارنى بېرەتتى. ھەم مەسلى-
ھەتچىلىك قىلاتتى.

ئەتراپ قېلىن توغراقلىق بولۇپ توپتىن ئاي-
رىلىپ قالغان ئادەمنى تاپماق خېلى تەس ئىدى.
يەر ئېچىش ئۈچۈن توغراقلارنى يۆتكىۋېتىشكە كۈچە-
مىز يەتمەي ئون قويىۋېتەتتۇق. ئاسمانغا كۆتۈرۈل-
گەن ئوت يالقۇنى كېچىسى يىراق - يىراقلارغا كۆرۈ-
نەتتى. تۈلكە، بۆرىلەر ھەر قەدەمدە ئۇچراپ تۇرات-
تى. توشقانلار - بىزنىڭ دائىملىق گۆشىمىز ئىدى.
ياۋا ئۆگكۈزلار زىرائەتلىرىمىزنى دەسسەپ چەيلەپ
ئاپەت سالاتتى.

كەنتتىكىلەر قارىغاندا كۆكتات يەرنى جىق
بېرىش، كۈنلۈك ئەمگىكىگە نومۇردىن كۆپ خاتىرىلەش
قاتارلىق قىزىقتۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللانغان بول-
سىمۇ دېھقانلار بوز يەردە ماكانلىشىشنى خالىمىدى.
مېنىڭ 1960 - يىلىنىڭ بېشىدىلا ئائىلەمنى لەمپىگە
يۆتكەپ كىرىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىم 120 ئائىلىلىك
دېھقاننىڭ بۇ يەردە ماكانلىشىپ قېلىشىغا تۈرتكە بول-
دى. 1960 - يىلى قىشتا 2500 ئادەمنى سەپەرۋەر
قىلىپ 18 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆستەڭ قازدۇق.
دەريانى باغلاپ سۇ باشلاپ سۇغۇرۇش ئىشلىرىمىزنى
راۋانلاشتۇردۇق. 1962 - يىلى ئەتىيازغا قەدەر
قارالچى، باش لەمپە، شاخلىق، خورازدۆڭ، دىڭ
كۆل قاتارلىق جايلاردا 25 مىڭ مو يەر ئېچىپ ئې-

1714، نوپۇس، 515 ئائىلە، 127 ھازىر دۆڭكۆلدە
مۇتەرىلغۇ يەر بار. 1994 - يىللىق ئوتتۇرىچە
كىرىم 740 يۈەنگە يەتتى.

### قۇربان نىياز ئاخۇننىياز

بۇ كىشى ئۇنتۇغان ھالدا قوغۇنلۇق ئاپرىش،
باشـ ھاجىغەمل، باشھا جىغەمل، چىنار، شاختا شلام،
تۇغرىـ كاۋاك، كاۋاك، بورىغىز①، جەگە كەنتلىرى
تىككۈچە ـ ھىدا سۆز قىلىش ـــ مېۋە يېگەندە كۆچەت
1995 ـ بولاتتى. ھاما قەتلىك ئالىمغاندەك
نى ئەسكە ئۈزـ كىشىنى بۇ مەن كۈنى 30 - ئاينىڭ 1 - يىلى
قىلدىم. زىيارەت ئۆيىدە ـىنىڭ
قىـ تۇتۇش ئىشقا يا خشى بىر ھەممە تىلىك ـــ ئە
قاندا ق كاۋاكتا ئەۋلادلىرىنى كەلگۈسى لىپلا،
بىلىـ بولغا بىنا يۇرت چىرا يلىق جەننەتتەك بولۇپ
بولمايتتى. قىلمىساق
تەۋەتـ سۇر ئىنى ياشلىرىنى كۆز ياجانلىق ئۇ ھا ـــ خەۋەردار قىدىن
داۋاملاشتۇردى. سۆزلىرىنى كېيىن كەندىن
يىـ - 1958 ياشقا كىردىم. 75 يىل بۇ مەن ـــ
كۆكشىنىڭ «تەچلىق» مەن چاغدا ئۇ( ئايدا 9 - لى
باشلاپ ئادەمنى 2000 ئىمدىم.) شۇجىسى ئارىپ ما
تەۋەسىدە كاۋاك ئاچقىلى كىردىم. بەر بوز كاۋاككا

① بورە ئېغىز - ھەت نامى بولۇپ، كىشىلەر تىلىدا «بورىغىز»
دەپ ئۆزلىشىپ قالغان.

## خوراز دۆڭ

شاخلىق كەنتىدە خوراز دۆڭ دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار، جەندە - كۇلا كەمىگەن، تۇغۇلغاندىن بېرى چاچ - ساقىلىغا ئۇستىرا تەگمەي باقمىغان بىر ئاشىق (دەرۋىش) ئېگىز قۇملۇق باغرىدىكى شاخ كەپىدە ياشايدىكەن. دۇنيالىقتا ئۇنىڭ بىرلا خورىزى بار ئىكەن. بۇ يەردىن ئۆتكەن يولۇچىلار خورازنىڭ چىلىلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بۇ ئېگىز قۇملۇقنى خوراز دۆڭ دەپ ئاتىغان ئىكەن. 1958 - يىلى «خوراز دۆڭ» ئەتراپىدا يەر ئېچىش باشلانغاندا يالغۇزلۇقنى خالايدىغان بۇ ئاشىق كۇدە - كۆرپىلىرىنى يۈدۈپ خورىزىنى قولتۇقلاپ بۇ يەردىن كۆچۈپ كەتكەن ئىكەن.

## دۆڭكۆل

يول بويىدىكى ئېگىز قۇملۇقنىڭ تۈۋىدە تەبىئىي تۇزلۇق كۆل بار ئىكەن. كۆلنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ تۇرغاچقا، دۆڭكۆل دەپ ئاتالغان ئىكەن. ئېرىق - ئۆستەڭ قېزىش، يەر ئېچىش، يول ياساش سەۋەبلىرى بىلەن، ھازىر بۇ كۆلنىڭ ئىزناسى كىچىكلەپ كەتكەن بولسىمۇ، 1958 - يىلدىن ئېتىبارەن بىنا بولغان بۇ كەنت -- دۆڭكۆل دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

تىكە شاخ دۆۋىلەپ قويۇپتۇ. بۇ ئىش ئېغىزدىن قۇلاققا يۆتكىلىپ يولۇچىلار بۇ يەرگە شاخ تاشلاپ قويۇشقا ئادەتلىنىپتۇ. 1958 - يىلغىچە ئىككى مو كەلـگۈدەك يەرگە شاخ دۆۋىلىنىپ بولغان ئىكەن.

هازىر بۇ كەنتتە ماكانلاشقان ئائىلە 129 گە، نوپۇس 476 گە، تېرىلغۇ يەر 1338 موغ يەتتى. 1994 - يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 650 يۈەنگە يەتتى.

## قوغۇنلۇق ئايرىش

1960 - يىلى ئىككى يول كېسىشكەن دوقمۇشنىڭ يېنىدىكى ئېتىزلىقلارغا قوغۇن تېرىلغان ئىكەن. دېھقانلار ئىشتىن چۈشۈپ بۇ يەرگە كەلگەندە ئۆز ئۆيلىرى تەرەپكە ئايرىلىپ ماڭغانلىقتىن بۇ دوقمۇش «قوغۇنلۇق ئايرىش» دەپ ئاتىلىپتۇ. كېيىنچە بۇ ئاتالغۇ كەنتنىڭ نامى بولۇپ قاپتۇ.

## بۆرە ئېغىز

قۇملۇق دۆڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر ھەم تارچا يېرىنى مالچىلار «بۆرە ئاغزى» دەپ ئاتىغان ئىكەن. كېيىنچە «بۆرە ئېغىز» غا ئۆزگىرىپ بۇ يەردە بىنا بولغان كەنتنىڭ نامى بولۇپ قاپتۇ.

## تۇزلۇقئۇتاغ

نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان بۇ يەر خوتەن -

مەن قەدەم باسمىغان دۆڭ - چوقۇر، مەن كەتمەن سالمىغان ئېتىز - ئېرىق يوق. مېنىڭ بوز يەر ئېچىشقا يېتەكچىلىك قىلىشتىكى نەتىجىلىرىم 1965 - يىلى «خەلق گېزىتى» دە «كەتمەن شىجاڭ» دېگەن ماۋ-زۇدا پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇشتۇرۇلدى. 1966 - يىلى «مىللەتلەر رەسىملىك ژۇرنىلى» نىڭ مۇقاۋىسى-غا كەتمەن چېپىپ تۇرغان كۆرۈنۈشتىكى سۈرىتىم بېسىلدى. مەن ئۇنىڭدىن:

— ئاشۇ گېزىت - ژۇرناللارنى ساقلاپ قويغان-مىدىلە؟ — دەپ سورىدىم. ئۇ:

— مەدەنىيەت ئىنقىلابى يىللىرىدا «يالغان ئاكتىپ» دېگەن بەتنامىغا قېلىپ كۈرەش سەھنىلىرى-دە تاياق - توقماق زەربىسىگە ئۇچرىدىم. شۇ ۋا-قىتلاردا ئۇ ژۇرنال - گېزىتلىرىنى ئاتالمىش ئىنقى-لابچىلار يىرتىپ تاشلىغان ئىدى. — دېدى.

## شاخ تاشلام

كاۋاكنىڭ ئۇچىدا ستىكىسىدا شاخ تاشلام دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت بار. 1940 - يىللىرى چىنار-خان ئىسىملىك بىر ئايال سەپەر ئۈستىدە قازا قىپتۇ. ھەمراھلىرى ئۇنىڭ جەسىتىنى، چېغىر يول بويىدىكى قۇملۇققا كۆمۈپ قويۇپتۇ. بۆرە تۈلكىلەرنىڭ قۇم-لۇقنى كولاپ جەسەتنى يەپ كەتمەسلىكى ۋە شامالدا جەسەتنىڭ ئېچىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن قەبرە ئۈس-

## تۇزلۇقئۇ تاغدىكىلەر ئەسلى قەيەرلىك؟

جاپپار ناسىر 1960 - يىل 4 - ئايدىن 1968 - يىلغىچە 3 قېتىم، يەتتە يىل ئىككى ئاي تۇزلۇقئۇ تاغ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ يەردىكى تۇنجى يول، تۇنجى ئېرىق، تۇنجى ئېتىز، تۇنجى كۆچەتلىكنى بىنا قىلغان تۆھپىكارلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇ تۇزلۇقئۇ تاغدىكى يېڭى يۇرت پەيدا بولۇش جەريانىدا ئۆز قولى بىلەن ئىشلىگەن، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

— 1960 - يىل 4 - ئايدا مەرھۇم رەجەپ ئىمىن بىلەن مەن ئىككىمىز دېھقاننى باشلاپ يولغا چىقتۇق. كاۋاك دېگەن يەرگە كەلگەندە يول ئۈزۈلدى. دەريانىڭ ئىچى بىلەن مېڭىپ سۇ ياكى پاتقاقلىق ئالدىمىزنى توسقاندا قىرغاققا چىقىپ توغراقلىققا ئوت قويۇپ يول ئېچىپ ماڭدۇق، 8 - كۈنى تۇزلۇقئۇ تاغقا يېتىپ كىردۇق. بۇ ئەتراپتا مالچىلاردىن باشقا بىرمۇ ئولتۇراقلاشقان ئائىلە يوق ئىدى. كېچىلىرى ئوچۇقچىلىقتا قۇملۇق دۆڭنىڭ باغرىدا ياتتۇق، كىملە ① نىڭ چىشلىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەتراپىمىزغا شاخ دۆۋىلەپ ئوت يېقىۋېتىپ ئۇخلايتتۇق. 1300 ئادەم ئېرىق چېپىش، يەر ئېچىش بىلەن شۇغۇللانسا، 700 ئادەم ئەسلى يۇرتىمىزدىن

1) كىملە - قۇملۇقتا ياشايدىغان ئۆمىلىگۈچى ھايۋان

ئاقسۇ ئارىلىقىدا قاتنايدىغان كارۋانلار توختاپ ئارام ئالىدىغان، ئالماق - ساتماق قىلىدىغان قونالغۇسى ئىكەن. قونالغۇنىڭ يېنىدا سۈيى تۇزلۇق بىر قۇدۇق بار ئىكەن يولۇچىلار ئاش - تاماق ئېتىشكە بۇ قۇدۇقنىڭ سۈيىنى ئىشلىتىدىكەن. شۇڭا بۇ يەر تۇزلۇقتاغ دەپ ئاتالغان ئىكەن. باھار كېلىپ توغراقلار كۆكلىگەندىن باشلاپ قىش پەسلى قار ياغ- قىچە توغراقلىقلاردا پادا - پادا قوي - ئۆچكىلەرنى باقىدىغان مالچىلار نەي راۋاپلىرىنى چېلىشىدىكەن.

1960 - يىلى «راكىتا» گۇڭشېسى (پوچاقچى، قويچى يېزىلىرى ۋە ماڭلاي يېزىسىنىڭ بىر قىسمى) بۇ يەردە دېھقانچىلىق مەيدانى قۇردى.

1975 - يىلى ناھىيىلىك «شەرق شاملى» دېھقان- چىلىق مەيدانىغا تەۋە بولدى. 1978 - يىلى كاۋاك گۇڭشېسىنىڭ 6 — 7 - باشقۇرۇش رايونى بولدى. 1984 - يىلى بۇ ئىككى باشقۇرۇش رايونى كاۋاك يېزىسىدىن ئايرىلىپ ئۆز ئالدىغا تۇزلۇقتاغ يېزىسى تەسىس قىلىندى. 1990 - يىلى قايتى- دىن كاۋاك يېزىسىغا تەۋە قىلىندى.

1994 - يىل ئاخىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا تۇزلۇقتاغدىكى سەككىز كەنتتە 457 ئائىلە، 1937 نوپۇس، 4800 مو تېرىلغۇ يەر بار ئىكەن.

يىلى ئاياغ كالۇ سۇ ئامبىرىنى ياساپ دەرياغا كەل-
گۈن كېلىشىگىلا تەلمۈرۈپ تۇرماي ئېتىزلىقىمىزنى
ئەتىيازدىكى قۇرغاقچىلىق مەزگىلىدىمۇ سۇغىرالاي-
دىغان بولدۇق.

1964 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە يېڭىگول
(تۈزلۈقتۇ تاغنىڭ يېڭى ئاتىلىشى) دېھقانچىلىق مەي-
دانىمىزدا 16 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا بىر ئۆستەڭ، 25
كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا ئون ئىككى ئېرىق قېزىلدى.
زىرائەت تېرىلغۇ يەر 12 مىڭ 668 موغا، يىللىق
ئاشلىق مەھسۇلاتى 358 مىڭ 12 كىلوگرامغا، پاختا
26 مىڭ 900 كىلوگرامغا، مايلىقدان 42 مىڭ 135
كىلوگرامغا، كوللېكتىپ، خۇسۇسىلا ئىگىلىكىدىكى
چارۋا 844 تۇياققا، كوللېكتىپنىڭ نەقپۇل كىرىمى
10 مىڭ 500 يۈەنگە، قوغۇن - تاۋۇز، بېدە، تېرىلغۇ
يەر 996 موغا يېتىپ ئاشلىق بىلەن ئۆزىمىزنى تەمىن-
لەشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. خاتىرجەم ئولتۇراقلاشقان
ئائىلە 400 گە يەتتى.

## ماياق دۆڭ

بۇرۇن بۇ يەردىكى ئېگىز قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە
شاخ بىلەن قوشام قىلىپ ياسالغان ئېغىل بار ئىكەن.
مالچىلار قوي - ئۆچكە پادىلىرىنى كۈندۈزى توغراق-
لىقتا بېقىپ، كېچىلىرى بۇ ئېغىلغا سولاپ قويىدىكەن.
يىللار ئۆتكەنسېرى بۇ ئىغىل ماياق بىلەن قاپلىنىپ

ئاشلىق توشۇش ئۇچۇن سەپەر ئۇستىدە بولاتتى. ئاشلىق يېتىپ كەلگىچە ئاچ قېلىپ يېرىلىك قوناقنى قايىنتىپ يېگەن-كۈنلەرمۇ بولغان ئىدى.

كۈنىگە 16 سائەتلىك ئېغىر ئەمگەككە، ئاچلىققا بەرداشلىق بېرەلمەي جاننى ئالقانىغا ئېلىپ قېچىپ كەتكەنلەردىن ئۈچ كىشى يولدىن ئېزىپ جاڭگالدا ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى.

1962 - يىلىنىڭ بېشىدا مەيدان بويىچە كول-لېكتىپ يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشنى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرى (كەنتلەر) بويىچە يەر ئېچىپ تېرىق-چىلىق قىلىشقا ئۆزگەرتتۇق.

چالا قۇدۇققا① ياغاچچى، تۆگىمەن ئېرىقتىن② كىرگەنلەرنى، تاۋىدان دۆڭگە① پۇچاقچى②، قازاقتىن كىرگەنلەرنى ②، بوستان توغراققا② باچۇق②، كۆك-ياردىن② كىرگەنلەرنى، ئاچچىققا① سەيشەنبە بازار②، قۇتلۇق② تىن كىرگەنلەرنى، يالغۇز توغراققا① يېڭى ئۆستەڭدىن كىرگەنلەرنى. شالئېغىل① غا، قارلا، جايدىن② كىرگەنلەرنى، ماياقدۆڭگە① ئاياغ قۇدۇغ-لىدىن كىرگەنلەرنى ئورۇنلاشتۇردۇق.

1962 - يىلى كالو سۇ ئامبىرىنى، 1963 - يىلى كۆچەت جىگدە سۇ ئامبىرىنى (بۇ سۇ ئامبىرىنى 1973-يىلى دەريانىڭ كەلكۈن سۈيى بۇزۇۋەتتى)، 1965 -

① تۈزلۈكتىكى تاغ ۋە قويچى، پۇچاقچى، ماڭلاي يېزىلىرىدىكى
پەر دامىلىرى

## چالا قۇدۇق

بۇرۇنقى زاماندا چالا كولانغان قۇدۇقلاردىن بىر نەچچە يەردە ئۇچرىغانلىقتىن چالا قۇدۇق دەپ ئاتالغان ئىكەن.

## نەزەرباغ

بىر كىشى بۇ يەردە باغ بىنا قىلىپ، گۈللەندۈرگەنلىكىگە قارىتىپ نەزەر باغ دەپ ئاتالغان ئىكەن.

## ئاچچىق

بۇرۇن بۇ يەرنىڭ سۈيى ئاچچىق سالىق بولغانلىقتىن بۇ جايدا ئۆستەڭ، ئېرىق چېپىپ يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ يېڭى يۇرتىنى ئاچچىق دەپ ئاتىدى.

كېتمپتۇ، 1962 ـ يىلى بۇ دۆڭلۈكنىڭ يېنىدا بىنا بولغان يېڭى مەھەللە ـ مايا ق دۆڭ دەپ ئاتالغان.

## شائىبغىل

بۇرۇن قوي ـ ئۆچكىلەرنىڭ ئېغىلى بولغان جايغا 1967 ـ يىلى جىگدە كۆتەكلىرىدىن تىلىنغان شال بىلەن ئۆي سېلىنىپ دېھقانلار ئولتۇراقلاشقانـ لىقتىن بۇ يەر شائىبغىل دەپ ئاتالغان.

## بوستان توغراق

1962 ـ يىلى يازنىڭ ھاۋا راسا قىزىغان بىر كۈنى يەر ئېچىپ تۇرغان دېھقانلار بىلەن مەجلىس ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇلار ئىش ئورنىدىن 300 قەدەمچە يىراقلىقتىكى توغراقلىققا كېلىپ سايىداپ ئولتۇرۇپ بىر دەيلەن:

ـ يۇرتىمىزدىكى بوستانلىقتا ئولتۇرغاندەك بولدۇق، ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر بوستان توغراقلىق دەپ ئاتالدى.

## يالغۇز توغراق

شاخلىرى يىراقلاردىن كۆرۈنىدىغان ئېگىز بىر تۈپ توغراق ئەتراپىدىكى بۇ يېڭى يۇرت يالغۇز توغراق، دەپ ئاتالدى.

تۇرغاندا ئېلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (خۇدانىڭ رەھ-
مىتىگە ئېرىشكەن ئېلى):

— دەرۋازىنى مەن ئاچىمەن، — دەپتۇ. لەش-
كەرلەردىن بىرسى يېنىدىكى چوڭ بىر توپ چىنارنى
كۆرسىتىپ:

— چىنارنى يۇلۇپ بېقىڭ بولمىسا گېپىڭىزگە
ئىشەنمەيمىز، — دەپتۇ. ئېلى چىنارنى بىر تارتقان
ئىكەن، چىنار ئىككى پارچە بولۇپ يۇلۇنۇپ
چىقىپتۇ. ئۇ بۇ ئىككى پوتاق چىنارنى بېشىدىن
ئايلاندۇرۇپ ئاسمانغا ئاتقان ئىكەن بىر پوتىقى
ئەختام كەنتىگە چۈشۈپ يىلتىزى ئۈستىدە شاخلىرى
ئاستىدا تەتۈر ياشىرىپ قاپتۇ.① يەنە بىر پوتىقى
مۇشۇ گۈلباغ كەنتىگە چۈشۈپ ياشىرىپ قاپتۇ.

ئىسلام قوشۇنلىرى بىر كۈندە خەيبەرنىڭ بىر
كوچىسىنى ئىشغال قىلغاچقا بۇ چىنار كۈندە بىر
پوتاق چىقىرىپتۇ. ئالتە كۈنلۈك جەڭدىن كېيىن پۈتكۈل
خەيبەر شەھىرى ئىسلام قوشۇنلىرىغا تەسلىم بولۇپتۇ.
چىنارمۇ ئالتە پوتاق چىقىرىپتۇ. «كىمدە كىم بۇ چىنار-
نىڭ ئەتراپىنى ئالتە قېتىم ئايلىنىپ ئېلىنىڭ روھىغا
ئاتاپ دۇئا قىلسا، بۇ كىشىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان
بالايىئاپەتلەردىن 6 قېتىملىقى كەچۈرۈم بولار-
مىش دېگەن گەپلەر بار.

① ئەختەم — قاراقاش بازىرى تەۋەلىكىدىكى بىر كەنت. 1960 - يىلى ئاتېزىم تەشۋىقاتى قانات يايدۇرۇلغاندا بۇ كەنتتىكى چىنار قومۇرۇۋېتىلگەن.

# چىنار ھەققىدە رىۋايەت

ئاقسارايى يېزىسىنىڭ گۈلباغ كەنتىدە بىر تۈپ چىنار بار. بۇ چىنارنىڭ ئېگىزلىكى 34.6 مېتر، تومۇلۇقى يەتتە ئادەمنىڭ غۇلىچىغا باراۋەر كېلىدۇ. شاخلىرى جەنۇبتىن شىمالغا 30 مېتر، غەربتىن – شەرققە 28 مېتر يېيىلغان بولۇپ 1.5 مو يەرنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ. بۇ دەرەخ 3.5 مېتر ئېگىزلىگىندە ئالتە غول شاخقا ئايرىلغان بولۇپ شاخلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلانمىسى 3.5 مېتر كېلىدۇ. بۇ چىنار توغرىسىدا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار.

مۇھەممەت پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ ئەسھابى لەشكەرلىرىگە:

— خەيبەر شەھىرىدىكى بۇتپەرەس خەلقنى ئىمانغا دەۋەت قىلىڭلار! رازىلىق بىلەن ئىمان ئېيتسا قىلچە زىيان – زەخمەت يەتكۈزمەڭلار! قارشىلىق كۆرسەتسە بەيئەت (تەسلىم) بولغۇچە ئۇرۇش قىلىڭلار،— دەپ بۇيرۇپتۇ. لەشكەرلەر مەككىدىن سەپەرگە چىقىپ خەيبەرنىڭ چېگرىسىغا كېلىپ قارىسا بۇتپەرەسلەر شەھەر دەرۋازىسىنى مەھكەم تاقاپ پۇختا مۇداپىئەدە تۇرۇپتۇ. ئەسھابىلار ھەر ئامال قىلىپمۇ سېپىلنى ياكى دەرۋازىنى بۇزالماپتۇ. ھەممەيلەن قانداق قىلىش ھەققىدە باش قاتۇرۇپ

قوتانلارغا سولايدۇ. توغراق يوپۇرمىقىدىن ئوزۇق-
لانغان ماللار قىشتىن پوقوم ئامان چىقىدۇ، دېگەن
سۆز بۇ يەردىكى چارۋىچىلارنىڭ ھېكمىتىگە ئايلانغان.

2. دېھقانچىلىقتا. قېرى توغراقلارنىڭ ئىچى
پورلىشىپ كاۋاك بولۇپ قالىدۇ. دېھقانلار بۇنداق
توغراقلارنى ھەرە بىلەن ئۆلچەپ كېسىپ، بىر ئاز
ئىشلىگەندىن كېيىن چوڭ-كىچىك قوغاچىلارنى
ياساپ دېھقانچىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

3. كۈندىلىك تۇرمۇشتا. 1) سۈپەتلىك ئۆس-
كەن قېرى توغراقلارنىڭ غول تۈپ قىسىملىرىنىڭ
پورلىرىنى زىخچىلاپ چىقىرىۋېتىپ، سىلىقداپ
چىرايلىق ياغاچ تۇڭلىرىنى (ماتال دەپ ئاتايدۇ)
ياساپ ئىشلىتىدۇ.

2) ئۇزۇن يىللىق توغراقلار قېرىغاندىن كېيىن
بوران-چاپقۇنلاردا يىقىلىپ يېتىپ قالىدۇ. دېھ-
قانلار توشۇپ كېلىپ ئوتۇن قىلىدۇ.

3) قېرى توغراقلارنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق
چوغىنى كۆمۈپ ئۇنىڭدا شاخار (شولتا) ئايرى-
ۋېلىپ يەرلىك ئۇسۇلدا سوپۇن ياساپ ئىشلىتىدۇ.
بۇ-قاراقاش دېھقانلىرىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك ئەنئەنىۋى
ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ھېلىھەم
داۋام ئېتىپ كەلمەكتە.

4) توغراقنىڭ غولىدىن سۇ قابىناپ چىقىپ
قېتىپ قالىدۇ. بۇ ئاق توغرىغا دەپ ئاتىلىپ بۇنى

بۇ چىنار ناھىيە دەرىخىلىك قوغدىلىدىغان ئاسارە-ئەتىقە بولۇپ، ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى مەبلەغ چىقىرىپ ساياھەت ئورنى قىلىپ باشقۇرماقتا. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر بۇ ھەيۋەتلىك چىنار دەرىخىدىن ھۇزۇر ئالماقتا.

## توغراق توغرىسىدا خاتىرە

### ئابدۇۋەلى ھېلىمقۇل

قاراقاش دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىمىدىن مازار تاغ ئېتەكلىرىگىچە بولغان دەريا ۋادىلىرى قويۇق توغراق ئورمانلىقى بولۇپ، بۇ يەردە نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە قېرى توغراقلار بار. بۇ توغراقلىقلاردا تۈلكە، قىرغاۋۇل، ياۋا توڭگۇز قاتارلىق ھايۋانلار ياشايدۇ.

قاراقاش خەلقى ئۈزۈن يىللاردىن بۇيان بۇ توغراقلاردىن كۆپ تەرەپلىمە پايدىلىنىپ كەلدى.

1. چارۋىچىلىقتا. توغراقنىڭ شاخ يوپۇرماقلىرى چارۋىلارنىڭ قىممەتلىك ئوزۇقلۇقى بولۇپ، چارۋىچىلار ھەر يىلى قويلارنى تاغقا ھەيدەشتىن بۇرۇن 4-ئاي مەزگىلىدە توغراقلىققا ئېلىپ بېرىپ يايلىتىدۇ. بۇنى چارۋىچىلار «قويلارنى شاخقا سېلىش» دەپ ئاتايدۇ. قويلارنى تاغدىن قايتۇرۇپ كېلىشتىمۇ ئالدىن توغراقلىققا ھەيدەپ، بىرىپ بىر مەزگىل باققاندىن كېيىن ئاندىن قىشلىق

## قاراقاش ناهييسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىنكى هاكىملار

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1. | بىلك جاۋ | بېيجىڭلىق | 1920·4· |
| 2. | يۈەن چىرۋي | خېنەنلىك | 1922·9· |
| 3. | ياڭ يىڭنەن | يۈننەنلىك | 1923·4· |
| 4. | لى جىڭفىك | بېيجىڭلىق | 1925·10 |
| 5. | يەن يۇڭجى | گەنسۇلۇق | 1926·4· |
| 6. | جاڭ شاۋگو | خېبېيلىك | 1928·4 |
| 7. | فىك لياڭ | يۈننەنلىك | 1929·6 |
| 8. | ليوشاۋجاڭ | شىنجاڭلىق | 1929·8 |
| 9. | يەنجو | گەنسۇلۇق | 1930·1 |
| 10. | تۇرسۇن مەھەممەت | قاراقاشلىق | 1933· |
| 11. | ياڭجۇڭجى | شىنجاڭلىق | 1934·6 |
| 12. | ماۋىن گوڭ | شىنجاڭلىق | 1934·8 |
| 13. | لىۋېشاڭ | يۈننەنلىك | 1935·8 |
| 14. | يۇسۇپ هاجى | شىنجاڭلىق | 1936·8 |
| 15. | شاكۇجىك | شىنجاڭلىق | 1937·6 |
| 16. | ئىمىن هاجى | قاراقاشلىق | 1937·8 |
| 17. | قۇربان بەگ | قاراقاشلىق | 1937·9 |

ئاشپۇزۇللاردا خېمىرغا ئارىلاشتۇرۇپ ھەر خىل تاماقلارنى ياساشتا ئىشلىتىدۇ. بۇ ئىلگىرىكى تەبىئىي سۇدا ھېسابلىنىدۇ.

ئۇندىن باشقا ياخشى ئۆسكەن توغراقلاردىن ئۆيلەرنى ياسايدۇ. ئۇنىڭ چىدامىلىقى كۈچلۈك بولۇپ قۇرت يېمەيدۇ.

توغراقنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى ئۇنىڭ يىلتىز قىسمىنى كەسكەندە بۇلۇقلاپ سۇ تەپچىپ چىقىدۇ. قارا قاشتا «بۇ سۇنى ئىچسە قېرىمايدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. تېنى ساغلام، قېرىغانلىقنى بىلگىلى بولمايدىغان بەزى كىشىلەرنى «توغراق سۈيى ئىچىۋالغان» ياكى «مۆڭگۈ سۈيى ئىچىۋالغان» دېگەن سۆز مۇشۇنىڭدىن قالغان.

40، جاڭ زىۋاڭ ھەربىي ۋەكىل 1971.6—1973.5
41. پازىل تۇرسۇن ئىنقىلابىي كومىتېت مۇدىرى
1973—1978.10
42. قاسىم پاسار ئىنقىلابىي كومىتېت مۇدىرى
1978.8—1981.12
43. ئابدۇللا يۇنۇس ھاكىم قاراقاشلىق
1981.12—1984.7
44. ئابدۇللا مۇخسۇت ھاكىم قاراقاشلىق
1984—1988.10
45. جۇرئەت مەمتىمىن ھاكىم لوپنۇرلىق 1988—1990
46. ئابدۇكېرىم تۇردى ھاكىم قاراقاشلىق
1990—1993
47. ئىبىز مەتسەيدى ھاكىم نىيادىن 1993—1995

## پېشقەدەم ھاكىم مەتشىرىپ قاسىم

مەتشىرىپ قاسىم 1918 - يىلى قوچى يېزىسىنىڭ تۇتلۇق كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1928 - يىلىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە ۋە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 1950 - يىلىغىچە دېھقانچىلىق ۋە كەسىپىي تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان.

1950 - يىلى 5 - ئايدا تۇنجى قېتىم دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىلى، مۇئاۋىن مۇدىرى، 9 - ئايدا رايونلۇق دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 1952 - يىلى دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ

18. ياۋشۇجىڭ خېبېي 1937.12

19. ليومىڭلياڭ خۇبېي 1938.3

20. مەمەت ئىبلى قاغىلىق 1939.7

21. ناسىرجان شىنجاڭ 1940.4

22. چىڭ شوشۋي خۇنەن 1941.11

23. ياۋشاۋسەن خېبېي 1943.12

24. يۇچاۋلىڭ جىلىن 1944.5

25. يويولىن ئەنخۋي 1946.5

26. خۇاۋيىشاڭ تۇرپانلىق ئۇيغۇر 1947.7

27. ۋاھىت بەگ 1948.2

28. مەتقۇربان پازىل قاراقاشلىق 1948.7

29. مۇسايوپ ئۇرۇمچىلىك 1950—1954.5

30. نۇر مۇھەممەت خۇدابەردى قاراقاشلىق
1954—1955.8

31. مەتشىرىپ قاسىم قاراقاشلىق
1955.9—1956.9

32. لياڭ چىڭشەن شەنشىلىك 1956.9—1958.1

33. لى جىڭفۇ شەندۇڭلۇق 1959.1—1963.6

34. تاڭ خىڭۋۇ شەنشىلىك 1963.6—1965.6

35. ياڭ جى جې شەنشى 1965.6—1966.5

36. بارى تۇردى قاراقاشلىق 1965.5—1966.5

37. مەتشىرىپ قاسىم قاراقاشلىق
1966.5 — 1967.3

38. ماشىڭ شاۋ ھەربىي ۋەكىل 1970—1971.6

39. ۋەنچىڭتەي ھەربىي ۋەكىل 1970—1971.6

# مەرھۇم پازىل تۇرسۇن

پازىل تۇرسۇن 1930 - يىلى 5 - ئايدا پوچاقچى يېزىسىنىڭ شاخلىق كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1952 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. 1954 - يىلى 8 - ئايدا پارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن. ئالىي تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە.

مەرھۇم پازىل تۇرسۇن خىزمەتكە قاتناشقان 40 يىل ئىچىدە قاراقاش خەلقىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. ئۇ، 1951 - يىلدىن 1953 - يىلغىچە 10 - رايون تەشۋىقات كەنسىسى، 1953 - يىلدىن 1958 - يىلى 8 - ئايغىچە 3 - رايوننىڭ پارتكوم شۇجىسى بولغان؛ 1958 - يىلى 9 - ئايدىن 1961 - يىلغىچە سابىق ماي گۇڭشېسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، 1962 - يىلدىن 1970 - يىلغىچە قاراقاش ناھىيەلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، 1970 - يىلىدىن 1978 - يىلغىچە قاراقاش ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1978 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە كىرىيە ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. 1981 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1984 - يىلى

مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1954 - يىلى 4 - رايون (زاۋايېزىسى) غا چۈيجاڭلىققا تەيىنلەنگەن ۋە پارتىيىگە كىرگەن. 1955 - يىلى 8 - ئايدا قاراقاش ناھىيىلىك يېزا خىزمەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان.

1956 - يىلىدىن 1982 - يىلغىچە قاراقاش ناھىيىسىنىڭ مۇۋەققەت ھاكىمى، ھاكىمى ۋە 1972-1973-يىلى بىر يىلغىچە ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. 1982 - يىلىدىن 1984 - يىلغىچە قاراقاش ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى بولغان. 1984 - يىلدىن باشلاپ دەم ئېلىشقا چىققان.

ھازىر 80 ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان ئاپئاق ساقاللىق بوۋاي مەتنىياز قاسىم قاراقاش تارىخىدا 26 يىل ھاكىملىق قىلغان، گاھى ئېشەك، گاھى ئات مىنىپ بەزىدە ھەتتا پىيادە يۈرۈپ خىزمەت قىلغان، پاك - دىيانەتلىك رەھبەرلەرنىڭ بىرى. ئۇ تۈزلۈقتۇ تاغ بوز يەر مەيدانى، كاۋاك، ئۇرچى، سەككىز پارچە بوز يەر مەيدانلىرى، كۆيا ئاتېغىلىدىكى 563 مو باغۇەنچىلىك مەيدانىنى ئېچىش قاتارلىق جاپالىق ئەمگەك مەيدانلىرىدا دېھقانلارغا بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلغان ۋە ئۈن - تىنسىز ئىشلىگەن تۆھپىكار ھاكىملارنىڭ بىرى.

مۇئاۋىن ھاكىمى، 1970 - يىلدىن 1981 - يىلى 12-
ئايغىچە ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن
مۇدىرى، 1982 - يىلى 12 - ئايدىن 1984 - يىلى
3 - ئايغىچە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي
كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، 1986 - يىلى 12 - ئايغىچە
ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى
بولغان.

1986 - يىلى 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دەم
ئېلىشقا چىققان. 1993 - يىلى 3 - ئاينىڭ 27 -
كۈنى 67 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئابدۇكېرىم تۇردى

ئابدۇكېرىم تۇردى 1939 - يىلى 5 - ئايدا
قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ماڭلاي يېزىسىغا قاراشلىق
باش ماڭلاي كەنتىدە تۇغۇلغان. 1947 - يىلغىچە
ئائىلە تەربىيىسىدە، 1952 - يىلغىچە باشلانغۇچ
مەكتەپ تەربىيىسىدە بولغان. 1953 - يىلدىن 1955 -
يىلغىچە دېھقانچىلىق قىلغان، 1955 - يىلى 11 -
ئايدا قاراقاش ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك
ئىدارىسىنىڭ ئىشچىلىقىغا قوبۇل قىلىنىپ 1957 -
يىلى 4 - ئايغىچە ئىشلىگەن. 1957 - يىلى 4 - ئايدا
كادىرلىققا ئۆزگەرتىلىپ شۇ يىلدىن باشلاپ، 1965 -
يىلغىچە 3—4 - رايونلاردا (ھازىرقى زاۋا، سايباغ
يېزىلىرى) گوڭشېن كادىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1965 -

3 ـ ئايدىن 1990 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە قاراقاش ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان.

1990 ـ يىلى 10 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 1993 ـ يىلى 2 ـ ئايدا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

## مەرھۇم بارى تۇردى

بارى تۇردى 1926 ـ يىلى قاراقاش ناھىيەسىنىڭ كۇيا يېزىسىدىكى گادۇي كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1952 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. 1953 ـ يىلغىچە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، 1954 ـ يىلغىچە 8 ـ رايون ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، 1954 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1956 ـ يىلغا قەدەر ئىلگىرى ـ ئاخىر 2 ـ ۋە 8 ـ رايوننىڭ رايون باشلىقى، 1956 ـ يىلدىن 1959 ـ يىلغىچە ناھىيىلىك يېزا خىزمەت بۆلۈمىنىڭ مائاۋىن باشلىقى، 1959 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە سابىق شاخيو گوڭشې (ھازىرقى توخۇلا يېزىسى)، خوجيەن گوڭشې (ھازىرقى پوچاقچى، قوچى يېزىلىرى) نىڭ يېزا باشلىقى، 1962 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1965 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، 1965 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1970 ـ يىلغىچە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ

ئۇدا 10 يىل يۇقىرى مول ھوسۇل ئالغان نەمۇنىچى
دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن. 1990 - يىللىرى
ئاپتونوم رايونى بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى-
دىكى ئىلغار خىزمەتچى، ئاپتونوم رايونى بويىچە
كۆكەرتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى، شۇ
يىلى يەنە مەملىكەت بويىچە سىلوس ياساش تېخنى-
كىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ئۈلگە بولۇپ دېھقان-
چىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ شەرەپ گۇۋاھنامىسىغا،
مەملىكەت بويىچە ئۈچ شىمالىي رايون ئىھاتە ئورمان
بەلبېغى ئىككىنچى قارارلىق قۇرۇلۇشىدا ئەلا نەتىجە
يارىتىپ، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «يېشىل
مەددىچىن» شەرەپ مېدالىغا ئېرىشكەن. ئۇ مەيلى
يېزىلاردا شۇجى، ناھىيىدە ھاكىم بولغان مەزگىل-
لەردە بولسۇن يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقلىرىدا دېھ-
قانلار بىلەن بىللە بوز يەر ئاچتى، 20 مىڭ مو
پاختا بازىسى ئېچىش قۇرۇلۇشىغا بىۋاسىتە قومان-
دانلىق قىلدى، سۇ قۇرۇلۇشى، كەلكۈننىڭ ئالدىنى
ئېلىش جەڭ مەيدانلىرىدا خەتەردىن قورقماي يار
ئېغىزىغا سەكرەپ چۈشۈپ جەڭ قىلدى. ھازىر سىيا-
سىي كېڭەشكە كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۆزىنىڭ كېسەل-
لىككە قارىماي سىياسىي كېڭەشنىڭ بىنا قۇرۇلۇشى،
تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ئەزالار پائالىيىتى قاتارلىقلار-
نىڭ ھەممىسىدە يېڭىچە مەنزىرە ياراتماقتا.

يىلدىن؛ 1977 - يىلغىچە ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ ئالغا گوڭشې (ھازىرقى سايباغ يېزىسى) پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، قىزىل يۇلتۇز گوڭشې (ياۋا) پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، قاراقاش ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، 1 - ماي گوڭشې (ھازىرقى قاراقاش بازىرى) پارتكومىنىڭ شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1977 - يىلى 4 - ئايدىن 1992 - يىلى 11 - ئايغىچە ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ۋە ھاكىمى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1992 - يىلى 11 - ئايدىن 1993 - يىلى 12 - ئايغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك باشقارمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1994 - يىلى 1 - ئايدىن ھازىرغىچە قاراقاش ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

يولداش ئابدۇكېرىم تۇردى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان 30 يىل مابەينىدە 1964 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئېچىلغان «ئالتىندە ياخشى» ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتنىشىپ شەرەپ مېدالىغا، 1987 - يىلى ئاپتونوم رايونى بويىچە يېزا ئېنېرگىيە، خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى دېگەن شەرەپلىك نامغا، 1988 - يىلى ئاپتونوم رايونى بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن

ئۇچىنچىدىن، داۋالاش تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىـ
رىنى تولۇقلاپ داۋالاش شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئەھـ
مىيەت بەرگەن.

تۆتىنچىدىن، ھەمكارلىشىپ داۋالاش تۈزۈمىنى يولغا
قويۇش، مۇستەھكەملەش ئاساسىدا نامراتدېھقانلار-
نىڭ ۋە بالىلارنىڭ داۋالىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلغان.

سادىق مۇسانىڭ داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش
ئىشلىرىدا ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى قارىقاش خەلقى
ھېلىغىچە ئېغىزدىن چۈشۈرمەي ياد ئېتىپ كەلمەكتە.

ئۇ 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پەن -
تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ كەتكەن.

## روزى مۇھەممەت ياسىن

روزى مۇھەممەت ياسىن 1949 - يىلى 8 - ئاي-
دا زاۋا يېزىسىنىڭ قۇمشېرىق كەنتىدە تۇغۇلغان.
1956 - يىلدىن 1963 - يىلى 7 - ئايغىچە باشلان-
غۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان.1976-
يىلى 12 - ئايغىچە مەھەللە بوغالتىرى، باشقۇرۇش
رايونىنىڭ ستاتىستىكىچىسى، باشقۇرۇش رايون مەس-
ئۇلى بولغان. 1980 - يىلى 4 - ئايغىچە زاۋا گۆڭـ
شې باشقۇرغان پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ باش-
لىقى، گۇڭشې پارتكوم تەشۋىقات كەنسىسى، 1984 -
يىلى 10 - ئايغىچە گۇڭشې باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ
مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ، سۇ ۋە ئورمانچىلىق ئىش-

## سادىق مۇسا

سادىق مۇسا 1942 - يىلى 6 - ئايدا ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1956 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك تېببىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ، بۇ مەكتەپنى 1959 - يىلى پۈتتۈرگەندىن كېيىن قارىقاش ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا تەقسىم قىلىنغان. ئۇ 1971 - يىلىغىچە ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا دوختۇر، كاۋاك، سايباغ يېزىلىرىدا دوختۇرخانا باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1971 - يىلدىن 1983 - يىلىغىچە قارىقاش ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان.

سادىق مۇسا قارىقاشتا ئىشلىگەن 20 نەچچە يىلدىن بېرى ناھىيىنىڭ ئەڭ يىراق يېزىلىرىغا بېرىپ، جاپالىق ئىشلەپ قارىقاشنىڭ سەھىيە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ بىرنەچچىدىن داۋالاش خادىملىرىنى تەربىيىلەش كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى چىڭ تۇتقان.

ئىككىنچىدىن، يېزا ئاساسىي قاتلام شىپاخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاپ، ئۆي، كارىۋات يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلغان.

1988 - يىلى 2 - ئايدىن 1990 - يىلى 10 - ئايغىچە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى رېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن.

1990 - يىلى 10 - ئايدىن 1992 - يىلى 10 - ئايغىچە قارىقاش ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە رېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن.

1992 - يىلى 10 - ئايدىن ھازىرغىچە سىياسىي كېڭەش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

تالىپ قاسىم خىزمەتكە قاتناشقاندىن بېرى ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ، «مەملىكەتنىڭ رېۋىزىيە سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى»، «ئاپتونوم رايون بويىچە رېۋىزىيە سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولۇپ، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە مۇكاپاتلانغان. ۋىلايەت ۋە ناھىيە دائىرىسىدە «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى»، «ئىلغار خىزمەتچى»، «ماائارىپنى قوللاش نەمۇنىچىسى» قاتارلىقناملار بىلەن ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە ۋە مۇكاپاتلىنىشىغا ئېرىشكەن.

تالىپ قاسىم يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدىكى «قارىقاش تارىخىي ماتېرىياللىرى» نى توپلاش، رەتلەش، تەھرىرلەش خىزمىتىگە كونكرېت رەھبەرلىك قىلىش خىزمىتى داۋامىدا ماتېرىياللارنى يىغە-

لەرنى باشقۇرغان. 1987 - يىلى 3 - ئايغىچە ئاقساراي ۋە زاۋا يېزىلىرىدا پارتكوم شۇجىسى بولغان. 1987 - يىلى 4 - ئايدىن ھازىرغىچە ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولۇپ، سۇ، ئېلېكتر، ئورمانچىلىق، يېزا - بازار كارخانىلىرى، يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش، يەر باشقۇرۇش، ئەرزىيەت خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىمەكتە.

## تالىپ قاسىم

تالىپ قاسىم 1942 - يىلى 3 - ئايدا پوچاقچى يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئوتتۇرا تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە. 1962 - يىلى 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتنىشىپ، 1977 - يىلى 4 - ئايغىچە قارىقاش ناھىيىسىنىڭ سابىق «خوجيەن» گۇڭشې ۋە سابىق «چيەنجىن» گۇڭشېلىرىدا باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، باش مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئىلمىي مۇدىر ۋە مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن.

1977 - يىلى 4 - ئايدىن 1988 - يىلى 2 - ئايغىچە قارىقاش ناھىيىسىنىڭ سابىق «خوجيەن» گۇڭشې ئىنقىلابىي ۋېيۈەنخۇيىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، «پوچاقچى» گۇڭشې پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋە «پوچاقچى» يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن.

كەز قىلىپ بىر تۇركۈم زاكسۇلارنى، ئۇجات تىوك ئىستانسىسىنى مەركەز قىلىپ بىر تۇركۈم كىچىك سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنى، ئاساراي باش غول ئۆستەڭنى مەركەز قىلىپ بەزى سۇغۇرۇش ئېرىق - ئۆستەڭلىرىنى رېمونت قىلىپ ياساپ چىقىشتا باشتىن ئاياغ تېخنىكىلىق رىياسەتچىلىك قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى.

1980 - يىللارنىڭ بېشىدا سۇ سىڭمە سلەشتۇرۇش ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنى ئىشلەپ سۇغۇرۇش تۇزۇمىنى ئىسلاھ قىلدى، ھەم كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتتى.

ئۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاساسەن پۈتۈن ناھىيىنىڭ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە سۇ ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، يېزىلاردا بىر تۈركۈم سۇ تەمىنلەش قۇرۇلۇشىنى ئىشلەشكە تېخنىكىلىق رىياسەتچىلىك قىلدى.

30 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە جاۋزۇڭفاڭ دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتى، ئەمگەك كادىرلار مىنىستىرلىكى ۋە دۆلەت ئىلىم مىللەتلەر ئىشلارى كومىتېتىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى. سەھىيە مىنىستىرلىكى، مەملىكەتلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى» دەپ نام بەردى.

ۋېلىش، تەھرىرلەش ئىشلىرىغا بىۋاسىتە قول تىـ
قىپ ئىشلەشتىن سىرت بەزى ماتېرىياللارنى ئۆزى قەلەم تەۋرىتىپ تەھرىرلەپ يېزىپ چىقتى. ماتېرىـ
يال مەنبەلىرىگە ئۆزى بېرىپ، تارىخىي پاكىتلارنى مۇقىملاپ، ماتېرىيالنىڭ چىن، راست بولۇشىغا ئالاھىدە كاپالەتلىك قىلدى.


«قارىقاش تارىخ ماتېرىياللىرى» غا پۈچەك ۋەقەلەرنىڭ كىرىپ قالماسلىقى، تارىخىي چىنلىقى كۈچلۈك بولغان ۋەقەلەرنىڭ چۈشۈپ قالماسلىقىنى قاتتىق تىزگىنلەپ، تۈنجى سان «قارىقاش تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ» يورۇقلۇققا چىقىشىغا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان.

**قارىقاش ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، سۇ ئىشلىرى ئىنژېنېرى جاۋزۇڭفاڭ**

جاۋزۇڭفاڭ 1937 ـ يىلى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ بادوڭ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1961 ـ يىلى ۋۇخەن شەھەرلىك سۇ، توك ئىشلىرى ئىنستىتۇتىنى پۈتـ
تۈرۈپ، قارىقاش ناھىيىسىگە كەلگەن. جاۋزۇڭفاڭ قارىقاشتا سۇ، توك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغىنىغا 34 يىل بولدى.

ئۇ 34 يىلدىن بۇيان سۇ، توك سىستېمىسىدىـ
كى خىزمەتلەر ئاساسىدا يېزا يەرلىرىنى كۆيخۇالاشـ
تۇرۇش، قارىقاش دەرياسىنىڭ باش زاكۇسىنى مەرـ

# قاراقاش ناھىيىسىنىڭ مەمۇرى خەرىتىسى



قاراقاش تارىخي ماتېرىياللىرى (1 توپلام)

墨玉县文史资料(第一辑)

墨玉县政协 编

喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷

787×1092毫米 32开本 8.6875印张

内部资料准印证第2553号